دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى 2007 - يىللىق
تەتقىقات تېمىسى 07XMZ037

ئەلى غوپۇر

# شىنجاڭدىكى ئابداللار ئۈستىدە تەتقىقات

# The Abdals in Xinjiang

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى 2007 - يىللىق
تەتقىقات تېمىسى 07XMZ037

ئەلى غوپۇر

# شىنجاڭدىكى ئابداللار ئۈستىدە تەتقىقات

# The Abdals in Xinjiang

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر يۈسۈپ**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئابدۇرېھىم ئابلىمىت**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **مۇھەممەتتۇرسۇن ئابلىمىت**

# شىنجاڭدىكى ئابداللار ئۈستىدە تەتقىقات

**ئاپتورى: ئەلى غوپۇر**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №666 پوچتا نومۇرى : 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 880mm × 1230mm 1 /32 باسما تاۋىقى: 10.25
2014 - يىلى 9 - ئاي 1- نەشرى
2016 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ISBN 978-7-5631-2763-4
باھاسى: 40.00 يۈەن

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

ئەلى غوپۇر، ئۇيغۇر، 1969 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدا تارىخ كەسپىدە ئوقۇغان. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا، 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن ھازىرغىچە مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ جەرياندا 2006 ـ يىلىدىن 2008 ـ يىلىغىچە دۆلەتنىڭ «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش» تۈرى بويىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا، داڭلىق تارىخشۇناس، پەخرىي ئاكادېمىك يۇ تەيشەن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىچكى ئاسىيا تەتقىقاتى كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 2013 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2014 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئالىي ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش» تۈرى بويىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا داڭلىق تارىخشۇناس، تەتقىقاتچى لى جىنشيۇ خانىمنىڭ

يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

ئاپتور 2005 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە دۆلەتنىڭ زور ھەجىملىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «چىڭ دەۋرىدىكى چاغاتايچە ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھىسى» دېگەن تۈرنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ «تارىخى ھەمىدىيە» نىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھىسىنى مۇستەقىل، «تەركىرەئىي ئەزىزان» نىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھىسىنى ھەمكارلىشىپ تاماملىغان. 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭدىكى ئابداللار ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېمىنى ئىشلىگەن. 2007 ـ يىلىدىن 2013 ـ يىلىغىچە يەنە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى» نىڭ ئاساسىي تەتقىقات تۈرى بولغان «قەشقەر تارىخى» (17 ـ ئەسىردە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر» بىلەن تۈركىيەلىك مۇھەممەت ئاتىف 1882 ـ يىلى يازغان «قەشقەر تارىخى») ۋە ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي يازغان «تۈركىستان قايغۇسى» قاتارلىق ئۈچ ۋەسىقىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە شەرھىسىنى، 2010 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلىغىچە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك تەتقىقاتى» نى ئىشلىگەن.

ئاپتور ھازىرغا قەدەر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئوتتۇرا جۇڭگو تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىمالىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى

قاتارلىق ئورۇنلاردا خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان يادرولۇق ژۇرناللاردا 10 پارچە، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ھەر خىل ئىلمىي ژۇرناللاردا 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئاپتور ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ قامۇسى» نىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى.

2014 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتور يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ «مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخس»، يەنى «تۆت كەسىپ بىر گەۋدىلەشكەن مۇتەخەسسىس» (文化名家暨“四个一批专家”) شەرىپىگە نائىل بولغان. 2015 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تارىخ كەسپى بويىچە تەتقىقاتچى كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

# كىرىش سۆز

قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان شىنجاڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ يىراق - يېقىن ئەللەر ۋە ساياھەتچى - كارۋانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن سېھىرلىك يۇرتلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇزاق ئەسىرلىك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئۆزئارا قوشۇلۇشى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە، تەسىرچانلىق ۋە سىڭىشىشچانلىققا ئىگە ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىت شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشقا سەۋەبچى بولغان بولسا، ئەنە شۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بولغان كۆپ خىل دىنلارمۇ دەل مۇشۇ رايوندا ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە بىر قىسىم دىنلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدا قالدۇرغان تەسىرى يەرلىكتىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىزنالىرىنى قالدۇرغانىدى.

شىنجاڭدىكى ئابىدالار دەل يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئالاھىدە بىر كىشىلەر توپى بولۇپ، ئۇيغۇر ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسى ئىچىدىكى

ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى (ئاساسلىقى خەتنىچىلىك ۋە تىلەمچىلىك) ۋە «ئەبجەش تىلى» بىلەن ئۆز قوشنىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر گۇرۇھ سۈپىتىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ رايونىمىزغا كەلگەن غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىدىن گىرېنارد، ئالبېرت فون لىكوك، پائۇل پېللىئوت، راكىۋېت، خىلدىن كارلو، ئاۋرېل ستەيىن، ماننېرخېيىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئالاھىدە كىشىلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ بۇ ساھەدە، بولۇپمۇ مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، شۇنداقلا «ئەبجەش تىلى» ئۈستىدە بىر قىسىم ئەمگەكلەر ئىشلەنگەندى.

پېقىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ 2007 ـ يىللىق «غەربىي رايون تەتقىقات تۈرى» پىلانى بويىچە مەزكۇر تېمىغا تۇتۇش قىلغاندىن كېيىن، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە[①]، بۇرۇنقى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزى يېتىپ بارالمىغان، ئەمما «ئابداللار

① 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە پېقىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 2004 ـ يىللىق تەتقىقات تۈرى پىلانى بويىچە، ئابداللار ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق شورباغ يېزىسىنىڭ خېنى كەنتى، لوپ ناھىيە بۇيا يېزىسىنىڭ تامئېغىل كەنتى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرىغا تەۋە شەيخلەر كەنتىدە بىر قېتىم مەزكۇر كىشىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىم.

ياشايدۇ» دەپ قارالغان يېزا ـ كەنتلەردىن كېرىيە ناھىيە موغال بازىرى باشقاچۇن كەنتى (بۇرۇنقى نامى بورىچى مەھەللىسى)، سىيەك يېزىسى قىغاز كەنتى، لوپ ناھىيە بۇيا يېزىسىنىڭ تامئېغىل كەنتى، خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق شورباغ يېزىسى خېنى كەنتى، يەكەن ناھىيە يار كوچىسى، مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازار ئەللىككەتمەن كەنتى، سېرىقبۇيا يېزا قىزاقلىق كەنتى (بۇرۇنقى نامى پايناپ مەھەللىسى)، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرى شەيخلەر كەنتى، يېڭىسار ناھىيە شەھەر يېزا لەڭگەر كەنتى قاتارلىق جايلاردا بىرقەدەر سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تارىخى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىگىلىك شەكلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ماتېرىيال توپلىدىم ھەمدە ئۆزۈم توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى 100 يىل ئاۋۋال چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر قالدۇرغان خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ 100 يىللىق تارىخىنىڭ ئاددىي كارتىنىسىنى سىزىپ چىقىش بىلەن بىللە، 100 يىل جەريانىدا، مەزكۇر كىشىلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «تىلى» نى ئېنىقلاشقا تىرىشتىم، شۇنداقلا خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدىم.

مەزكۇر كىشىلەر باشقا يەرلىك كىشىلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر بېكىنمە ھالەتتە، نۆۋەتتە كەلگەندە مەمۇرىي بۇيرۇقلارغىمۇ ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغان، ئەمەلىي تەكشۈرۈشكىمۇ ئاسان ماسلاشمايدىغان بولغاچقا، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدا ئاساسلىقى ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئۇلار بىرقەدەر ئىشىنىدىغان ھەم ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا

يېقىنلىشىپ①، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە قارىتا يۈزەكى شەكىللەنگەن گۇمان ۋە ئەنسىرەشلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي تېمىغا قايتىپ، بىر ـ بىرلەپ زىيارەت قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. بۇ ئۇسۇل دەرۋەقە بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مەزكۇر كىشىلەر ئۈستىدە بۇرۇن ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پىروفېسسورى شېرىپجان قاسىم، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، پىروفېسسور مۇتەللىپ سىدىق، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خادىمى ئابلەت ئاببا‌س، شۇنداقلا «خوتەن دىيالېكتى» ناملىق يىرىك ئەسەرنى ئىشلەش جەريانىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىك ھالدا مەزكۇر كىشىلەر توغرىسىدا ئەمگەك سىڭدۈرگەن داڭلىق تىلشۇناس، ئالىم مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇم، ئۇلارمۇ كۆپلىگەن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى.

پېقىر مەزكۇر تېمىنى ئىشلەش جەريانىدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى يۇ تەيشەن ئەپەندى، تەتقىقاتچى

---

① 2004 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىمۇ بۇ خىل ئۇسۇل ياخشى ئۈنۈم بەرگەنىدى. بۇ قېتىم بۇرۇن مەن تەكشۈرۈشكە بارغان جايلاردىكى كىشىلەر ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن خېلى ياخشى ماسلىشىپ بەردى.

لـى جىنـشيۇ خـانىم، تـارىخ ئىنـستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىـسى، فىرانـسۇز تىلـى مۇتەخەسسـىسى، تەتقىقـاتچى گىـڭ شـىيڭ ئەپەنـدى، مىلـلەت ۋە ئـانتروپولوگىيە ئىنـستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىـسى، دوكتـور ياسـىن ھوشـۇر ئەپەنـدى، بېيجىـڭ ئۇنىۋېرسـىتېتى شـەرق تىللىـرى فاكۇلتېتىنىـڭ مۇئـاۋىن مۇدىرى، پارىس تىلى دوكتورى، پىروفېسسور ۋاڭ يـدەن خـانىم، شـىنجاڭ پېـداگوگىكا ئۇنىۋېرسـىتېتىنىڭ مۇئـاۋىن مـۇدىرى، پىروفېسـسور نيـۇ رۇجـى ئەپەنـدى، شـىنجاڭ پېـداگوگىكا ئۇنىۋېرسـىتېتى تـارىخ ۋە مىللەتـشۇناسلىق ئىنـستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى، شـىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پىروفېسـسور ئىمىـن ئەخمـەدى ئەپەنـدى، جۇڭـشەن ئۇنىۋېرسـىتېتى ئـانتروپولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور ۋاڭ جيەنشىـن ئەپەنـدى قاتارلىق كۆپلىگەن كەسىپداشلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىـرىگە ئېرىشتىم. مۇشـۇ مۇناسـىۋەت بىلەن ئۇلارغـا كـۆپتىن ـ كـۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

مەزكۇر كىشىلەر ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا، بۇرۇن ئىـشلەنگەن ئەمگەكلەرنىـڭ ئـاز بولۇشـى، بولۇپمـۇ بـۇرۇنقى ئەمگەكـلەر ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئەبجەش» تىلىغا قارىتا ئېلىـپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەركەزلىـشىپ قالغـان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىـسىدا سىـستېمىلىق تەتقىقات ئېلىـپ بېرىـشتا بـۇرۇنقى پـارچە ـ پـۇرات خـاتىرىلەر، كىشىلەر ئاغزىدا تارقىلىـپ يـۈرگەن رىـۋايەتلەردىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى مەزكۇر كىشىلەر ئۇستىدە ئەتراپلىق دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغاچقا، مەن بـۇ خىزمەت جەريانىدا كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى، شائىر ئابدۇرېشىت مۇساجان ئەپەندى، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى ئالىمجان ئەزىز، خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى مەمەت نەبى ئوبۇلقاسىم، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ئايگۈل ئابلا، خوتەن ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ خادىمى جۈرئەت ئابدۇرېھىم، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئەخەت سايىت، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى غالىپ سىيىت، يېڭىسار ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى قەيسەر داۋۇت، يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئابابەكرى تۇيغۇن، يېڭىسار ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى ئابدۇكېرىم يۇسۇپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مېنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن خالىس ياردىمىگە ئېرىشتىم. مەن ئۇلارنىڭ ياردەملىرىگىمۇ چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرى شەيخلەر كەنتى مەزكۇر كىشىلەر ئەڭ مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، شۇنداقلا مېنىڭ نۇقتىلىق تەكشۈرىدىغان ئوبيېكتلىرىمدىن بىرى بولغاچقا، تەكشۈرۈش جەريانىدا خانئېرىق بازار مىللەت ۋە دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى مەمەت داۋۇت (ئەسلى شەيخلىق)، شەيخىل كەنتىنىڭ مۇدىرى ئەنۋەرجان مەمەت (مەمەت داۋۇتنىڭ ئوغلى)، يۇسۇپجان مەمەت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن ياردىمىگە ئېرىشتىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغىمۇ كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

دۆلەت ئىچىدە ئابداللارغا بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات

ئەسەرلىرىنىڭ بولماسلىقى، مەزكۇر تېما ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارمۇ ئاساسلىقى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە پارچە ماقالىدىنلا ئىبارەت بولۇشى سەۋەبىدىن، مەن چەت ئەل تىلىدىكى بىر قىسىم مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. گەرچە پېقىر تۈرك تىلىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايدىغان بولسامۇ، بىراق مەزمۇنىنىڭ توغرا ۋە ئىلمىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈرك تىلىدىكى ماتېرىياللارنى مەرھۇم تۇرسۇنئاي ساقىم خانىم (مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا بىر قىسىم ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلدۇرغانىدىم) تەرجىمە قىلىپ بەردى. گېرمان تىلىدىكى ماتېرىياللارنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى دوكتور ئابلىكىم ئابدۇرېشىت تەرجىمە قىلدى. ئىنگلىز تىلىدىكى ماتېرىياللارنى پېقىر بىۋاسىتە ئىشلەتتىم.

ئابداللارنىڭ ئۆزاق مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىك تۇرمۇشى كىشىلەرگە بىر خىل سىرلىق تۇس بەرگەنلىكتىن، مەزكۇر تەتقىقاتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئابداللارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئىلمىي ساھەسىدىكىلەرگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. ئىقتىدارىم ۋە ۋاقىت چەكلىك بولغانلىقتىن تەتقىقاتىمدا بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر پېقىرنىڭ تەتقىقاتى مەزكۇر ساھەگە قىزىقىدىغان كىشىلەرگە مۇناسىپ نەپ بېرەلىسە ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدە ئۆزىنىدىن بۇيان بىلىشنى ئارزۇ قىلغان سوئاللىرىنى قانائەتلەندۈرەلىسە مېنىڭ مۇددىئايىم ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە، مەيلى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ مەزكۇر تېما ئۈستىدىكى خاتىرىلىرى ياكى بىر قىسىم غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدە بولسۇن، شىنجاڭ رايونىنى سىياسىي مۇددىئا بىلەن ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيەلىك نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان»، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى بولسا «تۈرك» دەپ ئاتاشتەك خاھىشلار مەۋجۇت. پېقىر مەزكۇر تېمىدا ئەسەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش ۋە ئوقۇم خاتالىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن بىر قىسىم جايلاردا يەنىلا ئەسلىي مەنبەگە سادىق بولۇشنى لايىق تاپتىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئىلمىي مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، مەزكۇر تېمىنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن فوندىغا، مېنىڭ خىزمىتىمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن پىلان ئىشخانىسىغا ھەمدە ھەر جەھەتتىن مېنى ياخشى خىزمەت شارائىتىغا ئىگە قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن!

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب  ئابداللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى............1
§1. ئابداللارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى............ 1
§2. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئابداللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ..........................8
1. چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالى..........9
2. دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى............33

ئىككىنچى باب  ئابداللارنىڭ كېلىش مەنبەسى............43
§1. ئابداللارنىڭ نامى...........................43
§2. ئابداللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى......65
1. ئابداللارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار...................65
2. ئابداللار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۇنىڭ تارىخىي چىنلىقى مەسىلىسى.........................76
3. ئېفتالىتلار ۋە ئابداللار.......................87
4. ئابداللار ۋە سىگانلار........................100
5. ئابداللار ۋە دەرۋىشلەر......................108

ئۈچىنچى باب  ئابداللارنىڭ «تىلى»..................135
§1. ئابداللارنىڭ «تىل» ئالاھىدىلىكى...........136
1. ئابدال «تىلى» نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار..................136

2. ئابدال «تىلى» غا تەسىر كۆرسەتكەن تىل تەركىبلىرى........................149

تۆتىنچى باب ئابداللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى..........161
§1. تىلەمچىلىك ۋە خەتنىچىلىك..........162
§2. ئابداللارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى..........182
§3. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقىلار..........185

بەشىنچى باب ئابداللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى..........................192
§1. ئابداللارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى..........195
1. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى.................198
2. توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى.................200
3. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادىتى.................208
4. كىيىنىش ئادىتى.................212
§2. ئابداللارنىڭ مەدەنىيىتى.................216
1. مەدەنىيەت مائارىپ.................218
2. ئابداللارغا دائىر شېئىر ـ قوشاقلار ۋە رىۋايەتلەر...220

ئابداللارنىڭ «تىلى» دىكى ھەل بولمىغان سۆزلۈكلەر......227
خاتىمە.........................229
پايدىلانغان ماتېرىياللار.........................303

# بىرىنچى باب ئابداللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## §1. ئابداللارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى

شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار چوڭ ئائىلىسىدە بىر قىسىم ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى بويىچە ياشاپ كېلىۋاتقان ئابداللار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ خانئېرىق بازىرى شەيخىل كەنتى، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ شەھەر يېزا پاۋانئېرىق كەنتى، يەكەن ناھىيە بازىرى، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرى قىزاغلىق مەھەللىسى (بۇرۇنقى پايناپ مەھەللىسى)، ئاۋات بازىرى ئەللىككەتمەن كەنتى، خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسى، لوپ ناھىيە بۇيا يېزا تامئېغىل كەنتى، كېرىيە ناھىيە موغال بازىرى باشقاچۇن كەنتى، سىيەك يېزىسى قىغاز كەنتى قاتارلىق جايلاردا بىرقەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، پەيزاۋات، قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش، ئاۋات ناھىيەسى، كۇچا، باي، ئۇرۇمچى، مىچۇەن، بورتالا قاتارلىق جايلاردىمۇ نەچچە ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئومۇمىي نوپۇسى كېرىيەدە 770، بۇيا يېزىسى تامئېغىل كەنتىدە 1780، شورباغدا 380، مارالبېشىدا 1020، خانئېرىق بازىرى شەيخىل كەنتىدە 2038 بولۇپ[1]، تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي نوپۇسى 6000 — 7000

① بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى 2007-يىلى 10-ئايدا، مەزكۇر كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلەنگەن ماتېرىيال بولۇپ، ئەمما بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدىكى «ئابدال»لىق ھالىتىدە ياشاۋاتقانلار ئىنتايىن ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. كۆپىنچىسى ئولتۇراق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت.

ئەتراپىدا. ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ھەممىسى دېگۇدەك مەلۇم بىر يۇرتنىڭ ئەڭ چەت ـ ياقا جايلىرىدا ئاساسەن بىردىن مازارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئولتۇراقلاشقان.

تۆۋەندە ئابداللار بىرقەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلار ۋە مەزكۇر جايلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى ۋە ئۇلار ئۈستىدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتلارغا قاراپ باقايلى:

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى خانئېرىق بازىرى شەيخىل كەنتى (بۇرۇنقى نامى پايناپ) دە شىنجاڭ ئابداللىرى ئەڭ مەركەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ جاي ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادىتىنى تاشلىماي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا شىنجاڭ ئابداللىرى ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان جاي ھېسابلىنىدۇ.

خانئېرىق بازىرى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان، يەر شەكلى جەھەتتىن غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قىيسايغان، قەشقەر ـ يوپۇرغا تاشيولى بۇ بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شىمالدا تاغارچى يېزىسى بىلەن، شەرقتە يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ يەكشەنبەبازار يېزىسى، جەنۇبتا قومۇشلۇق يېزىسى بىلەن، غەربتە يارلىق يېزىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. مەزكۇر بازارنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 6.2 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 71.3 كۋادرات كىلومېتىر، جەمئىي 23 كەنت بار. مەزكۇر بازارنىڭ شەرقىي شىمالدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا ھازىر «شەيخىل كەنتى» دەپ ئاتالغان بىر كەنت بار، ئابداللار دەل مۇشۇ كەنتتە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرى بۇ

جاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ ئاقىدىغان بىر دەريا بولغان. لېكىن ئىككى قاسنىقىدىكى زېمىن ئېگىز بولۇپ، «پايناپ» قا سۇ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، خان غوجام (سەئىد ئەلى ئارسلانخان) ئۇلارغا باش تەرەپتىن بىر ئېرىق سۇ ئايرىپ بەرگەن. «پايناپ» شۇ سۇنىڭ ئاخىرىدا بولغاچقا «پايى ئاب» (سۇغا ئاياغ، سۇنىڭ ئايىغى) دەپ ئاتالغان. مۇشۇ ئېرىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ياقىلىرىدىكى يۇرتلار «خانلىق ئېرىق» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىسىم بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قوللىنىلماقتا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسلىدىكى چوڭ دەريانىڭ سۈيى كېيىنچە تۆۋەنلەپ، پەسىللىك ئۆستەڭگە ئايلىنىپ، كېيىن بارا - بارا توسۇپ پايدىلانغىلى بولىدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان. ھەتتا دەريا ئېقىنىدا شال ئېتىزلىرى بەرپا قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن دەريا پۈتۈنلەي تىنىپ كېتىپ، ئاز-پاز ئىزناسىلا قېپقالغان. لېكىن دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە ناھايىتى قويۇق تەبىئىي توغراق ۋە يۇلغۇنلار ئۆسكەن بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە ساقلىنىپ، كېيىن، بارا- بارا كېسىلىپ تۈگىگەن. ھازىر يەرلىكلەرنىڭ ئەسلىي دەريا ئورنىدا كۆرستىپ بېرەلەيدىغىنى كىچىك بىر ئېرىق بىلەن ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلاردىن ئىبارەت.

«پايناپ» ھازىر ئايرىم كەنتلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەسلىدىكى دەريانىڭ ئىزىدا يېڭى ئېلىنغان ئېرىق بولۇپ، ئۇ «پايناپ ئېرىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېرىقنىڭ يۇقىرى جەنۇب تەرىپى «يۇقىرىقى پايناپ»، ئوتتۇرا جەنۇب تەرىپى «ئارا پايناپ» ياكى «ياغاچچى پايىنپى» (بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچچى)، ئېرىقنىڭ ئاخىرقى قىسمى «چوڭ پايناپ» ياكى «تۆۋەنكى پايناپ» دېيىلىدۇ (بۇلارمۇ ئاساسەن ئېرىقنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان). بۇ ئۈچ پايناپتىكى خەلق

دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقا يۇرت - مەھەللىلەردىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى يوق. ئەمما، ئېرىقنىڭ شىمال تەرىپى «شەيخلەر پايىنىپى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇچ پايناپتىن ئورۇن جەھەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كەنتتە ئولتۇراقلاشقانلارمۇ پەرقلىق ھالدا «شەيخلەر» دەپ ئاتىلىدۇ[①]. بىز ئادەتتە تىلغا ئالىدىغان پايناپلىق ئابداللار دەل مۇشۇ «شەيخىل كەنتى» دىكى كىشىلەردۇر.

«پايناپ» سۆزى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: «بىرىنچى، يۇقىرى ئېقىن، سۇنىڭ بېشى؛ ئىككىنچى، سۇ تەستە چىقىدىغان، سۇغا قىيىق»[②] دەپ ئىزاھلانغان.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «پايناپ» سۆزى «پايى ئاب» سۆزىدىن ئەمەس، بەلكى «پايان ئاب» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن «سۇ چىقمايدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ياسالما سۆز بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا پارس تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

مارالبېشى ناھىيە سىرىقبۇيا بازىرىغا قاراشلىق پايناپ مەھەللىسى (ھازىرقى نامى قىزاغلىق مەھەللىسى) نىڭ نامىمۇ دەل مۇشۇ خانئېرىق بازىرىدىكى پايناپ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، مەزكۇر مەھەللىمۇ شىنجاڭ ئابداللىرى ئىچىدە خەتنىچىلىك ۋە تىلەمچىلىكتىن ئىبارەت ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادىتىنى بىرقەدەر

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «پايناپ، شەيخلەر ۋە شەيخلەر تىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە 4 - سان، 78 - بەت.

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 184 - بەت.

مۇكەممەل ساقلاپ قالغان جايلارنىڭ بىرى بولۇشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ خانىقاھلىرىدىن كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت (بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، مەزكۇر جايدىكى ئابداللار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ خانىقاھلىرىدىن بۇ يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى) تارىخىي پاكىتلاردىن باشقا يەنە، بۇ ئىككى يۇرت ئارىسىدىكى قويۇق قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت بىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

گىۋۇز (خېنى) كەنتى: گىۋۇز (خېنى) كەنتى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق شورباغ يېزىسىدىكى بىر كەنت بولۇپ، شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

يەرلىكلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «گىۋۇز» سۆزىنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «گىربوز» بولۇپ، «يىڭى ئېچىلغان بوز يەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ سۆزنىڭ زادى قايسى تىلغا مەنسۇپلۇقى نامەلۇم. كېيىن ئۇ «تىلەمچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ، باشقىلار بۇلارنى «گىۋۇزلۇق» دەپ ئاتىسا بىر خىل كەمسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرگەن. ھازىرمۇ باشقا كىشىلەردىن گىۋۇزغا قانداق بارىدۇ؟ دەپ سورالسا، قارشى تەرەپ بىر خىل مەنسىتمەسلىك كۈلكىسى بىلەن يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گىۋۇزنىڭ ھازىر قوللىنىلىۋاتقان نامى بولغان «خېنى» سۆزى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا «خانلىق يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ يەردىكى ئابداللارمۇ خۇددى خانىقاھتىكى ئابداللارغا ئوخشاش بىر مازارنى چۆرىدەپ ئولتۇراقلاشقان.

مەزكۇر كەنتتىكىلەرنىڭ «خېنى» سۆزى توغرىسىدىكى

ئىزاھاتىنى رەسمىي تارىخنامىلەردىكى بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، مەزكۇر كەنتنىڭ نامى بولغان «خېنى»نىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يەر تۈزۈمى بولغان «خېنى يەر» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ.

خېنى يەرلەر ـ بۇ ئاساسەن قاراخانىيلار باشقا رايونلارنى بويسۇندۇرغاندا مۇسادىرە قىلغان دۈشمەن تەرەپنىڭ خانلىق يەرلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىرى ھەمدە ئۆز دۆلىتىدىكى خۇسۇسلارغا تەۋە بولمىغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[①].

قاراخانىيلار خانلىقى ئۇدۇن خانلىقىنى بويسۇندۇرغاندا، مەزكۇر يەرلەر ئۇدۇن خانلىقىدىن مۇسادىرە قىلىنغان يەر سۈپىتىدە، بۇ قېتىمقى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر قىسىم ئەسكەرلەرگە سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن يەر بولۇشى، كېيىن يەنە ئەسىرلەر داۋامىدا، بۇ زېمىن، خانلىقتىن بۆلۈپ بېرىلگەن يەر سۈپىتىدە قاراخانىيلارنىڭ يەر تۈزۈمى نامى بىلەن ئاتىلىپ «خېنى يەر» دېگەن نامنى ساقلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەزكۇر كەنت خوتەن ئابداللىرى ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، لوپ ناھىيەسىدىكى تامئېغىل، كېرىيە ناھىيەسىدىكى قاچۇن ۋە قىغاز، شۇنداقلا خوتەن بوستانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئابداللارنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مۇشۇ جايدىن تارقالغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ.

**تامئېغىل:** لوپ ناھىيە بويىچە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 184 ـ بەت.

جايىنىڭ شىمالىدىن 2.25 كىلومېتىر جايىدىكى زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت قوشۇلۇپ تامئېغىل ئۆچاستىكىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

«تامئېغىل» نامىنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرىنچى، بۇ يەر ئەسلىي جاڭگاللىق بولۇپ، كىشىلەر چارۋا مال بېقىش جەريانىدا بۇ يەرگە تام (خوتەنلىكلەر توپىدىن سوقۇلغان تاملارنى «تام» دەپ ئاتايدۇ) سوقۇپ ئېغىل ئەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت «تامئېغىل» دەپ ئاتالغان[1]. ئىككىنچى خىل قاراش بولسا، تامئېغىللىق ئۇقۇمۇشلۇق دېھقان ھەسەيىن ھەسەننىڭ رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىپ بېرىشىچە (بۇ رىۋايەتلەرنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز)، «تامئېغىل» ئەسلىي «تامغا» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە مەغلۇپ بولۇپ، يۈزلىرىگە تامغا بېسىلىپ مەزكۇر جايغا تارقاقلاشتۇرۇلغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يۇرت كىشىلىرى «يۈزىدە تامغىسى بار كىشىلەر» دېگەن مەنىدە «تامغىلىقلار» دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىن ئېغىز تىلىدا ئېيتىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن «تامغىل» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ ئېغىز تىلىدا بۇ يۇرت كىشىلىرى باشقا يۇرتلۇقلار تەرىپىدىن «تامغىلىقلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ كەنتمۇ ئابداللار ئەڭ مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى.

[1] «لوپ ناھىيەسى تەزكىرىسى»، 1986-يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 69-بەت. لوپ ناھىيە تەزكىرە كومىتېتى باستۇرغان.

## §2. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئابداللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ئابداللار توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، ئىنسانشۇناس ۋە تىلشۇناسلار بىر قىسىم تەكشۈرۈش ھەم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئاساسەن ئابداللار ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن بىر قىسىم رىۋايەت، ئاددىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ «ئەبجەش تىلى» غا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشىنى بىر قىسىم كىشىلەر تارىختىكى يوقالغان قوۋم ئېفتالىتلارغا باغلىسا، زور كۆپچىلىكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلىرگە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى غەربىي جەنۇبى ئاسىيا كۆچمەنلىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ھەتتا بەزىلەر ئۇلارنى سىگانلار بىلەن بىر خەلق بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ قارىغان. ئابداللارنىڭ ئاتالمىش «تىلى» مەسىلىسىدە كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى ئاساسەن بىردەك بولۇپ، مۇستەقىل ھالەتتىكى تىل بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان، ئەمما لېكسىكىسىدا نۇرغۇن پارس تىلى ۋە باشقا تىللارنىڭ لۇغەت تەركىبى كۆپلەپ كۆرۈلىدىغان، گىراماتىكىلىق جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇتلەق ئوخشاش بولغان «ئەبجەش تىل» دەپ قارىغان.

تۆۋەندە بىز ئابداللار ئۈستىدىكى خاتىرىلەر ۋە تەتقىقاتلارنى ئۇلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە

تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

### 1. چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالى

ئابداللار ــ ئۇيغۇر ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي توپ بولۇش سۈپىتى بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغانىدى.

گىرېنارد (F. Grenard) تۇنجى بولۇپ ئابداللار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئۇ 1893 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدە كېرىيە ئەتراپىدا 50 تىن ئارتۇق، چەرچەندە بولسا 7 ـ 8 چە ئابدال ئائىلىسى بىلەن ئۇچراشقان ھەم ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ئۇلار توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. گىرېناردنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئۆز قوشنىلىرى بولغان تۈركلەردىن[①] كۆپ پەرقلىق بولمىغان، ئەمما باشقىلار ئاسانلىقچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان كۆپرەك پارس تىلىغا تايانغان بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان بۇ خەلق گۇرۇپپىسى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئابدال» دەپ ئاتالسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى «ھەينۇ» («ئەينۇ») دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىغان. قوللىرىدا ھېچقانداق يەر ـ زېمىن بولمىغان بۇ ئادەملەر ھۈنەر ـ كەسىپ ساھەسىدە كۆپرەك قومۇشتىن بورا توقۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تەخمىنەن ئوتتۇز يىللارنىڭ ئالدىدا[②] ئۇلار ئالىقانچىلىكمۇ يەرگە ئىگە بولالمىغانىكەن. يەر ـ مۈلكى بار بولغانلار ئاساسەن ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدا ياللانما ئەسكەر بولۇپ

---

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تۈرك» يەرلىك ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

② گىرېنارد تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

بولـۇپ ئـﯩـشلـﯩـگەنلـﯩكى ئۈچـۈن كـﯩچـﯩككـﯩـنە يەرگە ئـﯩـگە بولغـانـﯩكەن. گەرچە ئـۇلار ئـۆزلـﯩرىنى مۇسـۇلمان دەپ ئاتـﯩغـان ھەم شۇنداق چۈشەندۈرسـﯩمۇ، شۇ يەرنـﯩڭ قانۇنى ۋە قازىلـﯩرىنى ئـﯩبتـﯩـراپ قـﯩلغـان بولـسـﯩمۇ، يەنە شـۇنداقلا بـالـﯩلـﯩرىنى شـۇ يەرلەردىكى مەكتەپلەرگە بەرگەن بولسـﯩمۇ، لـﯩكـﯩن ئۇلار شەرقىي تۈركـﯩستانلـﯩقلار بـﯩلەن بـﯩـر نـاننى تەڭ تالـﯩـشـﯩپ يـﯩيـﯩـشـﯩنى، قـﯩزلـﯩرىنى ئۇلارغا ياتلـﯩق قـﯩلـﯩشـﯩنى خالـﯩمايدىكەن. ئۇلارنـﯩڭ گـﯩرېنـاردقـا ئـﯩيتـﯩـشـﯩچە، ئابـداللارنـﯩڭ كۆپـﯩنچـﯩـسى ئـﯩمـام ھەسـەن ۋە ئـﯩمـام ھۈسـەيـﯩنگە زىيانكەشـلـﯩك قـﯩلغۇچـﯩلارنـﯩڭ ئەگەشـكۈچـﯩلـﯩرى بولغـانلـﯩقى ئۈچـۈن، ئەينـى زامانـدا خـۇددى يەھۇدىيلارغا ئوخـشاش، تەرەپ - تەرەپكە سـۈرگۈن قـﯩلـﯩنغـان دەپ باشـقـﯩلار تەرىپـﯩـدىن ئەيـﯩبلـﯩنەتـﯩـتـﯩكەن. دەسـلەپتە گـﯩرېنارد مۇ ئۇلارنى لـۇلى سـﯩگانلار (Luli - Zigeuner) نـﯩڭ بـۇ يەردە ئولتۇراقلـﯩشـﯩپ قالغان بـﯩر تـارمـﯩقى بولـسا كېـرەك دەپ قارىغان[1].

گـﯩرېنـارد ئۇلارنـﯩڭ تـﯩلـﯩـدا لـۇلى سـﯩگانلـﯩرىدىن قوبـۇل قـﯩلغان بـﯩر قـﯩسـﯩم سۆزلۈكلەرنـﯩڭ مەۋجۇتلۇقـﯩنى قەيت قـﯩلـﯩپ ئۆتـﯩدۇ. ئەمـا، ئـۇ ئارقـﯩـدىنلا يەنە ئابـدال تـﯩلـى بـﯩـلەن لـۇلى سـﯩگانلارنـﯩڭ تـﯩلى ئوتتۇرىسـﯩدا يالغۇز لېكسـﯩكـﯩدىن باشـقا يەنە سـﯩنتاكـسـﯩس ۋە ئـۆرپ - ئـادەت، ئەنـئەنە، شـۇنداقلا تۇرمـۇش ئۇسۇلى قاتارلـﯩق جەھەتلەردىمۇ نۇرغـۇن پەرقلەرنـﯩڭ بـارلـﯩقـﯩنى قـﯩستۇرۇپ ئۆتـﯩدۇ.

گەرچە پـاكـﯩتلار يېتەرلـﯩك بولمـﯩغـان ھەم شـۇنداق غـۇۋا بولغـان ئەھـۋال ئاسـتـﯩدىمۇ، گـﯩرېنـارد يەنـﯩـلا ئابـداللارنـﯩڭ كېلـﯩپچـﯩقـﯩشـﯩنى ئۇلارنـﯩڭ ئۆتمۈشـﯩگە بـاغلاپ چۈشەندۈرۈشـﯩنى

---

[1] F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet*. Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

تــوغرا تاپــدۇ. يەنــى ئــۇ ئابــداللارنى شــىنجاڭدىكى ئىــسلام ئاۋانگارتلىرىدىن بولغـان پـارس شـىئەلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇشـى كېـرەك، ئــۇلار مىلادىــيە 8 ـ ئەســىردە بەزىلىــرى مەجبــۇرىي، بەزىلىرى ئۆزلىرى خالاپ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان بولغان، ئــۇلار ســۈننىيلەرنىڭ مۇســتەبىت ھۆكـۈمرانلىقىنىــڭ بېــسىمى ئاستىدا ئەسلىدىكى ئېتىقـادلىرىنى تەسـەۋۋۇفقا تايانغـان ھالـدا يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۆزلىرىنىـڭ دېگەنلىـرىگە قارىغانـدا، ئابداللارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدىن بولـۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىمـام مـۇھەممەد غەززالىنىــڭ بىر قوشۇنى بىلەن شـەرقىي تۈركىـستانغا كېلىـپ قالغـان. بـۇ يەردە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشقاندا بىر قىـسمى شـېھىت كەتـكەن، قالغانلىرى بولـسا قەشـقەر ئەتراپىـدا يەرلىـشىپ قالغـان[1]، دەپ قارايدۇ.

پائۇل پېللىئـوت (Paul Pelliot)، گىرېنـاردتىن كېيىنكـى ئابداللار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىـپ بارغـان ۋەكىللىـك كىـشى بولــۇپ، ئــۇ 1906 ـ يىلىــدىكى ئوتتــۇرا ئاســىيا ســاياھىتى جەريانىدا توپلىغان ماتېرىيـاللىرى ئاساسـىدا يېزىـپ تامـاملاپ، «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىــڭ 1907 ـ يىلىـدىكى 9 ـ سـانىدا ئېـلان قىلغان «پايناپتىكى ئابداللار» دېگەن ماقالىـسىدە قەشـقەردىكى ئابداللار ھەققىدە بىر قىسىم قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان.

پېللىئوت قەشقەر ئەتراپىدا ئابداللار توغرىسىدا ئىزدىنىـپ يۈرگىنىـدە، تۈركلەر (ئۇيغۇرلار ـــ ئاپتوردىن) بىــلەن ئارىلىــشىپ ئولتۇراقلاشقان ئابداللارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. پېللىئوت بــۇ ئابــداللار ئۈســتىدە توختىلىــپ مۇنــداق يازىــدۇ: «قەشــقەر رايونىدىكى تۈركلەرنىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، ئابداللار ئۆزلىرىگە

[1] F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet*. Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

ئوخشاش بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر مۇسۇلمان ئاممىسىدىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئەكسىچە ئۇستىگە ئۇزۇن ئاق چاپان كىيىۋېلىپ، بېشىغا يوغان قارا سەللە يۆگىۋېلىپ شەھەرمۇشەھەر ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەر (تىلەمچى، دەرۋىش) كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ». پېللىئوت ماقالىسىدا يەنە «ئابدال» دېگەن سۆز ئەرەبچە ۋە ئوسمان تۈركچىسىدە «قەلەندەر»، «تىلەمچى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ[1] دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

پېللىئوت «ئابدال» دېگەن ئاتالغۇنىڭ گىرىناردنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن باشقا ئايرىم بىر مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى بار دەپ قارايدۇ. پېللىئوت قەشقەرگە يېقىن بولغان پايناپتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا كېرىيە ۋە چەرچەندىكى ئابداللارنىڭ ئەكسىچە بۇ يەردىكى 400 گە يېقىن ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئابداللارنىڭ تۈرك قوشنىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى، ئۆزئارا نىكاھلىنىدىغانلىقى، تۈركلەرگە ئوخشاش كىيىنىدىغانلىقى، ئۇلارغا ئوخشاش دېھقانچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، قەشقەردىكى ئابداللارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جاھان كېزىش جەريانىدا تېخى بەزى قىرغىزچە، قىپچاقچە ھەتتا ھىندىچە سۆزلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

پېللىئوتنىڭ بايانلىرى ئىچىدىكى تۆۋەندىكى نۇقتىلارمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، پېللىئوت مۇنداق يازىدۇ: «تۈركلەر بۇ ئابداللارنى كەمسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە

[1] Paul Pelliot: *Les Abdal de Païnap*, in: *Journal Asiatique*, Dixième Série. Tome Ⅸ. Paris 1907, pp115-139.

ئۇلاردا ئالاھىدە بىر سىرلىق كۈچ بار دەپ قاراپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا «خۇراپىيلارچە»ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن... ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇقۇمۇشلۇقلىرىنىڭ ئەرەبچە بىلىمى شۇ رايوندىكى تۈرك مولللىلارنىڭكىدىن ياخشىراق ئىكەن. ئابداللارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدە ئىشلىتىدىغان ئالاھىدە سۆزلىرى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چەكلىمىگە ئۇچراپ ئەمدى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا ئېنىق بىر چۈشەنچە ۋە ئەنئەنىمۇ يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار بۇرۇن پارسچە يېزىلغان كىتابلارغا بەكرەك چوقۇناتتىكەن، لېكىن ياقۇپبەگ دەۋرىگە كەلگەندە بۇنداق ئىش تاشلىنىپ قاپتىمىش. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردە ئوقۇغان موللىلاردىن باشقا ھېچقايسىسى پارسچە ئوقۇيالمايدىكەن»[1].

پېللىئوتنىڭ ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشى بىلەن گىرېناردنىڭ كىرىيە ۋە چەرچەندىكى ئابداللار توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىدا ئۆزئارا پەرق بار. پايناپتىكى ئابداللارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى دارۋېت (Darvet)[2] دېگەن يەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ جان سانى ئاز ئىمىش، پايناپقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، 1906 ـ يىلىغا كەلگەندە تەخمىنەن 400 دەك ئائىلە بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ

---

① Paul Pelliot: *Les Abdal de Païnap*, in: *Journal Asiatique*, Dixième Série. Tome IX. Paris 1907, pp115-139.

② دارۋېت دېگەن بۇ نام درباند (Darband) غا يېقىن كېلىدۇ. بۇ نام بىلەن ماسلىشىدىغان يەر نامىدىن جەمئىي ئالتىسى بار (ئۈچى ئىراندا، ئىككىسى پاكىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا، بىر ئىراقتا). بۇ يەرنىڭ زادى قەيەر ئىكەنلىكى تېخى ئېنىقلانمىدى. بۇنىڭ غەربىي پاكىستاندا بولۇش ئېھتىماللىقى بىرئاز چوڭ (ئەگەر غەربىي پاكىستاندا دېيىلسە مېنىڭچە بىرەر گۇمان تۇغۇلماس).

ئەنئەنىسى (ئادىتى) بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپچىقىشىنى ئۇلۇغ خاسىيەتلىك زات غوجا ئوغۇل پەتتالى غازى (ئوبۇل پەتتالى غازى بولۇشى كېرەك ــ ئاپتور) نىڭ پايناپىقا دەپنە قىلىنغان تۇت نەپەر ئەگەشكۈچىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

پېلليئوت باشقا رايوندىكى ئابداللار ھەققىدە ئارتۇقچە مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغان. پەقەتلا تازغۇندا بەش ئابدال ئائىلىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ ئۆتكەن. پېلليئوتمۇ ئابداللارنىڭ ئۆزلىرىنى «ھەينۇ» (Heinou)، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا «غىلامان» (Gilaman) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، تىلىدىكى ئۆيغۇرچە بولمىغان تەركىبلەرنىڭ پارسچىدىن كەلگەنلىكىگە ئىشەنگەن. پېلليئوتنىڭ قارىشىچە، پايناپتىكى ئابداللارنىڭ دىيالېكتى بىلەن كېرىيەدىكى ئابداللارنىڭ دىيالېكتى روشەن پەرقلىنىدىكەن. پېلليئوت يەنە ئۆز ماقالىسىدە پايناپتىكى ئابداللارنىڭ سۆزلۈكلىرى بىلەن گىرېنارد تەييارلىغان سۆزلۈكلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشىمىغان جايلاردىكى ئابداللارنىڭ تىل پەرقىنى ئېنىقلاشقا تىرىشقان.

ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدىكى سوئاللارغا دۇچ كەلگەندە، پېلليئوتمۇ گىرېناردقا ئوخشاش، قەشقەر رايونىغا ئىسلامىيەتنى ئالدى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ شىئەلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپرەك تىلغا ئالىدۇ.

ئالبېرت فون لېكوك (Albert von Le Coq)، گىرېنارد بىلەن پېلليئوتتىن كېيىن ئابداللارغا دائىر كەڭ دائىرىلىك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1906 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسىدىن قايتىش سەپىرىدە خوتەنگە كەلگەن. جۇڭگونىڭ غەربىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇ شەھەر يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. لېكوك بىر زامانلاردا

ۋېنىتسىيەلىك سەيياھ ماركو پولومو زىيارەت قىلغان (1275 ـ يىلى) خوتەندىكى بىرنەچچە كۆللۈك ھاياتىدا، سۆۋەت ۋە باگائۈرلۈق ئافغان تىجارەتچىلەردىن شەھەردە «ئابدال» ئىسىملىك بىر خەلق توپىنىڭ بارلىقىنى ئۇقىدۇ. شۇنداقلا يۇرۇڭقاشقا يېقىن جايدىكى تامئېغىل دېگەن يەردە ياشايدىغان ئابداللار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ رىزا موللا باشچىلىقىدىكى ئاق كىيىم كىيگەن، ساقاللىق بىر ئابدال گۇرۇپپىسىنى زىيارەت قىلىدۇ.

لىكوكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگولۇقلار بۇ زېمىننى قايتا بويسۇندۇرغان ۋاقىتتا، 40 تىن ئارتۇق ئابدالنى بۇ جايدا تېرىقچى قىلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. ئۇلار ئىلگىرى دېھقانچىلىقنى بىلمەيتتىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاساسەن ئەلگەك ياساش، سۇپۇرگە توقۇش، چۆمۈچ ياساش، شۇنداقلا ناخشا ئېيتىش ۋە تىلەمچىلىك بىلەن قامدىلاتتىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇخلىسى دەپ قاراپ، قائىدىلەرگە، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە دىققەت قىلىدىكەن. ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئادەملەر (ئابداللار) بىلەن بىللە تاماق يەيدىكەن ۋە بىللە تاماكا چېكىشىدىكەن. ئەمما تۈركلەر، ھەتتا ھىندىستانلىق ۋە ئافغانىستانلىق مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىلىرى قويۇق ئەمەس ئىكەن. لىكوكنىڭ ئىگىلىشىچە، ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى (بەدەن قۇرۇلمىسى) شىنجاڭدىكى باشقا ئاھالىلەر بىلەن پەرقلەنمەيدىكەن①.

لىكوكنىڭ كۆزىتىشىچە، ئابداللارنىڭ تىلى تۈركلەرنىڭ (شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ) تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سۆزلەرنىڭ بەزىسى پارسچە، بەزىلىرى ئەرەبچە، بەزىلىرى

① Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

نامەلۇم تىللاردىن كەلگەنىكەن. ئابداللارنىڭ تىلىدىكى تۈركچە مەنبەدىن بولمىغان پېئىللار تۈرك تىلىنىڭ (ئۇيغۇر تىلىنىڭ) پېئىللىرىغا ئوخشاش تۈرلىنىدىكەن. گىرىنباردىنىڭ بايانىچە كېرىيەدىكى ئابداللار ئۆزلىرىنى «ھەينۇ» دەپ ئاتىغان بولسا، تامئېغىلدىكى ئابداللار ئۆزلىرىنى «ئابدال» دەپ ئاتايدىكەن[1].

لىكوكمۇ 94 سۆزدىن تەركىب تاپقان بىر ئابدال سۆزلۈكى تېزىسنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گىرىنبارد بىلەن پېللىئوتنىڭ كۆرسەتكىنى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. ئەگەر پەرق بولسىلا ئۇ بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، لېكوك نامەلۇم مەنبەدىن كەلگەن دەپ قارىغان سۆز جەمئىي 19 بولغان[2].

لىكوكنىڭ ئابداللارغا ئائىت نىسبەتەن مول بولغان سۆزلۈكلەرنى توپلاشتىكى مەقسىتى، ئاساسىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆز خاتىرىسىدىكى «ئابدال» دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بېرىش بولۇپ، بۇنداق «ئابدال» لارنى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مىڭ كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى تۈركىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئادانە (Adana بۈرۈنقى شىمالىي سۈرىيە) دېگەن ۋىلايەتتىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى.

1901 ـ يىلى لىكوك بېرلىن شەرقشۇناسلىق كومىتېتى تەرىپىدىن ئىسلاھىيە (Islahiya) گە يېقىن يەردىكى قەدىمكى قەلئە تۆپىلىكى زەنجىرلىك (Zencirli/Zängirli) دە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە پىدائىي بولۇپ ئادانەگە بارغان ھەمدە ئۇ يەردىن زەنجىرلىككە

① Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

② Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

ئۆتكەن. بۇ يەردە مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى دېگەن ئىككى ئابدال بىلەن ئۇچراشقان. دادا بىلەن ئوغۇل بەزى-بەزىدە گېرمان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئۇلارغا كەكلىك ۋە ئۆزلىرى ياغاچتىن ياسىغان ئۆي سايمانلىرىنى ساتقان. لىكوك بىر كۈنى (1902-يىلى 5-ماي كۈنى) كوردچە ۋە تۈركچىدىن باشقا ئۆزلىرىگە خاس باشقا بىر تىلدا سۆزلىشىۋاتقان بۇ ئىككى ئابدالنى چېدىرىغا تەكلىپ قىلغان. بۇلاردىن ئاڭلىغان قەھرىمانلىق توغرىسىكى بىر كوردچە قوشاق ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئىسلاخىيەنىڭ يېنىدىكى قارا بۇرۇچلۇ يېزىسىدىن كەلگەن بۇ ئابداللار تۈركلەر تەرىپىدىن «ئابدال» دەپ، كوردلار تەرىپىدىن گاۋەندە (Gavende) ياكى گېۋېندە (Gevende)[1] دەپ ئاتىلىدىكەن. رىشۋان ئىسىملىك بىر كورد قەبىلىسىنىڭ دېلىكان (Delikan) تائىپىسىگە مەنسۇپ بۇ ئابداللار ئۆزلىرىنى «تەبەرچى» دەيدىكەن.

زەنجىرلىك ئەتراپىدىكى ئابداللارنىڭ بارلىق بايلىقى، بىر قارا چېدىر، بىر ئىنەك، يەنە بىر ئورۇق ئېشەكتىن ئىبارەت بولغان. ئىنتايىن نامرات بولغان بۇ ئادەملەر ياغاچ قوشۇق، ئۇرچۇق، يىك، تاماكا قۇتىسى، چالغۇ ئەسۋابلاردىن تەمبۇر، سۇ تۇڭى ياكى كوزا، سېۋەت ۋە ئەلگەكلەرنى ياساپ سېتىپ، تويلاردا ساز چېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا كەكلىك تۇتۇپ جانلىرىنى جان ئەتكەن. بۇلار كۆپىنچە ئۆز ئىچىدە قىز ئېلىپ بېرىشىدىكەن. بىز مۇسۇلمان دېگەن بىلەن دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدىكەن.

لىكوك زەنجىرلىكتىكى ئابداللار سۆزلىشىدىغان تىل ھەققىدە بىر ئاۋاز رىتىمى رەتلەپ چىققان ھەمدە بۇ ھەقتە پروفېسسور ۋ. فوي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، تەبەرچى

[1] پارسچە «ساز شائىرى»، «مەدداھ» دېگەنلىكتۇر.

ئابداللارنىڭ كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى جەھەتتىن جەنۇب تۈركچىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، سۆزلەم جەھەتتە كۆپرەك تۈركچە، بەزى سۆزلەر سىگانچە ۋە ئاناتولىيەدە ئىشلىتىلىشتىن قېپقالغان بەزى سۆزلەملەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئابداللارنىڭ بۇ تىلىنىڭ ئورۇمىيە كۆلى ئەتراپىدىكى ھەللاج (پاختا ۋە يۇڭ ئاتقۇچى) يېزىلىرىدىكى تەبەرچى ۋە دومالارنىڭ غەربىي ئىراندىكى «قاراجى» دەپ ئاتىلىدىغان سىگان شىۋىلىرى بىلەن ئوخشاشلىقى بارلىقىنى يازغان[1].

شىنجاڭدىكى ئابداللارغا ئائىت مۇھىم بىر ئىشنى فىنلاندىيەلىك گۇستاف مانېرخېيىم ( Carl Gustaf Mannerheim) ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ 1906 ـ 1908 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «1906 ـ 1908 ـ يىللىرى ئاسىيانى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن ئەسىرىدە شىنجاڭدىكى ئابداللار توغرىسىدا بىر قىسىم مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن. ئۇ خوتەن ئەتراپىدىكى ئابداللار توغرىسىدا توختالغاندا: «بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە رول ئوينايدىغان، دىۋانىچىلىق قىلىدىغان بىر غەلىتە خەلق ـ ئابداللار توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، خىرىستىيان خەلقلىرى ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئورنىنى ئەسكە ئالساق بولىدۇ. ئىمام ھۈسەيىننىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى كىچىك يۇرتلىرىغا

---

① Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

تارقىلىپ كەتكەن. ئىمام ھۇسەيىننىڭ تالاپىتىدىن، ئۇلار تىلەمچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ بايلىرىمۇ، كەمبەغەللىرىمۇ ئوخشاشلا ھەر يىلى مەلۇم بىر ۋاقىت (مەزگىل) خۇرجۇنلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىپ، سەدىقە تىلەپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە قاتراپ (ئايلىنىپ) يۇرت كېزىشى كېرەك ئىدى، كىشىلەر ھەممە يەردە بۇ ئابداللارنى ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ئابداللار ئادەتتە قولىدا بىر ھاسا ياكى تاياق كۆتۈرۈۋالغان، ئەسكى لاتىغا (كونا كىيىم) يۆگىنىۋالغان ھالەتتە كىشىلەرگە ئۇچراپ تۇراتتىكەن. بەزىلىرى يەنە كىچىك كىيىملەرنى، يەنى باش كىيىم، ھالقا، مارجان، بۇلاپكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىكەن (سېتىش ئۈچۈن — ئاپتور). تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئابداللارنىڭ تەق - تۇرقى (تاشقى كۆرۈنۈشى) دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر خاتا ھالدا تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئابدال دەپ قارىۋالغان»①، دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

مانېرخېيىم ئابداللار توغرىسىدا يەنە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئابداللاردىن پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا ئۆزى تەۋە بولغان بۇ كىشىلەر توپىنىڭ نامى بولغان ‹ئابدال› دېگەن بۇ نامنى ھاقارەت دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە سوئال سورالسىلا، ئۇلار دەرھال ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئابداللار يېزىسىنىڭ نامىنى ئېيتىپ شۇ نام بىلەن ئۆزلىرىنى ئاتىشىدۇ. سارتلار (يەرلىكتىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ — ئاپتور ) بولسا ئابداللارنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئابداللار بىر تەرەپتىن دىنىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ھۇسەيىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن باغلىسا

---

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940,pp6-12.

(ئابداللار ھەر كۈنى ھۈسەيىننىڭ ئۆلۈمىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، بايرام كۈنىدەك خاتىرىلەشنى مۇھىم دەپ بىلىدىكەن)، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل تاكتىكا ـ ئامالارنى ئىشلىتىپ، خۇددى ئۆزلىرى خالىغاندەك، بۇ خۇراپىي سارتلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىشقا كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن»[1].

ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە تەخمىنەن 60 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر موللا مانېرخېيىمغا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بەرگەن:

«تەخمىنەن 1300 يىللارنىڭ ئالدىدا، يەزىد (Jazit) نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىمام ھۈسەيىنگە قارشى بىر ئۇرۇش بولغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تۈركىيەدىكى كۇفا شەھىرىنى تاشلاپ كەتكەن. يەزىدنىڭ دادىسى ھاجى ماخاۋى (Hadji Mahavie) ئۇمىيس (Umies) نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇمىيس بولسا ئابدۇل ماناف (Abdul Manoff) نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ بىننى ھاشىم (Binni Hashim) نىڭ ئوغلى، بىننى ھاشىم بولسا پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىمام ھۈسەيىننىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان يازىدنىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا ئىفرات دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن يازىد ۋە ئۇنىڭ مۇرىدلىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ 72 لەشكىرى (40 نەپىرى ئاتلىق، 32 نەپىرى پىيادە ئەسكەر) شېھىت بولغان. بۇ ئۇرۇش كەربالانىڭ ئەتراپىدا (كەر بالاغا يېقىن بىر جايدا) يۈز بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ مۇسلىم (Abamislim) دېگەن بىر ئەمىر باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ھۈسەيىننىڭ قىساسىنى

---

[1] C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12.

ئېلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان. ئەبۇ مۇسلىم كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يالغۇز شامدىكى يازىد (يازىد شامدا تۇراتتى) نىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلار بۇ قېتىملىق شەرققە قىلىنغان سۈرگۈندە، ئاز-ئازدىن ئوخشىمىغان جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلاردىن بىر قىسمى تۈركىيەنىڭ ئەسكەلى (Askale)[①] دېگەن جايدا تۇرۇپ قالغان. باشقىلىرى بولسا خىۋە، مەرۋە، ئىراندىكى شىراز، ھىندىستاندىكى موسۇل (Mosul) ۋە جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ بەزى شەھەر ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان»[②].

ئۇ ئابداللارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى ۋە ئىگىلىك شەكلى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات قالدۇرغان: «خوتەنگە ناھايىتى يېقىن بولغان گىۋۇز (Giwus/Givoz) دېگەن يېزىدا شۇنداقلا يۇرۇڭقاش يېزىسىدىكى تامئېغىل دېگەن جايدىمۇ ئابداللار ئولتۇراقلاشقان. يەكەندە شەھەرگە يېقىنراق گاۋباغ (Gaobakh/Gaobag) ۋە ئۇنىڭدىن سەل يىراقتىكى ھەيرانباغ دېگەن يەردىمۇ ئابداللار ئولتۇراقلاشقان. قەشقەردە خانئېرىقنىڭ قېشىدىكى پايناپ دېگەن يەردىمۇ ئابداللار ماكانلىشىپ قالغان. چىرىيەدە ئوكا (Oka/Uka) دېگەن بىر يېزا بار بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ ئابداللار بار. تامئېغىل كەنتىدە ئەسلىي يەتتە ئائىلە بار بولۇپ، ھەربىر ئائىلىدە بەش (بەش جۈپ بولۇشى كېرەك — ئاپتور) ئادەمدىن جەمئىي 77 چە ئادەم بار ئىكەن. ئۇ كەنتتىكىلەرنىڭ جەمئىي 3417 مو ئۈنۈملۈك تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن. ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە تىلەمچىلىكتىن باشقا يەنە گىلەم ۋە خۇرجۇن

---

① بۇ ئورۇن ئېنىق ئەمەس. بۇ يەر ھازىرقى تۈركىيەدىكى Erzerum نىڭ غەربىدىكى Askale دېگەن شۇمۇ-ئەمەسمۇ بىر نېمە دېيىش تەس.

② C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12.

توقۇش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن»[1].

1906 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، مانېرخېيىم يەكەندىكى ئابداللارنىڭ ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان جايى بولغان ھەيرانباغنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدا جەمئىي 50 ئائىلە بار بولۇپ، ئۇلار چارۋىلىرىنىڭ سانى ۋە كەمبەغەللەرچە كۆرۈنۈشىدىن بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ناھايىتىمۇ نامراتلىقتا ياشايدىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. بۇرۇنقىلارغا سىلىشتۇرغاندا، مانېرخېيىم بۇ يەردە ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ھەم ئابداللارنىڭ نەسەبى، ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە كۆپرەك مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەن. بۇ يەردە ئابداللار بىلەن ئابداللار ئوتتۇرىسىدا ۋە ئابداللار بىلەن باشقا خەلق ئوتتۇرىسىدا توي قىلىش ئەھۋاللىرى بار ئىكەن. ئەمما، مانېرخېيىمنىڭ كۆزىتىشىچە، بۇ ئۇنىڭغا نورمال ئىشتەك بىلىنگەن. ئۆزىنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك تەتقىقات ـ ئىزدىنىشى ئۈچۈن، مانېرخېيىم بۇ يەردىكى ئابدال ئاھالىلىرى ۋە شۇنداقلا ئالتە دانە باش سۆڭىكىنى ئۆز تەتقىقاتىغا كىرگۈزگەن.

1907 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا، مانېرخېيىم ئۆزىنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن خوتەن ۋە يەكەن ئەتراپىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەنە قەشقەردىكى پايناپىنىمۇ زىيارەت قىلىدۇ. مانېرخېيىم بۇ يەرنىڭمۇ ھەيرانباغ ۋە تامئېغىلدىكىگە ئوخشاش نامراتلىق بىلەن تولغاندەك بىر تەسىرنى بەرگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. مانېرخېيىمنىڭ بايانىچە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسىپي تىلەمچىلەر ئىكەن، ھېچقانداق تېرىقچىلىقمۇ

---

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12.

قىلمايدىكەن. ئەڭ ئاددىيسى تىرىقچىلىق قىلىدىغان يېرىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نامرات بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت ئىكەن، ئۇلار ئايرىم ياشايدىكەن. ئەتراپتىكى قوشنا كەنتلەردىكى كىشىلەر ئۇلارنى كەمسىتىدىكەن. ئۇلار ئۇچۈن ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن سىرتقى كىشىلەر بىلەن توي قىلىش ھېچقانداق مەسىلە ئەمەس ئىكەن. بۇ كەنتتە تەخمىنەن 40 ــ 50 چە ئائىلىلىك بار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئائىلىدە تۆتتىن ئادەم بار ئىكەن. تېرىلغۇ كۆلىمى جەمئىي 100 مو ئىكەن. ئۇلاردا مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار يوق ئىكەن، ئەكسىچە پەقەت 50 چە ئات، 30 نەچچە ئېشەك بار بولۇپ، بۇلارنى ئۇلار ئاساسەن تىلەمچىلىك قىلغاندا قاتناش قورالى قىلىپ ئىشلىتىدىكەن. بۇ يەردىكى تۆت كەنتنىڭ نامى ئابدال بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدىلا ئابداللار ماكانلاشقانىكەن. بۇ يەردىكى ئابداللارنىڭ سارت (ئۇيغۇر) تىلىدىن باشقا سۆزلىشىدىغان ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تىلى بولمىسىمۇ، باشقا يەردىكى ئابداللارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزئارا پايناپچە سۆزلەشنى تەۋسىيە قىلىدىكەن[1]. بۇنداق سىر ساقلاش، سىر تۇتۇش ئادىتى، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرۈۋالغان بۇنداق تىل پەرقى خۇددى ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى پەرقىگە ئوخشاشلا، مانېرخېيمگە بەكمۇ غەلىتە (ئالاھىدە) تۇيۇلغان.

مانېرخېيمنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، كارلو خىلدېن (Kaarlo Hilden) ئابداللار توغرىسىدا بىر قىسىم ئانتروپولوگىيەلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. يەنى ئۇ ئالدى

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12.

بىلەن ئابداللارنىڭ سەنئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تەتقىقات ئېلىپ باردۇ. بۇ يەردە ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتلار جەمئىي 17 كىشىدىن ئېلىنغان بولۇپ (بولۇپمۇ باش سۆڭىكىنى ئۆلچەپ ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتلار)، بۇنىڭ ئالتىسى يەكەندىكى ھەيرانباغدىن، 11 سى قەشقەردىكى پايناپتىن ئېلىنغان. كارلو خىلدىن ناھايىتى يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە پاكىتلارنى ئابداللار توغرىسىدىكى ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىدا قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قېتىمدىلا بۇ خەلقلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە تولۇق يېتەرلىك بولغان بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇ ئۆزى تەكشۈرگەن ئابداللارنى كەسپى بويىچە 25 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئايرىپ چىققان. ئالتىسى دېھقان، ئالتىسى تىلەمچى، ئۈچى سودىگەر، بىرى سەنئەتچى، يەنە بىرى ئاشپەز. گەرچە كونكرېت ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۈستىدە ئىرقىي جەھەتتىن تەپسىلىي ئانالىز ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن كارلو خىلدىن ئاخىرىدا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كەلگەن:

«مەيلى كۆزىتىش ئاساسىدا ئېرىشكەن ياكى ئۆلچەپ ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتلاردىكى ئېنىق مەلۇماتلاردىن كۆرە بىز ئابداللارنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دەپ قارىمايمىز. گەرچە بىر تەرەپتە موڭغۇل ئىرقىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى تەسىرى بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئابداللار ئىرقىي تىپىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغان. ئەگەر بىز Eickstedschen نىڭ كەسپىي ئاتالغۇ سۆزى بىلەن ئېيتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار بەلكىم شەرق ئىرقى ۋە ئەرمەن ئىرقى، ئېھتىمال يەنە تۇرانىيلار ئىرقىنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى ئابداللار ئىرقىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇشى

مۇمكىن. بىز بايا سۆزلەپ ئۆتكەن بايانلارغا ئاساسلانساق، ئۇ ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇكى، ئابداللار ئىچىدىن ناھايىتى باتۇر (يەھۇدىيلارچە) كىشىلەر (تائىپىلەر) مەيدانغا چىققاندى[1].

شۋېتسىيەلىك گۇستاف راكۇۋېت (Gustav Raquette 1871 ـ 1945) نىڭ مەلۇماتلىرىدىنمۇ ئابداللار توغرىسىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك خەۋەرلەرگە ئېرىشەلەيمىز. گۇستاف راكۇۋېت ستوكھولم ۋە لۇند دېگەن جايلاردا مېدىتسىنا ئىلمىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ، 1896 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە مىسسىيونېر بولۇپ ئاساسەن قەشقەر ۋە يەكەندە ئىشلىگەن. 1903 ـ يىلى ئۇ لىۋېرپۇلدىكى ۋىكتورىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسسىق بەلباغ تېبابىتى كەسپى بويىچە دوكتورلۇققا ئېرىشكەن. ئۇ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1921 ـ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە كەسپى بويىچە ياردەمچى پىروفېسسورى بولغان.

1906 ـ يىلى راكۇۋېت يەكەندە مانىرخېيىم بىلەن تونۇشقان. بۇ پۇرسەتتە ئىككىسى ئابداللار ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرغان. راكۇۋېت مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرى شۇنداق بىر كۆزقاراش ئومۇملىشىپ كەتكەنكى، ئابداللار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد

---

[1] Kaarlo Hilden: *The Abdals in Eastern Turkistan from an Anthropological Point of View*, in *Journal of the Royal Central Asia Society*, Vol. XXXVI, January 1949, Part I, pp. 72-77. and also see: Kaarlo Hilden: *A Contribution to the Physical Anthropology of some Peoples in Central Asia*, based on Records collected by C. G. Mannerheim, in: C. G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp. 6-12.

تىلەمچىلىك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار مۇشۇنداق بىر قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان. چۈنكى بۇرۇندا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ھۈسەيىن، يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغان ھۈسەيىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئىفرات دەرياسىنىڭ سۈيىگە چۆكۈپ كەتكەن. بۇ ۋەقە، بولۇپمۇ شىئەلەر ئۇچۇن ئېتىقاندا ئۆزگەرمەس ۋە ئۇنتۇلماس بىر ئىش بولۇپ قالغان. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن، ھۈسەيىن ئۆلىدىغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بۇ كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى، ئەۋلادلىرىنى قوشۇپ ئۇلارنى ھەر زامان سەرگەردان ۋە تىلەمچى بولۇپ باشقا ئوخشىمايدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ياشىسۇن دەپ قارغىۋەتكەنىكەن. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئابداللار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياقا يۇرتلاردا ئايرىم ياشىغان ۋە ئاساسلىق تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن. كېيىن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە ئەتراپتىكى خەلقلەر بىلەن نىكاھلىنىشنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئەگەر بىرى سوراپ قالسا، ئابداللار ئۆزلىرىنىڭ يات ئەلدىن كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كېلىپچىقىشىنى ئەمدىلىكتە ئانچە ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نەسەبنامىسىنى ئىنكار قىلىدىغان بولغان. ئەمما ئۇلار بۇ سەۋەبتىن يەنىلا باشقىلار تەرىپىدىن چوقۇم ئابدال دەپ قارىلىپ كېلىنگەن. ئابداللار مەھەللىسىدىكى كۆپلىگەن ئابداللار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ باي دېھقانلارغا ئايلانغان. ئەمما، شۇنداق بىر ئىش باركى، بۇ ئىش ئابداللارنىڭ بايلىرى ئىچىدىمۇ بىر ئەقەللى قائىدىگە ئايلانغان، ئۇ بولسىمۇ ئابداللارنىڭ بايلىرىمۇ ھەر يىلى كۈز كەلگەندە خۇرجۇنلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن» ①.

① G. Raquette: *Collection of Manuscipts from Eastern Turkistan—An Account of the Contents*, in C. G. Mannerheim: op. cit. (14), Band Ⅰ, pp3-15.

بىز يەنە راكوۋىتىنىڭ خوتەندىكى ئابداللار مەھەللىسى يېنىدىكى بىرقانچە مۇسۇلمان ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىدىن بىر قىسمىنى تەزكىرىلەرنى تېپىپ، شۇ ئارقىلىق بۇ ھۆججەتلەردىن ئابداللارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئۇچۇرلارغا، يەنى ئابداللارنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى كۆپرەك ئۇچۇرلارغا، ئىگە بولماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا بۇ ماتېرىياللاردىن ئابداللارنىڭ تارىخىغا دائىر ھېچقانداق كونكرېت يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى [1] بىلەلەيمىز.

ئاۋرېل ستەيىن (Aurel Stein) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەتنامىلىرىدىنمۇ شىنجاڭدىكى ئابداللارغا ئائىت نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ 1912 - يىلى ئېلان قىلغان «جۇڭگو قۇملۇقىدىكى خارابىلەر» دېگەن ئەسىرىدە، چاقىلىقتا ئىككى ئابدال بىلەن تونۇشقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە مىرەنگە بارغانلىقىنى يازىدۇ. ستېيىن بۇ ئىككى ئابدالنىڭ تىلى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە كېيىنكى تەتقىقات ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان تىل ماتېرىياللىرىنى توپلىغان.

ئاۋرېل ستېيىننىڭ قارىشىچە، ئابداللار ئىنتايىن ئالاھىدە كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئۇلار سىگانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان خەلقلەرگە تەۋە ، ئۇلار شىنجاڭدا ئاساسەن «ئابدال» دەپ ئاتالغان ھەم تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى بىرقانچە بوستانلىقلاردا يېرىم كۆچمەن ھالەتتىكى ئولتۇراق رايونلاردا ھايات كەچۈرگەن. ئۇلار لازىم بولغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئاساسەن تىلەمچىلىك ۋە بورا توقۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن.

---

① G. Raquette: *Muhammeds Religion—Ett Tvärsnit genom Islams Politiska och Religiösa Liv fram till vara dagar*, Stockholm 1935, pp. 71-73.

ئۇلارنىڭ تىلى «ساپ پارسچە سۆزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن» بولۇپ، بۇ تەرىپى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئىراندىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تىلىدا كۆپلىگەن چەت ئەل تىللىرىنىڭ تەركىبلىرى بار بولۇپ، كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ گىراماتىكىسىدا تۈركچە سۆز قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئاۋرېل ستېيىن كۆرۈشكەن بۇ ئىككى ئابدال شاھىتلار ئەسلىي خوتەندىكى تامئېغىل دېگەن جايدىن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىلا چاقىلىقلىق ئاياللارغا ئۆيلەنگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇرۇنقى تىل مەنبەسىنىڭ بۇلار ئۈچۈن ياخشى بولۇۋاتقان بىر تەرىپى شۇكى، بۇ قەدىمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تىل ئەمدى بارا-بارا ئۇنتۇلۇۋېتىلىپتۇ[①].

ئېللا (Ella) ۋە پېرسىي سايكىس (Percy Sykes) لارمۇ ئۆزلىرىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇملۇق ۋە بوستانلىقلاردىن ئۆتۈش» دېگەن كىتابىدا ئابداللارنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق يازىدۇ:

«... بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى يەكۈنلىگەندە، ئارىيان نەسلىدىن بولغان پەرغانىدىن كەلگەن تاجىكلارنىڭ سانى 1300، چىنلىقلارنىڭ سانى 6000، ھىندىستانلىقلار 5000 ۋە ئابداللار 1000 كىشى بولۇپ، بۇلار جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇ ئابداللار خۇراسان ۋە ھىرات (ھازىرقى Durranis) تىكى ئابداللار بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمىز بار دەپ قارايدىكەن. بۇ يەردىكى ئابداللارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئۆزلىرىنى كەربالادا ئىمام ھۈسەيىننى ئۆلتۈرگەن

① M. Aurel Stein: *Ruins of the Desert Cathay, Personal Narrative of Explorations in Central Asia and Westernmost China,* London 1912(Reprint New York 1968), Band 1. pp. 501-502.

يازىد دىگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىكەن. ئېيتىلىشىچە، ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئابداللار شىئەلەر ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان (دىرامىدا) رول ئالغانىكەن. ئۇلار بولسا پارسلاردىن بولغان شىئە كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادى. لېكىن ئىلمىي نۇپۇزى گىرېناردتىن يۇقىرى بولغان سىتېيىن ئابداللارنى سىگانلار دەپ قارايدىكەن»[1].

غەرب سەيياھلىرىنىڭ ئابداللار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئېلان قىلىنىپ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە، غەرب دۇنياسىدا يەنە بىر مەرتە «ئابدال قىزغىنلىقى» يۈز بېرىپ، بىر قىسىم تۈركولوگ ۋە شەرقشۇناسلار شىنجاڭدىكى ئابداللارغا قارىتا يېڭى بىر باسقۇچلۇق تەتقىقاتنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىكلىرى ئاۋستىرىيەلىك جۇغراپىيەشۇناس ئو. لەدىستەتتېر (Otto Ladstätter) بىلەن تۈركولوگ ئا. تىتزې (Andreas Tietze) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىككى تەتقىقاتچى 1983 ـ ۋە 1986 ـ يىللىرى شىنجاڭدىكى ئابداللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋە خوتەندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ماتېرىيال توپلىغان ۋە 1994 ـ يىلى «شىنجاڭدىكى ئابداللار» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، تىل جەھەتتىن ئۇلارنى قوش تىللىق دېيىشكە بولمايدۇ. مورفولوگىيە، سىنتاكسىس پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن

---

[1] Ella and Percy Sykes: *Through Desert and Oases of Central Asia*, London 1920. p. 242.

ئوخشاش. ئۇلار باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا بىلىپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئايرىم سۆزلۈكلەرنى ئىشلىتەتكەن. ئەرەب، پارس، رۇس، موڭغۇل تىللىرىدىن كەلگەن سۆزلۈكلەر بار. ئەينۇلار (ئابداللار) ئۇيغۇرلاردىن ئايرىلىپ چىققانمۇ؟ ئۇلار تىلىنى ئۆزى ئىجاد قىلغانمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دېمەك تەس. ئۇلار بەزى سۆزلەرنى قەستەن ئۆزگەرتكەن.

ئىككىنچى، تىلىدا ئىران تىللىرىدىن كەلگەن سۆزلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى زامان پارس تىلى، ئاز بىر قىسىم تاجىك ۋە شەرقىي ئىران تىلىنىڭ تەسىرى بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىراندىن قوغلانغان بىر مەزھەب دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان پارس تىلى سۆزلۈكلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سانلار، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت، ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر ھەرىكەت ـ شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ خىل تەركىبلەرنىڭ قايسى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن.

تۆتىنچى، باشقا ئىران تىللىرى، يەنى سارىقول تاجىكلىرىنىڭ تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىنى شىنجاڭغا تارقاتقان. سۆزلۈك جەھەتتىن بۇ رىۋايەتنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىزمىز. ئۇلارنىڭ تىلىدا قەدىمكى پارس تىلىنىڭ ئىپادىسى يوق. بەلكىم ئۇلار 300 يىل ئەتراپىدا شىنجاڭغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بەشىنچى، سىگانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىلەر ئۇلارنى شەرقىي ئاسىيادىكى سىگانلار دەيدۇ. ئۇلار بەزى ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، ئەمما بۇ خىل سۆزلەر ئۈچىنچى بىر تىلدىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئەينۇلار شەرققە ئىراندىن كەلگەن دېيىلگەندە، ئۇلار شەرقىي ئىران تىللىق خەلق بولىدۇ. سىگانلار بىلەن ئوخشاشلىقى،

ئۇلارنىڭ ئادىتى ھەسارلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆزبېكىستان ۋە ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى بىلەنمۇ ئوخشاش. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خەتنە قىلىشنى باشلىغان. يەنە پالچىلىق، سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار سىگانلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى تىلەمچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر توپىدۇر.

«ئەينۇ» ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى بولۇپ، «كەمبەغەل»، «دىۋانە»، يەنە «بىلىملىك كىشى»، «موللا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. زەدىيەتلىك بولغىنى ئۇلار يېڭى پارس تىلىنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ تىلى سىگانلارنىڭ ئەرەبچىسى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى پارس تىلى ئارقىلىق، بىر قىسمى تۆۋەن تەبىقە گۇرۇھلار تىلى ئارقىلىق كەلگەن. ساك تىلى (Under World) ۋە توخار تىلىدىن كەلگەن سۆزلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن.

يەتتىنچى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى Gabiet/Dardik تىلى بىلەنمۇ ئوخشاشلىق تەرىپى بار.

ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئاساسىي قىسمى پارس تىلىنىڭ ھازىرقى شەكلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرى بىلەن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئوتتۇرا قىسىم پارس تىلى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۈركىيەدىكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تىللىرى بىلەنمۇ ئوخشاشلىق تەرىپى بار. ئۇلارنىڭ (ئابداللارنىڭ) تىلى ناھايىتى ياش تىل①.

---

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp29–50, pp86–96.

كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى تىل تەتقىقات بۆلۈمىدىن خاياشى تورۇ (Tooru Hayasi) ۋە جۇڭگولۇق تەتقىقاتچىلاردىن سابىت روزى، تاھىرجان مۇھەممەت ۋە ۋاڭ جيەنشىن قاتارلىقلار بىرلىكتە 1997 ـ يىلى يازدا قەشقەر ۋە خوتەن رايونىدىكى ئابداللار ئۇستىدە بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە 1999 ـ يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن «شەيخىل سۆزلۈكلىرى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇرغان. مەزكۇر كىتابقا ئابداللارنىڭ سۆزلۈكلىرى دەپ قارالغان 400 گە يېقىن سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن ھەمدە بۇ سۆزلۈكلەر ئاساسىدا ئابداللارنىڭ تىلىغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى يەكۈننى چىقارغان:

«نۆۋەتتە ئەينۇ تىلى، پارس تىلى سۆزلۈكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاشما تىل دەپ قارالماقتا. ئەمما، شەيخىل كەنتىدىن يىغىۋېلىنغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەينۇ تىلى ئۇيغۇر ئۆلچەملىك دىيالېكتى بىلەن تاۋۇشلارنىڭ ئورنى (phonological)، ھالەت (morphological)، جۈملە قۇرۇلمىسى (syntaces) جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت سۆزلۈكلەردىلا پەرق بار... ئەمما، ئەينۇ تىلى ئىگە بولغان بۇ خىل ئالاھىدە سۆزلۈك سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسى تېخى ئېنىقلانغىنى يوق. بۇ يەنە داۋاملىق تۈردە ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىشنى كۈتمەكتە»[1].

---

① Tooru Hayasi, Sabit Rozi, Tayirjan Muhammad, Wangjianxin: *A Ŝăyhil Vocabulary-A preliminary Report of Linguistic Research in Ŝăyhil village, Suothwestern Xinjiang*. Published by Kyoto University, 1999. pp55-56.

## 2. دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى

ھازىرغىچە قەدەر دۆلەت ئىچىدە ئابداللارغا دائىر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاساسەن تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار تىل تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى بولۇپ، باشقا ساھەلەردىكى تەتقىقاتلار كەمدىن ـ كەم ئېلىپ بېرىلغان. گەرچە تەتقىقات دائىرىسى چەكلىك بولسىمۇ دۆلەت ئىچىدە مەزكۇر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلارنىڭ ئەمگەكلىرىمۇ مەزكۇر تەتقىقاتلاردا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى 1976 ـ يىلى يازدا، خوتەن ناھىيەسىنىڭ يالقۇن گوڭشې (ھازىرقى خوتەن شەھىرىگە تەۋە شورباغ يېزىسى) غا بېرىپ ئابداللارنىڭ «تىلى» ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە شۇ قېتىملىق تىل تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاساسىدا، ئاساسلىقى ئابداللارنىڭ تىلىغا دائىر بىر قىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردىلار «ئەينۇ تىلىدىكى سانلار» دېگەن تۇنجى ئەمگىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، لوپ، قاراقاش، يەكەن، يېڭىسار ۋە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئەينۇلار (بۇ ئىككى ئاپتور ئۇلارنى «ئەينۇ» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆرگەن) نىڭ تىلىدىكى سانلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە ئابداللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرمۇ ئۇلارنى ئابدال دەپ ئاتايدىكەن، ئابداللار ئادەتتە سىرت بىلەن ئالاقە قىلغاندا ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدىكەن، ئەمما ئۆز ئىچىدە بولسا باشقىلار

ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىكەن»① دېگەن قىسقا ئۇچۇرنىمۇ قالدۇرغان.

ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشىدىن چىقارغان يەكۈنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە تەخمىنەن 1000 دەك ئەينۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ يىللار بۇرۇن ئىراندىن گىۋوزغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن. جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىگەن ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش جەريانىنى مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىگەن تىل ماتېرىياللىرىنى پارس تىلى ۋە ئىلىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئاز - تولا ئانالىز قىلىپ چىقتۇق. بۇ جەرياندا ھەقىقەتەن ئەينۇ تىلىدا پارس تىلى بىلەن مەنبەسى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى سېزىلدى. بىز دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن 4300 نى تاللاپ ئېلىپ سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىرى 1200 بولۇپ 35% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاشلىرى (بۇلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەينۇ تىلى ئوخشاشلا پارس، ئەرەب تىللىرىدىن قوبۇل قىلغان سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 3000 بولۇپ 65% نى تەشكىل قىلىدىكەن... ئەينۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزاق

---

① 赵相如，阿西木·吐尔迪《艾努语的数词》，《民族语文》1981年第 2 期，第 44-48 页。

مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى بىلەن، ھازىر ئۇلاردا يەرلىك ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئىچكى قىسىمدا ياكى ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل تىل مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇ تىلدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەسلىي ئۆزىدە بار سۆزلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. ئەمما، ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان سۆزلەر يەنىلا 1/3 دىن كۆپرەك، بۇ خىل ئوخشىمايدىغان سۆزلەر بىر خىل تۆۋەن تىل قاتلىمىنىڭ قالدۇقى دېيىلىدىغان بولسا، بۇ خىل ‹تۆۋەن تىل قاتلام›نىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پارس تىلى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر تىل بولۇپ، تۈغما قوشۇمچىلىق تىل تۈرگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىل بولۇپ، ئۇلانما قوشۇمچىلىق تىل تۈرگە كىرىدۇ. بۇلار ئەسلىدىكى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تىل. بىراق، ھازىرقى ئەينۇ تىلى ئۆزىنىڭ ئەسلىي گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان. ھەرقايسى سۆز تۈركۈملىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىلمۇخىل گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى بىلەن، ئۇلانما قوشۇمچىلىق تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق ۋاسىتىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوخشايدىغان قوشۇمچىلارنى قوللىنىدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا تىلدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئالماشلاردىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرىنى قوللىنىدىغان بولۇپ قالغان. ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا، ھېچقانداق بىر تۈغقانچىلىق مۇناسىۋىتى

بولمىغان بۇ ئىككى تىلنىڭ بىرىدە شۇ قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىزنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. بۇنداق ئىكەن، ئەينۇ تىلىنىڭ بوگۇنكىدەك ئەھۋالىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئۆزىدە پارس تىلىنىڭ «تۆۋەن قاتلام» سۆزلىرىنى ساقلاپ قالغان ئالاھىدە بىر خىل ئۇيغۇر يەرلىك تىلى دەيمىزمۇ ياكى بۇ خىل قوش تىلنىڭ بىرىنى ئىچكى قىسمىدا ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىران تىل گۇرۇپپىسىدىكى بىر خىل تىل تارمىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان «ئارىلاشما تىل» دەيمىزمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بىرى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر خىل قىزىقارلىق تىل ھادىسىسى»[1].

جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى ئەپەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە 2011 - يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئەينۇ تىلى تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، مەزكۇر ئەسەر ئارقىلىق بۇرۇنقى ئەمگەكلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلىرىنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە، شىنجاڭ ئابداللىرىنى «ئىراندىن كۆچۈپ كەلگەن پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەۋلادى»[2] دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندىمۇ پايناپتىكى ئابداللار توغرۇلۇق بىرقەدەر بالدۇر تەتقىقاتقا كىرىشكەنلەردىن بىرى. ئۇ

---

① 赵相如，阿西木·吐尔迪著：《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982 年第 1 期。第 259 页。

② 赵相如，阿西木·吐尔迪著：《艾努语研究》，民族出版社 2011 年出版，前言。

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللانغان تىل توغرىسىدا»، «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «پايناپ، شەيخلەر ۋە شەيخلەر تىلى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆزقاراشلىرى تۆۋەندىكىچە: «ئابدال»لار ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن قەدىمكى ئېفتالىتلار بىلەن باغلىنىشلىق. ئېفتالىتلار ئۇزاق يىللار مابەينىدە خەتنە قىلىش ۋە تىلەمچىلىكنى ئەنئەنىۋى كەسىپ قىلىپ كەلدى. يەرلىك خەلقلەر ئۆزىنىڭ چۈشىنىشى بويىچە ئۇلارنىڭ خەتنە قىلىش ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا «ئابداللار» دەپ ئاتىشىدۇ. مۇنداق ئاتاشنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسىمۇ بار. «ئابدال» پارسچە سۆز مەنىسىدە «سۇنى توسقۇچىلار، سۇنىڭ توسالغۇسى» دېگەنلىك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىران ۋە ئافغانىستان ئەتراپلىرىدا ياشىغان بىر چوڭ قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. ئۇلارنى پارسلار «ئابدال»، ئەرەبلەر «خەتتال» دەپ ئاتىشىدۇ، ياۋروپاچە ترانسكرىپسىيەسى «ئېفتالىت» دېيىلىدۇ[①].

مۇتەللىپ سىدىق يەنە ئابداللارنى «شەيخلەر» دەپ ئاتاشنى تەرىپلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلايدۇ: «ئۇلار تىل جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يەنە بىر خىل تىلنى تەڭ قوللىنىپ، تەبىئىي ھالدا ئىككى تىللىق بولۇپ قالغان. ئۇلار ئايرىم قوللىنىپ كېلىۋاتقان تىل تەركىبىنى تەكشۈرۈپ قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغان كەڭ ئۇيغۇر تىلى

① مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللانغان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 2 ـ سان، 26 ـ بەت.

مۇھىتىنىڭ مۇقەررەر تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، جۈملە تەرتىپى جەھەتتە پۈتۈنلەي بۇزۇلۇش، لېكسىكا جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەر ئەسلىي ھالىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش، فونېتىكا جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا بويسۇنۇش بىلەن پەيدىنپەي يوقىلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بىر قالدۇق، ئارىلاشما تىلغا ئايلىنىپ قالغان»[1].

ئابلەت ئابباس ئەپەندى ئابدالىلارنىڭ نامى ۋە تىلى قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇتەللىپ سىدىقنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تولۇقلاش بىلەن بىللە، بەزى نۇقتىلاردا ئوخشاش مەيدانىنى شەرھلىگەن. ئۇ ئابدالىلارنى «قەدىمكى ئېفتالىتلاردىن كېلىپچىققان» دېگەن قاراشقا قارىتا باشقىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېفتالىتلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغاندىن كېيىنكى ۋەقەلىرى بىلەن ئابدالىلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ يىل دەۋرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «شەيخلەرنى ئېفتالىتلارغا چېتىپ قويۇشتا بەزى مەسىلىلەر پۈتلىشىدۇ»[2] دەپ قارايدۇ.

ئۇ يەنە شەيخلەرنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى ئادەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «شەيخلەر، چىراي - قىيابەت، تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988- يىلى 3- سان، ئۇيغۇرچە 90 - بەت.

② ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997 - يىلى 3- سان، ئۇيغۇرچە 76- بەت.

ئوپموئوخشاش بولۇپ قالماستىن، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئۇنى تۈزەش ـ بېزەش، كىيىنىش ـ تارىنىش، زىبۇ ـ زىننەت، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلەردىمۇ پەرقلەنمەيدۇ. پەقەت ئۇلارنى سەل ـ پەل پەرقلەندۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنى ئۇلارنىڭ (ئىككى تىللىق)، توغرىسى (بىر يېرىم تىللىق) بولۇشىدۇر. (بىر تىل) دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۇلار ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ. (يېرىم تىل) بولسا، تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن، لېكسىكا جەھەتتە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان، مۇستەقىل سۆزلەر ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتكەن، فونېتىكا جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزىغا بويسۇنۇپ كەتكەن، گىرامماتىكا جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى بويىچە قېلىپلاشقان، پەقەت شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر تۈركۈم (تۆۋەن قاتلام) سۆزلىرىنىلا ساقلاپ قالغان، ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي تەرەپلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ، كەڭ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش شەرتىنى ھازىرلىيالمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ياشلىرى تازا ئۇقمايدىغان ئەبجەش (شەيخلەر تىلى)نى كۆرسىتىدۇ»[1] دەپ قارايدۇ.

شىرىپجان قاسىم: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پىروفېسسورى شىرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ژۇرنال «ئوقۇتۇش تەتقىقات خەۋەرلىرى» نىڭ 1981 ـ يىللىق

[1] ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە 77 ـ بەت.

1 ـ سانى ۋە «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005 ـ يىلى ئۆيغۇرچە 4 ـ سانىدا، خوتەن شەھىرى ئەتراپىدىكى گىۋوز ۋە تامئېغىلدىن ئىبارەت ئىككى ئابداللار مەھەللىسىدىكى ئابداللارنىڭ تىلى توغرىسىدا قىسقىچە بىر ماقالە ئېلان قىلغان①.

ماقالىدە ئاپتور بۇ تىلنى پەقەت گىۋوزلار تىلى دەپ ئاتىغان (يەنى گىربوز دېگەن جايدىكىلەرنىڭ تىلى). ئاپتور ماقالىسىدە گىۋوزلار (گىربوزلار) مەھەللىسى (خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيەسى گىربوزلار رايونى، يالقۇن گۆڭشېسى — ھازىرقى شورباغ يېزىسى) ۋە تامئېغىل (لوپ ناھىيەسى يۇرۇڭقاش گۆڭشېسى — ھازىر بۇيا يېزىسىغا تەۋە) دىكى گىۋوزلاردىن سىرت، باشقا رايونلاردىمۇ (يېكشەھەرنىڭ پايناپ كەنتىدە، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ دەرۋىشلەر كەنتىدە، نۇرلۇق گۆڭشېسىدا، چىرىيەنىڭ ئۇقادى دېگەن يېرىدىكى شەرق قىزاردى گۆڭشېسىدا، كېرىيەدىكى كاچۇن يېزىسىدا) بۇ تىلنى قوللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى (تۇرمۇش ئۇسۇلى) توغرىسىدا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلمىگەن. پەقەت بۇ تىلدىكى 44 سۆز (2005 ـ يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە 207 سۆزنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسەتكەن) ۋە ئۇلارغا ماس كېلىدىغان پارسچە سۆزلەر (ئەمەلىيەتتىمۇ بۇلار پارسچە سۆزلەر دەپ قارالغان) نىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىش، شۇنداقلا ئاخىرىدا بۇلارنىڭ تىلىنى ئىران تىلى دەپ خۇلاسىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان.

---

① شېرىپجان قاسىم: «خوتەندىكى ئابداللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە 30 ـ بەت.

بەزى ئالاھــــدە تەپـــسىلاتلارغا (ئىبغىـــزچە ئاڭلىغـــان) ئاساسلانغاندا، ئاپتور دەسلەپتىلا چوڭ بىـر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلـگەن بولـۇپ، بـۇ ئىككـى جايـدىكى خەلقلەرنىـڭ تىلىنـى «سىرلىق بىر تىل» دەپ خـۇلاسـە چىقارغـان. ئـاپـتـور يـەنـە: «ئەگەر مەن بـۇ خەلقلەرنىـڭ بىـر ئەزاسـى بولغـان بولـسام، بـۇ قىيىنچىلىقلارنى ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىپ بولاتتىم» دەپ بايان قىلىدۇ[①].

ئەلى غوپۇر: پېقىـر دۆلەت ئىچـى ۋە سـىرتىدىكى يـۇقىرىقى بىـــر قىـــسىم تەتقىقاتچىلارنىـــڭ ئابــدالللار ئۇستـــىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكـسى بىلەن 2004 ـ يىلى شـــىنجاڭ ئۇيغـــۇر ئـــاپتونوم رايونلـــۇق ئىجتىمـــائىي پەنـــلەر ئاكادېمىيەســـىنىڭ مەزكـــۇر تېمـــا ئۈستـــىدىكى كىچىـــك بىـــر تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بىر قىسىم ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن ھەم ئابداللارنىڭ نامى ۋە كېلىپچىقىشى توغرىـسىدا بىـــر قىـــسىم ئـــۆزگىچە قاراشـــلارنى ئوتتۇرىغـــا قويغانـــدىم[②]. بـۇ كۆزقاراشلارنى مەزكـۇر تەتقىقاتىمنىـڭ كېيىنكـى مەزمۇنلىرىـدا ئايرىم شەرھلەيدىغان بولغاچقا بـۇ يەردە تەكـرارلاپ ئولتۇرۇشـنى لايىق تاپمىدىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەزكۇر قـوۋم ئۈستىدە بىۋاسـىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەتقىقات ئېلىـپ بارغـانلاردىن يەنە پىروفېسـسور نيـۇ رۇجى ۋە شېن ۋېي قاتـارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بۇلار ئىچىدە نيۇ رۇجى ئەپەندىنىڭ كۆزقارىشىمۇ ئاساسەن

---

① شـــېرىپجان قاســـىم: «خوتەنـــدىكى ئابـــداللار ۋە ئۇلارنىـــڭ تىلـــى ھەققىدە»، «خوتەن پېداگوگىكا تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە 30 ـ 31 ـ بەتلەر.

②艾力・吾甫尔著：《新疆阿布达里人的名称问题》，《西域研究》2005 年第 2 期，第 100 页；《新疆阿布达里人的渊源考》，《西域研究》2006 年第 3 期，第 64 页。

مۇتەللىپ سىدىق بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى تۆۋەندىكىلەرگە مۇجەسسەملەشكەن: «نۆۋەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، يېڭىشەھەر، قاراقاش، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم ئۇششاق قوۋملار ئۆزلىرىنى ‹ئەينۇ› دەپ ئاتايدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ‹ئابداللار› دەپ ئاتايدۇ. مەنىسى ‹تىلەمچى› دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئېفتالىتلار (Ephthalitai) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 嚈哒 نىڭ ھازىرقى ئوقۇلۇشى ya-da بولۇپ، قەدىمكى تەلەپپۇزى Abdal بىلەن يېقىن كېلىدۇ. ئېفتالىتلار يەنە ‹ئاق هونلار› دەپمۇ ئاتىلىدۇ»[1].

شىن ۋېي ئەپەندى «قەشقەر» دېگەن ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ شەيخىل كەنتىدىكى ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدىن كېيىنكى يەكۈنى سۈپىتىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى سىگانچە تۇرمۇش شەكلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەنتى پەقەت سەرگەردانلىقتىن كېيىنكى دېمىنى ئالىدىغان بىر لاگېردىنلا ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلى (ئېغىز تىلى) بار، ئۇيغۇر تىلى بىلەن پەرقى چوڭ. تىلەمچىلىك ھەربىر ئەركەكنىڭ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. شۇ سەۋەبتىن بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ كەنت ‹تىلەمچىلەر كەنتى› دەپ قارىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ تەركىبى تۆۋەندىكىلەردىن تەركىب تاپقان: ئابدال (خەتنىچى ئۇستا)، ئاشىق (قوشاق ئېيتىپ سەييارە تىلەمچىلىك قىلغۇچى)، باخشى (پال سالغۇچى)، سەكسەنخالتا ۋە ئۇرۇقچىدىن ئىبارەت»[2].

---

① 牛汝极著：《阿尔泰文化与文明西域》，新疆大学出版社 2003 年版，第 33 页。

② 沈苇著：《喀什噶尔》，青岛出版社 2008 年版，第 100～109 页。

# ئىككىنچى باب ئابداللارنىڭ كېلىش مەنبەسى

## §1. ئابداللارنىڭ نامى

«ئابدال» سۆزى ئالاھىدە بىر گۇرۇپپا كىشىلەر توپىنىڭ نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ھەر خىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت. مەيلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ياشاۋاتقان ئابداللار بولسۇن ۋە ياكى ئاناتولىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئابداللارنىڭ نامى مەسىلىسىدە بولسۇن، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن پىكىر شەكىللەنگىنى يوق. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئاساسلىقى «ئابدال»، «ئەينۇ» ۋە «شەيخلەر» دېگەن ۋارىيانتلىرىغا مۇجەسسەملەشكەن.

شىنجاڭدىكى ئابداللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلاردىن مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى مەزكۇر كىشىلەر توپىنى «شەيخلەر» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە «ئابدال» سۆزى پارسچە ««سۈنى توسقۇچىلار، سۇنىڭ توسالغۇسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان

سۆز بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىران ۋە ئافغانىستان ئەترابلىرىدا ياشىغان بىر چوڭ قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. ئۇلارنى پارسلار (ئابدال)، ئەرەبلەر (خەتتال) دەپ ئاتىشىدۇ، ياۋروپاچە ترانسكرىپسىيەسى (ئېفتالىت). بۇ قەبىلە مىلادىيە 5 — 6 - ئەسىرلەردە كۈچلۈك بىر خانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. كېيىن كۆكتۈركلەر تەرىپىدىن جەڭدە مەغلۇپ قىلىنىپ، پامىر ئەترابلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى دەھبىت دېگەن جايدىن قەشقەر تەۋەسىگە قېچىپ كېلىپ، كۆچمەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سىيىت ئوبۇل پەتتالى غازى (يەنە بىر ئىسمى سۇلتان مۇرات باخشى ئاتا) دەسلەپ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئۇستۇرا چاقماق مازار دېگەن جايدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بەتتە ئائىلىلىك كىشىنى باشلاپ مىلادىيە 960 - يىللىرى ئەترابىدا ھازىرقى(پايناپ) دەپ ئاتىلىدىغان يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان»[1] دەپ قارايدۇ.

ئابلەت ئابباس ئەپەندىمۇ «ئابدال» سۆزىنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ئاساسىي جەھەتتىن مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندى بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا بولۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى «ئابدال» لارنى «شەيخلەر» دېگەن نام بىلەن ئاتاش بىلەن بىللە، ئابلەت ئەپەندى مەزكۇر سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى پارسچە «ئابنى دالدا قىلغۇچى، يەنى سۇنى

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا». «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985- يىللى، ئۇيغۇرچە 2- سان، 26- بەت؛ «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى». 1988- يىلى 3- سان، ئۇيغۇرچە 90 — 91 - بەتلەر.

دالدا قىلغۇچى، سۇنى توسۇۋالغۇچى» دېگەن مەنىلەردىكى سۆزدىن كەلگەن، «بەزى قىسسەلەردە بۇ ئىبارىنىڭ ھەزرىتى ئىماملار كەربالا جېڭىدە تەشنالىقتا قالغاندا فۇرات دەرياسىنىڭ سۈيىنى دالدا قىلىۋالغان بىر گۇرۇھقا قارىتىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ»، «بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئابدال› ئىبارىسى پەقەت ‹خەتنە قىلغۇچى› ياكى‹تىلەمچى› مەنىسىدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ»[①] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، موتەللىپ سىدىق ئەپەندىنىڭ «ئېفتالىت» تەلىماتىغا قارىتا باشقىچە پىكىردە ئىكەنلىكىنى شەرھلەيدۇ.

خەنزۇ ئالىملىرىدىن نيۇ رۇجى ئەپەندى گەرچە مەزكۇر كىشىلەر توپى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇناسىۋەتلىك ئەمگەكلىرىدە ئابداللار ئۈستىدە توختىلىپ: « تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، يېڭىشەھەر، قاراقاش، كۇچا قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم كىچىك كۆلەمدىكى كىشىلەر توپى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ‹ئەينۇ› دەپ ئاتاپ، ئەجدادلىرىنى ئىراندىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ‹ئابدال› دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، مەنىسى ‹دىۋانە› دېگەنلىكتۇر، بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئېفتالىتلار بولۇشى مۇمكىن. ئېفتالىت (嚈哒) نىڭ ھازىرقى ئوقۇلۇشى بولغان ya-da بىلەن ئۇنىڭ قەدىمكى تاۋۇشى Abdal يېقىن كېلىدۇ. ئېفتالىتلار يەنە ‹ئاق ھونلار›

---

① ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997- يىلى 3- سان، ئۇيغۇرچە 76- بەت.

دەيمۇ ئاتىلىدۇ»[1] دەپ قاراپ، «ئابدال» سۆزىنى «ئىپتالىت»لارنىڭ نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ.

ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندىمۇ «ئابدال» سۆزىنىڭ مەنبەسىنى ئىپتالىتلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش تەرەپدارى بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: « ‹ئابدال› سۆزى ‹ئىپتال، ئىپتالىت› سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ياكى شۇنداق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش نەتىجىسىدە كېلىپچىققان....‹ئابدال› دېگەن بۇ نام ئەسلىدە بۇ ئاھالىنىڭ تارىخي نامى بولۇپ، سېمانتىكىلىق نۇقتىدىن ئالغاندا ھېچقانداق سەلبىي مەنىسى يوق ئىدى. كېيىنچە ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ (ھەممىسىنىڭ ئەمەس) مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر ئارقىسىدا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر، ئۆزگىچىلىكلەر (مەسىلەن، خەتنىچىلىك، تىلەمچىلىك، پالچىلىق...قاتارلىقلار) يۈز بېرىپ، ‹ئابدال› دېگەن بۇ سۆزگە سەلبىي مەنە يۈكلەپ قويغان»[2].

«ئابدال» سۆزىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە ياشاۋاتقانلار ئارىسىدىكى يەنە بىر ۋارىيانتى «شەيخلەر» بولۇپ، بۇ نام مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ھازىرقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايىدىكى مازار ۋە شۇ مازار ئاساسىدا قويۇلغان يېڭى نامى «شەيخلەر كەنتى» دېگەن نامدىن كەلگەن. بۇ گەرچە بىر يېڭى نام بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان

---

① 牛汝极著：《阿尔泰文化与文明西域》，新疆大学出版社 2003 年版，第 33 页。

② مىرسۇلتان ئوسمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر.

تەتقىقاتچىلاردىن مۇتەللىپ سىدىق ۋە ئابلەت ئابباستىن باشقا يەنە ياپونىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە 1997 ـ يىلى ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى خاياشى تورۇ، جۇڭگولۇق تەتقىقاتچىلاردىن سابىت روزى، تاھىرجان مۇھەممەت ۋە ۋاڭ جيەنشىن قاتارلىق ئالىملارنىڭ مەزكۇر كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئېلىپ بارغان تىل تەكشۈرۈشىدىن كېيىن كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان «شەيخىل سۆزلۈكلىرى» دېگەن ئەسەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئابدال» سۆزىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان «ئەينۇ» سۆزىگە كەلسەك، بۇ پەقەت خوتەن رايونىدا ياشاۋاتقان (ئاساسلىقى لوپ ناھىيە بۇيا يېزىسىنىڭ تامئېغىل كەنتى) ئابداللار ئىچىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ نامنىڭ يازما مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋاقتىمۇ بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بىراق، ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنقى مەنبەلەردە يەنىلا «ئابدال» ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ[①].

«ئەينۇ» (ھەينۇ دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دېگەن بۇ نامنى مەزكۇر كىشىلەر توپى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلاردىن جاۋشياگرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى ئەپەندىلەر ئەڭ دەسلەپ يازما ئەمگەكلىرىدە ئىشلەتكەن. ئارقىدىن، ئاۋستىرىيەلىك تەتقىقاتچىلاردىن ئاندېرىي ئېتزى بىلەن ئوتتو لەدىستەتتىر، خاياشى تورۇ، نيۇ رۇجى، شېرىپجان قاسىم قاتارلىقلارمۇ ئۆز

---

① *Report of a Mission to Yarkund in 1873 under Command of Sir. T.D. Forstyh*, Calcutta 1875; and also see: R. Shaw: *Visit to High Tatary, Yarkand and Kashgar*. London 1971.

ئەمگەكلىرىدە تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاندېرىي تىتزى بىلەن ئوتتو لەدستەتتىر مەزكۇر سۆزنىڭ مەنىسى «كەمبەغەل»، «دىۋانە»، يەنە «بىلىملىك كىشى»، «موللا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ[1] دېگەننى ئەسكەرتكەن بولسا، شېرىپجان قاسىم ئەپەندى: «خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى، بۇ خىل ئادەملەر ھەر خىل نامدا ئاتىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ئۆزلىرىنى ‹ئەينۇ› دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بەزىلەر بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ‹ئىككى يۈزلىمچىلەر› دېگەننى بىلدۈرىدۇ دېيىشىدۇ، بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە ئۇنداق مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ سۆزدىكى ‹ئەي› كۆرستىش ئالماش بولۇپ، ‹ئۇ، ئاۋۇ› دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ‹نۇ› سۆزى بىرىنچىدىن، ‹كەپە›، ‹چېدىر›، ‹ساتما› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ‹يات›، ‹يوچۇن ئادەم› دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى كۆچۈپ يۈرىدىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ‹كۆچۈپ يۈرىدىغانلار› دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. لېكىن كېرىيە ناھىيەسىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ‹ئەينۇ› دېسە خاپا بولىدۇ. ئۇلار ‹ئەينۇ› دېگەن سۆزنى ‹تىلەمچى› دەپ چۈشىنىدۇ. ‹ئەينۇ› دېگەن سۆزنىڭ توغرا مەنىسى — ‹مۇقىم ئولتۇرۇقى يوق، يۇرت كېزىپ يۈرىدىغانلار› دېگەندىن ئىبارەت»[2] دەپ قارايدۇ. ئەمما، يۇقىرىقى تەتقىقاتچىلارنىڭ ھېچقايسىسى «ئەينۇ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ئېنىق بىر

---

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp29-44.

② شېرىپجان قاسىم: «خوتەندىكى ئابداللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە 30 ـ، 31 ـ بەتلەر.

نەرسە دەپ بىرەلمىگەن.

«ئابدال» سۆزى يازما تارىخىي مەنبەلەردىن «تارىخى رەشىدىي» دە «قەلەندەر» بىلەن تەڭداش مەنىدە كۆرۈلىدۇ ۋە دەرۋىشلەرنىڭ بىر تارمىقى ياكى دەرۋىشلەرنىڭ ئاتاق نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ①.

«ئابدال» نامىنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر قاراش كىلاسسىك مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان سوپىزمنىڭ ئېتىقاد دەرىجىلىرىدىكى مەلۇم بىر سىرلىق كىشىلەر توپى ياكى دەرۋىشلەرگە بېرىلگەن ئاتاق نامى بولۇپ، بۇ نامغا بېرىلگەن تەبىر ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قىسىم مەزمۇنلاردىن بىز بۇ سىرلىق كىشىلەر توپى بىلەن شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەمدە كىلاسسىك سالنامىلەردا تىلغا ئېلىنغان «ئابدال» لارنىڭ مەلۇم ئورگانىك باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىدىن مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۆزىنىڭ شىنجاڭ خوجىلىرىغا بېغىشلىغان يىرىك ئەسىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا، خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتلىرىگە دائىر بايانلىرى ئىچىدىن «ئابدال» لارغا دائىر بىر قىسىم قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپتۇلەركى: ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن سوئال قىلدىلەر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئېيتتىلەركى: بەدۇرۇستىكى، ھەقتائالانىڭ بەندەئى بەرگۇزىسىدە 300 جان

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 158 ـ. 201 ـ : 2 ـ توم، 989 ـ، 990 ـ، 1088 ـ، 1089 ـ، 1094 ـ، 1096 ـ بەتلەر.

بـاركى ئۇلارنـىـڭ دىلـلـەرى ھەزرىتـى ئـادەم ئەلەيھىسـسالامـنىڭ دىللەرىـغە ئوخـشاشتۇر. يەنە قىرىـق تەن بـاردۇركى، ئۇلارنـىـڭ دىلـلـەرى مۇسا ئەلەيھىسـسالامـنىڭ دىللەرىـغە ئوخـشاشتۇر. يەنە يەتـتـە تەن بەنـدەئى بـاردۇرلەر، ئۇلارنـىـڭ دىلـلـەرى ئىبـراھىم ئەلەيھىسسالامـنىڭ دىللەرىغە ئوخشاشتۇر. يەنە بەش تەن بـاردۇر، ئۇلارنـىـڭ دىلـلـەرى ھەزرىتـى جىبرىئىـل ئەلەيھىسـسالامـنىڭ دىللەرىغە ئوخشاشتۇر. يەنە ئـۈچ تەن بـاردۇر، ئۇلارنـىـڭ دىلـلـەرى ھەزرىتـى مىكائىـل ئەلەيھىسـسالامـنىڭ دىللەرىـغە ئوخـشاشتۇر. يەنە بىر بەندە خاسلارى باردۇركى، ئۇلارنـىـڭ دىلـلـەرى ئىـسرافىل ئەلەيھىسـسالامـنىڭ دىللەرىـغە ئوخـشاشتۇر. ۋەقتىـكـى بىـر تەن ئالەمـدىن بارسـە، ئـۈچ تەنـدىن ئالـىپ ئورنىغـا قويۇلـۇر. مۇشـۇ تەرتىپ بويىچە 300 تەننى ئەخيار ئاتارلەر، قىرىق تەننى ئابدال ئاتارلەر، يەتتە تەننى ئەبرار ئاتـارلەر، يەتـتە ئىقلىمنىـڭ كـارى ـ بارى بۇلارغا تەئەللۇقتۇر. بەش تەننى ئەۋتاب ئاتارلەر، ئۈچ تەننى نۇقۇبا ئاتارلەر، بىر تەننى غەۋس ـ قۇتب ئاتـارلەر. بـۇلار بىـر ـ بىرىنـى تـانۇرلەر. ھەر ئىـشـدا بىـر ـ بىرىنـىـڭ رۇخـسەتلىرىگە موھتاجدۇرلەر. ھەممە ۋاقىت جاھان بۇلاردىن خالىي بولماس...
ئاكـابىر تەرىقەتـتىن بىــرلەرى ئىيتتىلەركـى: مەن غەيـب جامـائەنى كـۆردۈم ۋە سـالام قىلـدىم، جـاۋاب سـالام بەردى. سورىدۇمكى: «سىزلەرگە نىچۇك نىسبەتدۇر؟» ئەيدىلەر: «بىزلەر سـوفىلەردۇرمىز. ھەلقەلەرىمىـز يەتـتەدۇر. تـالىبىن، مۇرىـدىن، سالىكىن، سائىرىن، تاھىرىن، ۋاسىلىن، يەتتىنچى قۇتبـدۇر».
قۇتب ئىككى مەرتىبەدە بولۇر. بىرى قۇتبۇل ئىرشـادكى ئۇنىـڭ دىللـىرى ھەزرىتـى مـۇھەممەد مۇسـتافا سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسسەللەم دىللىرىغـا ئوخـشاشتۇر. ئـۇلارنى «قـۇتبى ئىرشـەتى» دەرلەر. ۋە يەنە بىرلەرىنى قۇتبۇل ئەبدال دەرلەر. ئۇنىڭ دىللەرى

ھەزرىتى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللەرىغە ئوخشاشتۇر...ئۇل ئەبدال يېمەك ـ ئىچمەك ۋە خالا جايغا بارماق ۋە دارۇ قىلماق ۋە ناماز ئۆتىمەك، مۇستافا سەللەللەھى ئەلەيھى ۋەسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرمەك ۋە ئىستىقباللىرى بار. ھەر مەنزىلدە بىر كۈندىن يا بىر سائەتتىن زىيادە بولماسلەر. مەكەر كار بولسا ئىقامەت قىلۇرلەر. ئەمما قۇتبلار ئۆز جايىدا سابىت قەدەمدەدۇر»[1].

مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدىيە» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفھاتۇلئۇنس»[2] (سوپىزمنىڭ پېشۋالىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان كىتاب) تىن نەقىل ئېلىپ، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ مەلۇماتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆۋەندىكى بايانلارنى يازىدۇ: «...ئاسماندىن يامغۇرنىڭ يېغىشى، يەر ـ زېمىندا ئۆسۈملۈك، گىياھلارنىڭ ئۈنمەكلىكى ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنىڭ ھىممەت ۋە مەدەت قىلىشىدىندۇر. بۇنداق زاتلار 4000 بولۇپ، ئالەمنىڭ ئىگىلىرى شۇلاردۇر. بۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەيدۇ. پۈتۈن ئەھۋالى خالايىقتىن مەخپىيدۇر. پۈتۈن چىگىشلەرنى يەشكۈچى ۋە ھەل قىلغۇچى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلۇغ سانالغۇچىلار 300 دۇر. بۇلارنى ئەخيار (ئەڭ

---

[1] مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 97 ـ، 98 ـ، 99 ـ، 100 ـ، 101 ـ بەتلەر.

[2] Al-Jami, *Nafahāt al-Uns Min Hadarāt al-Qudus*, ed. By M. Abidi, Tehran, 1992.

يىقىن دوست دىگەن مەنىدە) دەيدۇ. بۇ زاتلاردىن 40 تەننى ئابدال (ئۆزگەرمەك ياكى ئۆزگەرتمەك) ئاتايدۇ. يەنە يەتتە كىشىنى ئەبرار (پاك، گۇناھسىز كىشى، گۇناھنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا ياردەم بەرگۈچى) ، تۆت كىشىنى ئەۋتاد (مىخ - قوزۇق، دۇنيانى تۇتۇپ تۇرغۇچى)، ئۈچ كىشىنى نەقىبا (يېتەكچى، يول باشلىغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى)، بىر كىشىنى قۇتب ۋە يەنە بىرىنى غەۋس (قۇتۇلدۇرغۇچى، قۇتۇلۇشقا ياردەم بەرگۈچى) ئاتايدۇ. بۇلار بىر - بىرىنى تونۇيدۇ. ھەربىر ئىشتا بىر - بىرلىرىنىڭ رۇخسەت قىلىشىغا ۋە ياردەم بېرىشىگە موھتاجدۇر»[1].

ئەمدى بىز «ئابدال» غا مۇناسىۋەتلىك چەت ئەل مەنبەلىرىگە قاراپ باقايلى:

«ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە ئابداللارغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ئابدال — بۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاللا تەرىپىدىن تونۇلغان ھەمدە دۇنيا ئۇلار ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ دەپ قارىلىدىغان مەلۇم سىرلىق كىشىلەرگە بېرىلىدىغان نام. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۆلسە يەنە بىر كىشى ئاللا تەرىپىدىن مەخپىي ھالدا كۆرسىتىلىپ ئۇنىڭ بوشلۇقى تولدۇرۇلىدۇ»[2].

«مېھىر بابا ھەرىكىتى» دە تۆۋەندىكىدەك يېزىلغان:

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 359 - ، 360 - بەتلەر: «تارىخى ھەمىدىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 520 - ، 521 - بەتلەر.

② by Micha F. Lindemans, © MCMXCV - MMVI *Encyclopedia Mythica*™. All rights reserved, 2004, http://en.wikipedia.org/wiki/Abdal.

«ئالىي ئىنتىلگۈچىلەر پەقەت مەلۇم بىر ئالاھىدە روھنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاددىي كىشىلەر سېزەلمەيدىغان سىرلىق كۈچ ۋە سېزىمغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئېتىقادلارغا ئاساسەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى ئۆلچەمدە ئىنتىلگۈچىلەر نازۇك دۇنيادىكى نۇر ۋە رەڭلەرنى كۆرۈپ، خۇش پۇراقلارنى پۇراپ، مۇزىكىلارنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار كەلگۈسىنى كۆرەلەيدۇ ۋە بىلەلەيدۇ. بەزىلىرى پۈتكۈل ماددىي دۇنيانى تەسەۋۋۇردا كۆرەلەيدۇ. بەزىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. بەزىلىرى ماددىي دۇنيانى كونترول قىلغاندەك ئۆز گەۋدىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇلار سوپىزم ئادىتىدە ‹ئابداللار› دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ مۆۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى غەيرىي دۇنياغا تەۋە. ئۇلارنىڭ بۇ قۇدرىتى خاتا سېزىم (خىيالىي سېزىم) دائىرىسىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئۇلار كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر ئۇلار ئۆزلىرى دەۋالغاندەك خۇداغا يېقىنلىقىدىن بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ سېزىمى، ئىنتىلگۈچىلەرمۇ ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. بەزىلىرى ئالاھىدە دەرىجىدىن تاشقىرى قۇدرەتنى بىلەن مەست بولۇپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېقىنلاشماقچى بولىدۇ»[1].

ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى، سەنئەت ۋە پەندىكى ئىسلام ئىدىيەسى ھەم تۈرك ئەدەبىياتى بويىچە پىروفېسسور ئەخمەد كارا مۇستافا، 1994 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «خۇدانىڭ كونترول قىلىش قىيىن بولغان دوستلىرى: ئىسلامنىڭ كېيىنكى، ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى دەرۋىش گۇرۇپپىلىرى (1200~1500)» دېگەن كىتابىدا، ئۇچ دەرۋىش

[1] Meher Baba, *Different States of Aspirants*, Copyright 1980. www.meher.info.

گۇرۇپپىسى پىشۋالىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى ئايرىپ چىققان بولۇپ، «قەلەندەرلەرنىڭ پىشۋاسى جامالىدىن ساۋى (1233 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ھەيدەرلەرنىڭ پىشۋاسى قۇتبىدىن ھەيدەر (1222 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئابداللارنىڭ پىشۋاسى ئوسمان بابا (بابا سوپىزم پىشۋالىرىنىڭ تۈركىي تىلدىكى ھۆرمەت نامى). ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە، تۈركىيەدىن تارتىپ ھىندىستانغىچە بولغان ئىسلامنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا تارقالغان» دەپ يازغان[①].

تۈركىيە تەتقىقاتچىلىرىمۇ بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن بولۇپ، ئاناتولىيەدىكى ئابداللارغا ئائىت بىر قىسىم قوشاقلار ئاللىقاچان تۈرك فولكلورىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

تۈركىيەلىك تەتقىقاتچى ئەلى تۇران گۈلچىچەك ئۆزىنىڭ «ئابداللار» دېگەن ماقالىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىلا، شاھ خاتايىنىڭ «ئەزەلدىن دوست بولغانلار ئەۋلىياغا، ئاھىلەر (قەدىمكى تۈرك قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلغۇچى مەردلەر)، غازىلار، ئابداللار بولدى» دېگەن كەلىمىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇ ئابدال سۆزىنىڭ تەبىرىنى تۆۋەندىكىدەك شەرھلەيدۇ: «ئابدال» ــ سۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئەرەبچە «bädäl» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «شاھىت» ياكى «ۋەكىل» دېگەنلىكتۇر. ئىلاھىي مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ بارلىق نازۇنېمەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، يوشۇرۇن بىر قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئەۋلىيالارنىڭ،

---

① Dr. Ahmet Karamustafa: *God's Unruly Friends: Dervish groups in the Islamic Later Middle Period 1200-1500*. Salt Lake City, University of Utah Press, 1994. P155.

ئەرەنلەرنىڭ سوپىلىق ئېتىقاد قاتلىمىدىكى دەرىجىلىرىدىن بىرى، خەلق ئىچىدە بۇلارنى «دەرۋىش» ياكى «ئەرەنلەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. قەلەندەر ۋە يورۇقلۇق تەبىرى بىلەنمۇ ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىدۇ[①].

كەڭ تارقالغان بىر ئىشەنچكە قارىغاندا، قىرىققا يېقىن ئابدال، ئەۋلىيا ئېتىقاد دەرىجىسى بويىچە رەتكە تىزىلغاندا 5 ـ دەرىجىدە تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇپ تىلىدا بۇلارنىڭ بىرىنى «قۇتۇب» ياكى «غەۋس»، ئىككىسى «ئەل ئىمامىدىن» (ئىككى ئىمام)، تۆتىسى «ئەل ـ ئەۋتاد» (ئىسلام دىنىغا قايتقۇچى) ياكى «ئەل ئۇمىد»، يەتتىسى «ئەل ـ ئەفراد» ياكى «سارالڭ»، قىرىقى «ئابدال» (تەلۋە) دېيىشىدۇ. بۇلاردىن كېيىن تۇرىدىغان 6 ـ دەرىجىدىكىسىنى «نۇجەبا»، ئۈچ يۈزىنى «نوقۇبا»، بەش يۈزىنى «ناشابا»، ئۇلاردىنمۇ كېيىنكىلەرنى بولسا «هۆكۈما» ياكى «مۇفرادان» دېيىشەتتى.

بەزى ئەلەۋى ـ بەكتاش دەرۋىشلىرى ۋە سەپەر ئۇستىدىكى ئۇلۇغلار ئۇچۇنمۇ «ئابدال» دېگەن تېرمىن ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، «ئابدال مۇسا»، «قايغۇسىز ئابدال»، «پىر سۇلتان ئابدال»، «تەسلىم ئابدال» دېگەندەك. سالجۇقلار دەۋرى (12 ــ 13 ـ ئەسىر) دە خوراساندىن ئاناتولىيەگە كالگەن، كۆپىنچىسى بابا ئەلى ۋە بەكتاشى مەزهىپىگە تەۋە بولغان ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇهىم رول ئوينىغان خوراسان

① GÜLÇİÇEK, A. D. (2004): *Abdallar* .
http://www.hbektas.gazi.edu.tr/25.%20Dergi/ GÜLÇİÇEK.htm. also see: *SBARD* Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 – 626

ئەرەنلىرىگىمۇ «ئاناتولىيە ئابداللىرى» دېگەن نام بېرىلگەن[1].

تۈركىيە دىجلە (Dicle) ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەتشۇناشلىق فاكۇلتېتى پەلسەپە ۋە دىن بىلىملىرى بۆلۈمىنىڭ ياردەمچى پىروفېسسورى دوكتور ئەجدەر ئوكوموش ئۆزىنىڭ «تۈركىيەدىكى ئايرىم توپ ــ ئابداللار» دېگەن ماقالىسىدە، ئەلى تۇران گۈلچىچەكنىڭ ئەمگەكلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ئابداللار ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«ئابدال» دېگەن سۆز «ئۆزگەرمەك، ئۆزگەرتكۈزمەك، بىر شەيئىنى بىر شەيئىنىڭ ئورنىغا قويۇش» مەنىسىدە كېلىدىغان ئەرەبچە «بەدەل» پېئىل يىلتىزىدىن بىر شەيئىنىڭ ئورنىنى تۇتىدىغان، «قارشىلىق، ۋەكىل، گۇۋاھچى، تەمسىلچى دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدىغان «بەدەل» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئاساسەن زاھىت، دەرۋىش، دىندار، جاھانكەزدى، قەلەندەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «بۇدالا» مۇ دېيىلىدۇ. تەسەۋۋۇپ تىلىدا دىنىي يۇقىرى مەرتىۋە قازانغان زاتلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «مىساللىرى بىلەن تۈركچە سۆزلۈك»تە، ئابدال دېگەن سۆزگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىلىملەرگە ئورۇن بېرىلگەن: (1) كۆڭلىنى ئاللاغا بەرگەن، دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن جاھانكەزدى دەرۋىش. بۇلار قەدىمدىن «ياھۇ» دەپ توۋلاپ يۈرۈشىدۇ. (2) پاكىز يۈرەكلىك، ساپ كىشى. (3) يوقسۇل. (4) بىر نەرسىگە ئەقىل ئىشلەتمەيدىغان، قەلەندەرلىك قىلىدىغان ۋە دەرۋىش كىشى. بۇ

---

① GÜLÇİÇEK, A. D. (2004): *Abdallar.* http://www.hbektas.gazi.edu.tr/25.%20Dergi/GULCICEK.htm. also see: *SBArD* Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 – 626

سۆزلۈكتە «ئابدالان» (ئابداللار) بولسا تەرىقەت ئىشەنچىسى بىلەن ئاللاغا بېرىش يوللىرىنىڭ ئەڭ يۇكسەك سەۋىيەلىرىگە يەتكەن كىشىلەر سۈپىتىدە ئىزاھلانغان (مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقى، 1995).

باشقا بىر سۆزلۈكتە «ئابدال» دېگەن سۆزگە شۇنداق ئىزاھاتلار بېرىلگەن: (1) سافەۋىلەر دەۋرىدە ئىراندا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. (2) ئاناتولىيەدە ياشايدىغان بىر قىسىم قەبىلىلەرگە بېرىلگەن ئات: گەيگەل ئابداللىرى. ئابدال قەدىمدىن بەزى جاھانكېزەر دەرۋىشلەرگە بېرىلگەن ئات: «تاغ يۈرمىسىمۇ، ئابدال يۈرەر» (ماقال). «بېرىپ يۈلىنەي ھاجى بەكتاشقا، ئابدالنىڭ بولايمەن چۆللار ئىچىدە» (گەۋھەرى). ئابداللار ئاناتولىيە تۈركمەنلىرى ئارىسىدا «گەنەل» مۇ دېيىلىدۇ[1].

«ئابدال» سۆزىنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىكى قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە مەنبەگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، «ئابدال» سۆزى پارس تىلىدىن كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسى «سۇنى توسقۇچى»، «سۇنى دالىدا قىلغۇچى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، پارسچە «ئاب»(سۇ) سۆزىگە «دال» (دالدا، خالىي) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشنى ياقلىغۇچىلار بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا يەنە بىر قىسىم تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن تەسەۋۋۇرغا باي بولغان بۇ قاراشلىرىنىڭ پاكىت ئاساسى قىلغان. ئەمما،

---

[1] Doç. Dr. Ejder Okumuş: *Türkiye'de Marjinal bir Grup Olarak Abdallar*, SBARD Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 – 626.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ئابدال» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى پارسچە «سۇنى توسقۇچى» دېگەندىن ئىزدەشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. ئەگەر بۇ سۆزنى «كەربالا ۋەقەسى»[1] بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەندىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى پارسچىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەب تىلىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، «ئابدال» سۆزى قەدىمكى ئېفتالىتلارنىڭ نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشنىڭ تەشەببۇسچىلىرى قەدىمكى ئېفتالىتلارنىڭ ئەرەبچە مەنبەلەردە Hetal ،Heftal، پارسچە مەنبەلەردە Hayatila ،Haital، غەرب مەنبەلىرى ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ Ephthalites ياكى «ئاق ھون» دەپ ئاتىغانلىقى ۋە بۇ خەلقنىڭ بىرمەھەل ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سەلتەنەت سۈرگەنلىكى ھەم ئۇلارنىڭ نامىنىڭ ھازىرقى «ئابدال» سۆزى بىلەن ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ، بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى «ئېفتالىت» سۆزىدىن ئىزدىگەن. ئەمما، بۇنىڭغا ئىشەنچلىك بولغان تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسىنى كۆرسەتمىگەن.

دەرۋەقە، ئېفتالىت خانلىقى گەرچە قۇدرەت تاپقان مەزگىللىرىدە، يەنى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھايىتى روشەنكى توخارىستاندا تارىخىي سەھنىگە چىققان. 5 ـ

---

① مىلادىيە 680 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 4 ـ خەلىپە ئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۇمەييە سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، قەتل قىلىنغان ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقە شىئەلەر بىلەن ئۇمەييە سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەن.

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلار پوتكول توخارىستان ھەمدە پامىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافغانىستاننىڭ زور بىر قىسىم رايونلىرىنى ئىگىلىگەن. 479 ـ يىلى، ئۇلار تۇرپان رايونىنى ئىگىلىگەن، 497 ـ يىلىدىن 509 ـ يىلغىچە قاراشەھەر ۋە ھازىرقى ئۈرۈمچى رايونلىرىنىمۇ بويسۇندۇرغان. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق مەزگىللەردە، بەلكىم 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر بىلەن خوتەن رايونىمۇ ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن[①].

ئېفتالىتلارنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ خانلىقى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز، ھەر خىل تارىخنامىلەردە ئۇلارنى ھەر خىل نامدا ئاتىغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە بۇ خانلىقنىڭ نامىنى 挹怛 (挹阗 نىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى، قەدىمدە «iep_t'ien» دەپ ئوقۇلغان)، ئۇلارنىڭ خانىنىڭ نامى 厌带夷栗陀 (قەدىمدە Yeptalitha دەپ ئوقۇلغان) دەپ يېزىلغان. سۈرىيە تارىخنامىلىرىدە ئۇلارنى eptalīt، a β del؛ گرېكچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا A β δ ε λ α ι، Eφθαλιται؛ ئەرمىنىيە تارىخنامىلىرىدە heptal ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلىدىكى تارىخنامىلەردە hēftāl ھەمدە hyōn؛ ئەرەبچە تارىخنامىلەردە haital؛ يېڭى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا hētāl دەپ ئاتالغان بولۇپ، بالامىرنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا «ئېفتالىت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، بۇخارا تىلىدا «كۆچلۈك كىشى» دېگەنلىك بولۇپ، خوتەن ساك تىلىدا شۇنىڭغا

① 《中亚文明史》，卷三，第 112 页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سۆزنىڭ مەنىسى «باتۇر، چەبدەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن[1].

دېمەك، «ئېفتالىت» دېگەن سۆز ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ تارىخنامىلىرىدە ئوخشىمىغان تەرىقىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئېفتالىتتىن ئىبارەت بىر خەلقنى كۆرسەتكەن سۆز بولۇپ، بۇ نام ئۇلارنىڭ خانىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئەگەر بىز «ئابدال» سۆزىنى ئېفتالىت سۆزى بىلەن تەڭداش مەنىدىكى سۆز دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا شىنجاڭ رايونىدا ياشاۋاتقان ئابداللارنىڭ بىر قىسىم رىۋايەتلىرى، مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قىلىنىۋاتقان خەتنىچىلىك، پەسىل خاراكتېرلىك تىلەمچىلىك، شۇنداقلا بېكىنمىچىلىكتىن ئىبارەت ئۆزلۈك ئادەتلىرىگە تامامەن زىت كېلىدۇ. ئەگەر بىز مەزكۇر قوۋمنى ھەقىقەتەن ئېفتالىتلارنىڭ پۇشتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىمىزدا قەشقەردە ياشاۋاتقان ئابداللار توغرىسىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىن بەزى ئۇچۇرلارنى ئېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ كىشىلەر توپى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ مۇھىمى بۇ كىشىلەر قوللىنىۋاتقان ئەبجەش سۆزلۈكلەردىكى پارس تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ يېڭى پارس تىلى بولۇشى ئېفتالىتلار بىلەن «ئابدال» لارنى بىر مەنبەدىن ئىزدىگۈچىلەرنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرىدۇ.

يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئەگەر بۇ كىشىلەر توپى ۋە ئۇنىڭ نامىنى ئېفتالىتلارغا باغلاپ

[1] 《中亚文明史》，卷三，第 107页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇلارمۇ ئۇيغۇر ئومۇمىي گەۋدىسى بىلەن بىر قاتاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولىدۇ. ئەجەبا، شۇنچە چوڭ مىللەت گەۋدىسى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ بىر توپ كىشىلەرلا تىلەمچىلىك ۋە خەتنىچىلىكنى تالىشىۋالغانمۇ؟

بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ئابدال» نامىنى «ئىپتالىت» نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش بىر خىل ھېسسىي بىلىش مەسىلىسى بولۇپ، ھېسداشلىق نۇقتىسىدىن بۇ پىكىرگە قوشۇلۇشقا تىرىشىساقمۇ، ئەمما پىرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇشقا ئامالسىزمىز. چۈنكى ئۇنىڭ پاكىت ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس.

ئۈچىنچى، «ئابدال» سۆزى سوپىزم ئېتىقادىدىكى مەرتىۋە نامىدىن كېلىپچىققان[1] بولۇپ، سوپىزم ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئەرەب تىلىدىكى «ابدال (abdāl)» (كۆپلۈك شەكلى «بدل bádal») دىن كەلگەن، مەنىسى «ئۆزگەرمەك» ياكى «ئۆزگەرتمەك» دېگەنلىك بولۇپ، سوپىزم ئېتىقادىدىكى مەلۇم سىرلىق كىشىلەر توپىنىڭ نامى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «ئابدال» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئەرەبچە «ابدال (abdāl)» (كۆپلۈك شەكلى «بدل bádal») دىن ئىزدەش بىرقەدەر ئىلمىي دەپ قارايمىز. چۈنكى بۇ كىشىلەر توپى پارسچە « درويش Darvīsh » (دەرۋىش)[2] دەپ شەرھلەنگەن بولۇپ، يۇرت ئارىلاپ كېزىپ يۈرىدىغان بۇ دەرۋىش گۇرۇپپىلىرى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە

---

① L. Bevan Jones, *The People of the Mosque, Printed at Puntsman Doriwalan*, London, 1932. also see: *Dictionary of Islam*, P1.

② http://en.wikipedia.org/wiki/Dervish

ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا توختاۋسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ، يەرلىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «ئابدال»، «دەرۋىش»، «قەلەندەر»[1]، «دىۋانە» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا تەسەۋۋۇپ سوپىلىرىنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقىنى ئىسلام دىنىنى، جۈملىدىن سوپىزمنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى قۇۋۋەتلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ ھەر خىل مەزھەپ ۋە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ، يىلتىز تارتىشى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى سىياسىي ھەم ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەركىزى كىشىلەر توپىغا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە «ئابداللار»دىن ئىبارەت بۇ گۇرۇھ پەقەت خەتنىچىلىك ۋە تىلەمچىلىكنىلا ئاتا كەسىپ قىلىپ باشقا كەسىپ بىلەن ئاز شۇغۇللانغاچقا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ نامىدىمۇ مەنە ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن «ئابدال» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما بەزى ئورۇنلاردا مەھەللىۋى ناملىرىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن بولۇشى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئابدال» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خەتنىچىلىكنى ئاساس قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ خاس نامى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىپ، پەقەت، «قەلەندەر، دىۋانە، تىلەمچى»[2] دېگەن مەنىدە شەرھلەنگەن بولۇشى ئېنىق.

---

① 韩中义著：《西域苏非主义研究》，中国社会科学出版社 2008 年版，第 13 页。

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى 1 ـ توم ،1 ـ بەت.

يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تىلغا ئالغان «شەيخلەر»، «ئەينۇ» قاتارلىق ناملار پەقەت مەزكۇر كىشىلەر توپى ياشاۋاتقان جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك نامى ۋە مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن قويۇلغان ئىككىلەمچى ناملار بولۇپ، بۇنىڭ يەنە «گىمۇزلۇقلار»، «تامئىبىغىللىقلار» (بۇ نامنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا لوپ ناھىيە بويىچە يېزا تامئىبغىل كەنتىدىكى ھوسەيىن ھەسەن بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرگەن، بىز ئۇنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئايرىم تونۇشتۇرىمىز) دېگەندەك ۋارىيانتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

«ئەينۇ» سۆزى پەقەت لوپ ناھىيە بويىچە يېزىسىنىڭ تامئىبغىل كەنتىدىكى ئابداللار ئارىسىدا ئۇچرايدىغان ئىبارە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ بەرگەن تەبىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئاندىرىي تېتىزى بىلەن لەدىستەتىرلەرنىڭ خاتىرىسىدە «كەمبەغەل»، «دىۋانە»، «بىلىملىك كىشى»، «موللا»: شېرىپجان قاسىمنىڭ ئىزاھاتىدا «مۇقىم ئولتۇرۇقى يوق، يۇرت كېزىپ يۈرىدىغانلار» دېگەن مەنىلەردە چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، بىزنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىمىز جەريانىدا ئۇلار بۇ سۆزنى «يۇرتنىڭ كۆزى» دېگەن مەنىدە دەپ شەرھلىگەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى لايىق تاپتۇق.

يەنە شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، مەيلى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن مەزكۇر كىشىلەر توپى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلار بولسۇن ياكى يېقىندىن بۇيان تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلار بولسۇن «ئەينۇ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنىڭ

قايسى تىل ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بىز شۇ قاتاردا ئوخشاش نامدىكى سۆزلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە يەنە باشقىچە خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئايرىم سۆزلۈكلىرىنى ياپونىيەنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئەينۇ خەلقىنىڭ سۆزلۈكلىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ چىقىپ بۇ ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدا نامدىكى ئاھاڭداشلىقتىن باشقا ھېچقانداق مەنبەداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ چىقتۇق[1].

ئاخىرىدا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، «ئابدالار»دىن ئىبارەت بۇ سىرلىق كىشىلەر توپى ھازىر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قالغان، ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگارەڭ ئېتىقاد قاتلىمىدىكى بىر كىچىك كارتىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەتقىقات ساھەسىدە يەنىلا پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئەسلىگە سادىق بولۇش پىرىنسىپى بويىچە بۇ كىشىلەر توپىنى «ئابدال» دەپ ئاتاش بىرقەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. ئەمما، شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ كىشىلەر توپى ھەرگىزمۇ ئايرىم بىر مىللەت گەۋدىسىنىڭ بوگۇنكى سارقىندىلىرى ئەمەس.

---

① Masayoshi Shibatani: *The Language of Japan—Ainu-English Word List*, Cambridge University Press, 1990, ISBN 052136070.

## §2. ئابداللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى

ئابداللار ئۇستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئەڭ قىيىن نۇقتىسى دەل ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان بىۋاسىتە تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ بولماسلىقى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، بۇ ھەقتىكى ھەر خىل قىياسلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان.

تۆۋەندە بىز ئالدى بىلەن نۆۋەتتە ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشى مەسىلىسى توغرىسىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان كۆزقاراشلارغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

**1. ئابداللارنىڭ سالاھىيتى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار**

شىنجاڭدىكى ئابداللارنى تەتقىق قىلىۋاتقان تەتقىقاتچىلار ئۆزلىكىسىز ھالدا ئابداللارنىڭ سالاھىيتى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا تىپىك ھەل بولمىغان خىلمۇخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بۇ كۆزقاراشلار ئاساسلىنىدىغان پاكىتلارنى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئابداللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى

ئۇلارنىڭ يېگانىلىكىدە بەكرەك كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى ئەمەس، ئۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر ـ كەسىپلىرىمۇ ئانچە شەرەپلىك ئەمەس. ئۇلار كەمبەغەل كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ قالاق دېھقانچىلىقى، ئىلگىرىكى ئايلىنىپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سەرسانە ھاياتى ھەمىشە باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايتتى. ئۇلار ياۋروپادا سىگان دەپ ئاتالغان خەلقلەر بىلەن ياكى بولمىسا ئېھتىمال سىگان دەپ قارىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى لۇلىلار[1] بىلەن باغلىنىشلىق. يەرلىكلەر بولسا ئۇلارنىڭ دىنىي ئورنىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا قاراپ ، ئۇلار يەھۇدىيلار بولسا كېرەك دەپ گۇمانلانغان[2]. پېللىئوت ئۇلارنى ھېچقانداق ئايرىم بىر مىللەت ئەمەس، ئەكسىچە ئايلىنىپ يۈرىدىغان سەرگەردان دەرۋىشلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان[3].

ئىككىنچى، ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئابداللارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان ئىرقىي تىپ بىلەن بولغان پەرقىنى

---

① F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet.* Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898. See, M. Aurel Stein: *Ruins of the Desert Cathay, Personal Narrative of Explorations in Central Asia and Westernmost China*, London 1912(Reprint New York 1968), Band 1. pp. 501-502.

② F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet.* Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

③ Paul Pelliot: *Les Abdal de Païnap*, in: *Journal Asiatique,* Dixiè me Série. Tome Ⅸ. Paris 1907, pp115-139.

كۆرسىتىپ بەردى①. باشقىلىرى بولسا ئاساسەن ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى، ساقىلىنىڭ قويۇقلۇقىغا ۋە باشقا بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپلا ئۇلارنى غەربىي ئاسىيا ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ تەسۋىرى ۋە باش سۆڭىكىنىڭ ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ، خۇددى ئانتروپولوگ كارلو خىلدىن كېيىن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ (شەرقچە ۋە ئەرمەنچە) ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، بەلكىم يەنە تۇران (موڭغۇل) ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن②.

ئۇچىنچى، ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا ئابداللارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئايرىپ چىقىش، ئۇلار ئۈستىدە ئايرىم پىكىر ۋە پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەممىشە قىيىنغا توختايدۇ. بۇ يەردە شۇنداقلا بىر - بىرىگە زىت بولغان بايان ۋە چۈشەندۈرۈشلەر كېلىپچىقىدۇ. كېرىيەدىكى ئابداللار مىسسوپوتامىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كۇفا شەھىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتى دەپ قارىشىدۇ. بەلكىم ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادى، يەنى ھۇسەيىن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئۇمەييە خەلىپىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ قېچىپ كۆچۈپ كەتكەن ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا،

---

① Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

② C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12. Kaarlo Hilden: *The Abdals in Eastern Turkistan from an Anthropological Point of View*, in *Journal of the Royal Central Asia Society*, Vol. ⅩⅩⅩⅥ, January 1949, Part Ⅰ, pp. 72-77.

ئۇلارنىڭ ئەسلىي شىئەلەر بولسا كېرەك. ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، بۇ ئابداللار ئۇلارغا قارشى تۇرغان خەلقلەر تارقاتقان دىننى قوبۇل قىلمىغان، پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىننى قەستلىگەن قاتىلنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار زەربىگە ئۇچراپ، يۇرت ـ ماكانسىز، تىنىمسىز بولۇپ جاھاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن (Grenard ۋە Raquette بايانىغا قاراڭ. Percy Sykes بۇنى قايتا تىلغا ئالغان). كېرىيەدىكى بىر ئابدالنىڭ Grenard غا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار بولسا مۇھەممەدنىڭ كۈيئوغلى، 4 ـ خەلىپە، ھۈسەيىننىڭ دادىسى بولغان ئەلىنىڭ نەۋرىسىنىڭ (مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ) قوشۇنىدا بىللە شىنجاڭغا ئىسلام ئېچىپ كەلگەن ئىمام مۇھەممەت غەززالىغا تۇتىشىدىكەن[①]. ئىمام مۇھەممەت غەززالى ھىجرىيەنىڭ 121 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 739 ـ يىلىنىڭ باش ئەتىياز ۋاقتىدا كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا شېھىت بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. Grenard ئاخىرىدا :ـ «ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئەنئەنىچى سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى يوشۇرغان ۋە ياكى بولمىسا ئىنكار قىلغان. بۇلار بولسا ئەڭ دەسلەپتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شىئەلەر جامەئىتىنىڭ مەھەللىسى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. مۇتەللىپ سىدىق بىلەن پېيلىئوتنىڭ كېيىن قەشقەر پايناپتىكى ئابداللارنىڭ

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp29–50,

ئەنئەنىسى توغرىسىدا ئېرىشكەن مەلۇماتى Grenard نىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پېللىئوتنىڭ قارىشىچە، ئابداللار ئىرانىنىڭ دارۋىد \ داربىند (Darvet\darbend) دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كەلگەن شىئەلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەخىرلىنىپ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار تۇنجى بولۇپ شىنجاڭدا ئىسلام ئېچىپ كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتى دارۋىد (Darvet) ئەمەس، بەلكى شىرازنىڭ شىمالىدىكى دېھبىد (Dehbîd) ئىكەن. پېللىئوتنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كۆچمەن خەلق توپىنىڭ يول باشچىسى غوجا ئوغۇل پەتتالى غازى ئىكەن. ئەمما، مۇتەللىپ سىدىقنىڭ پىكرى بويىچە، ئابداللارنىڭ كېرىيەدە ئېنىقلانغان نامى بىلەن قەشقەر پايناپتا تارقىلىپ يۈرگەن نامى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا زىتلىق يوق. ئۇلار بەلكىم ئەرەبلەردىن بولغان شىئەلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۇزاق زامان ئىران تىللىق رايوندا تۇرۇپ قالغاچقا ئۇلارنىڭ تىلى ئىرانلىشىپ كەتكەن بولۇشى[①] ياكى بولمىسا ئىران تىلىدىكى ئوخشاش ئەقىدىدىكى خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، مەلۇم بىر ۋاقىتلارغىچە كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ ئېنىق ۋاقتى ھەققىدە بىرنەرسە دېيەلمىگەن) شىنجاڭغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

پايناپتىكى ئابداللارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئەنئەنىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا دەسلەپتە پېللىئوت، كېيىن مۇتەللىپ سىدىق مەلۇمات بەرگەن. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنى بەرپا قىلغۇچىلىرىنىڭ نامى،

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1985- يىلى ئۈيغۇرچە 2- سان، 28- بەت.

ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى تارىخىي ئاساسلار بار بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا بايقىغىنىمىزدەك، بۇ پاكىتلارنى باشقا مەنبەلەردىن ئىسپاتلاش قىيىن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن ئەسلىمىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، شۇنداقلا يېقىندىن پەيدا بولغان مۇقەددەس يۇرتىنىڭ ئەھمىيىتىنى (ياكى ئورنىنى) تېخىمۇ تەكىتلەش مەقسىتىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن مەشھۇر رىۋايەت ـ ھېكايىلەر ۋە بۇ يۇرتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى كېيىن پەيدا بولغان قەشقەردىكى ئوردا پادىشاھىم بىلەن ئۆزئارا باغلاشتۇرۇۋالغان.

تۆتىنچى، خەلق نامىنى ئاساس قىلغان كۆزقاراشلار: گەرچە «ئەينۇ» دېگەن بۇ نامنىڭ ئابداللارنىڭ خەلق نامى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كۆزقاراشنى گىرېنارد ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن پېلليئوتتىن باشقا ھېچقانداق بىر تەتقىقاتچى ئابداللارغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن بۇ نامنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان. لېكىن بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن بۇ نامنى ئاڭلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا «ئەينۇ» دېگەن بۇ نام خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەتقىقاتلاردا رەسمىي ھالدا بىر خەلقنىڭ ئايرىم نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان (جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىغا قاراڭ). ئەينۇ بولمىغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئەينۇ» دېگەن بۇ نام ئاساسەن ئابداللارنى كۆرسىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ يەنە بىر خەلق نامى گىلامان (Gilaman) بولۇپ[1]، بۇ نام زادى

① Paul Pelliot: *Les Abdal de Païnap*, in: *Journal Asiatique*, Dixième Série. Tome IX. Paris 1907, pp115-139.

ئۇلارنىڭ خەلق نامىمۇ ياكى ئەمەسمۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

ئادەتتە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ئابدال دېگەن بۇ نام تۆۋەندىكىدەك پاكىت ئاساسىغا قۇرۇلغان. يەنى بۇ خەلقلەر ئافغانىستاندىكى ئابدالى (Abdâlî) ھازىرقى دۇررانى (Durranî) لارنىڭ مۇھىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ[1]، ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئېفتالىتلاردىن ياكى ئاق ھونلاردىن كېلىپچىققان دەيدىغان كۆزقاراش ئاساسىغا قۇرۇلغان. مۇتەللىپ سىدىقنىڭ ئېفتالىت تەلىماتى تۈركولوگ ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ «مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە كۇشان دۆلىتىنى ئېفتالىتلار بېسىۋالدى، بۇلار ئابداللار بولۇپ، ئەرەب تارىخچىلىرى بۇلارنى 〈خەتتال〉 دەيدۇ»[2] دېگەن كۆزقارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغاندەك قىلىدۇ. مۇتەللىپ سىدىق ئۆز قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان بۇ خەلقلەرگە ھەممىشە ئېفتالىت دېگەن نامنى قوللانغان بولۇپ، مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى بۇ يەردە تېخىمۇ چوڭقۇرراق قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر دەپ قارايمىز.

ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن مۇتەللىپ سىدىق قوللاۋاتقان، ئىسپاتلاشقا تىرىشىۋاتقان، شۇنداقلا ئۇلار تەرىپىدىن ھەقىقەت

---

① 赵相如、阿西木《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982 年第 1 期，第 279 页。参见：Ella and Percy Sykes: *Through Desert and Oases of Central Asia*, London 1920. p. 242.

② ئىبراھىم مۇتىئى: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار»، «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 592 ـ بەت (بۇ ماقالە دەسلەپ «شىنجاڭ يەر ناملىرى خەۋىرى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان).

دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ مۇنازىرە تېمىسى بىزنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى ئابداللار بولسا ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر كۆچلۈك قەبىلە Abdâlî ھازىرقى دۇررانى Durranî لارنىڭ بىر تارمىقى، ئۇلار ئافغانىستاندىكى خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر دەپ قارالغان. ئابداللارنىڭ نامىنى فونېتىكا نۇقتىسىدىن Hephthaliten غا بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بۇ خىل كۆزقاراشنى گەرچە بىز ۋاقتىنچە توغرا دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ خىل پەرەز ئەڭ ئالدى بىلەن ئەنگلىيەلىك ئوفىتسېر، ساياھەت تەتقىقاتچىسى، ھەۋەسكار ئارخېئولوگ چارلىز ماسسون (Charles Masson) نىڭ 1846 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلغان ساياھەت ۋە تەۋەككۈلچىلىككە ئائىت بولغان كىتابى «بەلۇجىستان، ئاۋغانىستان، پەنجاپ ۋە ئۇلارنىڭ خەلقلىرى 1826 ــ 1838 ـ يىللار» (1842 ـ يىلى، لوندون، 13 ـ بەت) نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ كىتابىدا ئىختىيارسىز ھالدا قوشۇپ قويۇلغان مۇنداق بىر ئىزاھات ئۇچرايدۇ:

«Dúránís لار ھىندىستان ۋە پارستا Abdálli ياكى Avdâllí دەپ ئاتالغانىكەن. بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى، قەدىمكى زامان تارىخىدا ئاق ھونلارنىڭ كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە Euthalites، ئەرمەنىيەلىك ئاپتورلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا Hepthäl دەپ ئاتالغان. بىز Abdálli ياكى ھازىرقى Dúránís لارنىڭ ئاشۇ كۆچلۈك خەلقلەرنىڭ ئەۋلادى دېگەن خۇلاسىگە كېلەلەيمىز. Síá Posh Kâfrs نىڭ ئەسلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى Odâls لار تەرىپىدىن تۈزلەڭلىك

رايونلاردىن تاغلىق رايونلارغا قوغلىۋېتىلگەنىكەن. Odâls دېگەن سۆز ھېلىغىچە تۈۋەنكى دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرىنى كۆرسىتىدۇ».[1]

گەرچە بۇ خىل كۆزقاراش نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولسىمۇ، شۇنداقلا Abdálli دېگەن سۆزدىن ئابداللار دېگەن سۆز كېلىپ چىقتى دېگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن چارلىز ماسسوننىڭ بۇ بايانى ئەڭ ئالدى بىلەن «بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى» نىڭ بۇرۇنقى نۇسخىسىدا ئۇچرايدۇ. دېمەك، بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ مۇشۇنداق يوللار ئارقىلىق كەڭ تارقالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل بايانلارنى ئابۇلخاي ھەبىب (Abulhay Habîbî) نىڭ ئىككى توملۇق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «ئافغانىستان تارىخى» دىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ (كابۇل، 1967 ـ يىلى). بۇ كىتابتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغان تۈركمەن قەبىلىسى ئابداللار دەپ قارالغان[2].

تۈركىيەلىك تەتقىقاتچىلار بولسا، ئېفتالىتلارنى تۈركلەردىن ۋە ياكى قىسمەن تۈركلەردىن تەشكىل تاپقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەپ قارايدۇ[3]. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بەلكىم ماسسوننىڭ كۆزقارىشىنى تۈركىيەلىك تەتقىقاتچى فۇئاد كۆپرۈلۈ

---

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. p18,

② *Turkmen Sovet Encilopediyasi*, I , 8Bde., Ashhabad 1974-1984.

③ Zeki Velidi Toγan: *Eftalit Devletini Teškil Eden Kabilelere Dair*, Fen_Edibiyat Fakültesi Araštirma Dergisi, Bd13, Erzurum 1985.

(Fuad Köprülü) نىڭ «ئابدال» دېگەن ماقالىسىدىن (بۇ ماقالە دەسلەپتە ئىلگىرى پىلانلانغان «تۈركچە خەلق ئەدەبىياتى ئېنسىكلوپېدىيەسى» نىڭ 1935 - يىلىدىكى سىناق نۇسخىسىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن يەنە «تۈرك مەدەنىيىتى» (Türk Kültürü) دېگەن ژۇرنالنىڭ 1973 - يىللىق 11 - توم، 124 - سانىنىڭ 198 — 207 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان) ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارنىڭ تەخمىنەن ماسلىشىدىغانلىقىدىن باشقا، بۇ ئىسىملارنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن بىردەكلىكىگە قارىغاندا ماسسوننىڭ كۆزقارىشى پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئاق ھونلار (ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر تارمىقى) Eφ θλ ται (Ephthalitai) ئوخشاش دەۋردىكى گىرېكچە مەنبەلەردە يەنە Αβ δλ οι (Abdeloi\Avdeloi) دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت سۆز تومۇرى بولغان Ephthal لا ئەمەس، بەلكى يەنە (Abdeloi\Avdeloi) شەكلىمۇ تۆۋەندىكىدەك، يەنى سوزۇق تاۋۇش - لەۋ تاۋۇش - چىش تاۋۇش - سوزۇق تاۋۇش بىرىكمە شەكلى بىلەن، شۇنداقلا خەلق نامىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىسىم Abdâl (گەرچە ۋاقتى كېيىنرەك بولغان ئەرەبچە مەنبەلەردە Haital دەپ ئاتالغان بولسىمۇ) دىكىمۇ ئۆزئارا بىردەكلىك مۇناسىۋەتتە ئىگە بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق تاۋۇش ماسلىقىنىڭ ئاساسى بارمۇ - يوق، يەنى مىلادىيە 5 — 6 - ئەسىرلەردە گۈللەنگەن ئاق ھونلاردىن ئىبارەت بۇ خەلق نامى بىلەن تەخمىنەن 1000 يىللاردىن كېيىن ئۇچرايدىغان خەلق نامى ئابداللار

ئوتتۇرىسىدا بىرەر بىردەكلىك مۇناسىۋەت بارمۇ - يوق، بۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەك تەس[1].

بۇ خىل تەتقىقات تېمىسىنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېنىكلىك قىلماي، ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق پاكىتلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئابدال دېگەن بۇ نامنى ئىسلام مەنبەلىرىدىكى تىللاردىن تېپىپ، ئاندىن چۈشەندۇرۇپ بېرىشىمىز مۇمكىن. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى، ئافغانىستاندىكى Abdâlî لار بىلەن شىنجاڭدىكى ئابداللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى بىرەر مۇناسىۋەت تۇرغۇزغىلى بولامدۇ - يوق؟ شۇنداقلا يەنە بىر ئەمەلىي ئەھۋال باركى، ئۇلار بىلەن ئابداللارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدا زادى ئادەمنى قايىل قىلالىغۇدەك مۇناسىۋەت بارمۇ - يوق؟ بۇلار ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ- ئادىتى بىلەن زىت كېلەمدۇ- يوق؟ بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بىلەن مۇتەللىپ سىدىق ئەپەندىنىڭ كۆزقارىشىنى ئىنكار قىلىشقا يېتەرلىك.

ئابداللارنىڭ ئېتنىك كېلىپچىقىشى مەسىلىسىدە كىشىنى ئويغا سالىدىغىنى ۋە ئاسان قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغىنى مەيلى قەشقەر رايونىدىكى ئابداللار ياكى خوتەن رايونىدىكى ئابداللاردا بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسى توغرۇلۇق تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم رىۋايەت بولۇپ (بۇ خىل رىۋايەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاناتولىيە ئابداللىرى ئارىسىدىكى ئوخشاش ۋارىيانتلىرىنى ئۇچراتمىدۇق)، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە

---

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp54-55,

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يېڭى مەزمۇن ۋە ۋارىيانتلار قوشۇلۇپ ماڭغان. شۇڭا، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدىمۇ ئابداللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە رەسمىي توختىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە نەزەر سېلىپ بېقىشنى لايىق تاپتۇق.

## 2. ئابداللار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۇنىڭ تارىخىي چىنلىق مەسىلىسى

شىنجاڭدىكى ئابداللار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى توغرىسىدا بىر قىسىم رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، بىز ئابداللار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى خاتىرىلەنگەن ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىقتۇق.

گرېنارد 1893 ـ يىلى كېرىيەدە خاتىرىلىگەن رىۋايەت:

«ئەجدادلىرىمىز كۇفادىن كەلگەن. ئۇلار ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىمام مۇھەممەد غەززالىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام ئاچقۇچى قوشۇن بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن ۋە بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپى مىلادىيە 739 ـ يىلى (ھىجرىيە 121 ـ يىلى) كاپىرلارغا قارشى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا شېھىت بولغان ۋە كېرىيە دەرياسى بويىدىكى بوغازلەنگەر دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. ھايات قالغان ئاز بىر قىسىم غازاتچىلار بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ۋە كېيىن قەشقەرىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا تارقىلىپ كەتكەن»[①].

---

① F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet.* Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

گۇستاف مانىرخېيىم 1907 ـ يىلى خوتەندە خاتىرىلىگەن رىۋايەت:

«تەخمىنەن 1300 يىللارنىڭ ئالدىدا، يەزىد (Jazit) نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىمام ھۇسەيىنگە قارشى بىر ئۇرۇش بولغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تۈركىيەدىكى كۇفا شەھىرىنى تاشلاپ كەتكەن (ئايرىلغان). يەزىدنىڭ دادىسى ھاجى ماخاۋى (HadjiMahavie) ئۇمەيە (Umies) نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇمەيە بولسا ئابدۇل ماناف (Abdul Manoff) نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ بىننى ھاشىم (Binni Hashim) نىڭ ئوغلى، بىننى ھاشىم بولسا پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىمام ھۇسەيىننىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان يەزىدنىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا ئېفرات دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن يەزىد ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ 72 لەشكىرى (40 نەپىرى ئاتلىق، 32 نەپىرى پىيادە ئەسكەر) شېھىت بولغان. بۇ ئۇرۇش كەربالانىڭ ئەتراپىدا (كەربالاغا يېقىن بىر جايدا) يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن كېيىن ئەبۇ مۇسلىم (Abamislim) دېگەن بىر ئەمىر باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ھۇسەيىننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان. ئەبۇ مۇسلىم كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يالغۇز شامدىكى يەزىد (يەزىد شامدا تۇراتتى) نىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلار بۇ قېتىملىق شەرققە قىلىنغان سۈرگۈندە، ئاز ـ ئازدىن ئوخشىمىغان جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلاردىن بىر قىسمى تۈركىيەنىڭ ئەسكەلى (Askale) دېگەن جايىدا تۇرۇپ قالغان. باشقىلىرى بولسا خىۋە، مەرۋ، ئىراندىكى شىراز،

ھىندىستاندىكى موسۇل (Mosul) ۋە جۇڭگو تۈركىستاننىڭ بەزى شەھەر ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان»[1].

مۇتەللىپ سىدىق، ئابلەت ئابباس، خاياشى تورۇ قاتارلىقلار 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1997 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، قەشقەر يېڭىشەھەر خانئېرىق بازىرى پايناپ كەنتىدە توپلىغان رىۋايەت:

«ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، سىيىت ئوبۇل پەتتالى غازى باشچىلىقىدىكى كىشىلەر دەھبىتتىن قەشقەرگە كېلىپ، خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى غازاتقا قاتناشقان. بىر قېتىملىق جەڭدە سىيىت ئوبۇل پەتتالى غازى ئېغىر يارىلانغان. ئۇنىڭ يارەنلىرىدىن يەتتە كىشى ئۇنى جىرغىغا سېلىپ قەشقەرگە كېلىش يولىدا سۇيى ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە چوڭقۇر، ئېقىنى ئىنتايىن شىددەتلىك بىر دەرياغا ئۇچراپ توسۇلۇپ قالغان. ئۇلار سال ياساپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ، دەريا بويىدىكى توغراقلىقتىن ياغاچ كېسىپ سالنى پۈتكۈزگىچە سىيىت ئوبۇل پەتتالى غازى تىنىقتىن قالغان. ئاخىر تۆت كىشى دەريادىن ئۆتۈپ يولباشچىسىنىڭ جەسىتىنى بۇ يەردە يەرلىككە قويغان ۋە ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى تاشلاپ كېتەلمەي، كەپە تىكىپ تۇرۇپ قالغان (خاياشى تورۇنىڭ خاتىرىسىدە: «ئۇلار دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ‹پايناپ› قا كېلىپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ باشچىلىقىدا يەر ئېچىپ، سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغان. يول باشچىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ياد ئېتىش

---

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12.

ئۇچۇن بىر گۇمبەز قاتۇرغان. كېيىن، كەنتتىكىلەر ۋاپات بولغانلارنى ئۇزۇكسىز تۇردە بۇ زاتنىڭ ئەتراپىغا دەپنە قىلىپ، بۇ زاتنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا چوڭ بىر قەبرىستانلىق شەكىللەنگەن» دەپ يېزىلغان). ئۇ ئاي، ئۇ كۈنلەردە كۆپپارلارغا قارشى كەسكىن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان خانلىق ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا چولىسى تەگمىگەچكە، ئۇلار موھتاجلىقتىن يىراق - يېقىنلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىپ روزغارىنى تەمىن ئەتكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يارىلانغان پىدائىيلار ۋە جەرراھلارنىڭ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ، دەريا بويىدىكى كەپىلەرمۇ ئۇزۇكسىز كۆپىيىپ بارغان. ئۇلار دەريا بويىدا بولغان بىلەن، دەريا پەستە، زېمىن ئېگىزدە بولغاچقا، دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش مۇمكىن بولمىغان. شۇڭا، خانلىق تەرىپىدىن بىر ئېرىق چاپتۇرۇلۇپ يۇقىرىدىن سۇ باشلاپ كېلىنگەن. ئۇلار ئاشۇ سۇنىڭ ئايىغى بولغاچقا ئۆزلىرى تۇرغان جاينى ‹پايى ئاب› دەپ ئاتىغان»①.

ئەلى غوپۇر 2004 - يىلى تامئېغىلدا توپلىغان رىۋايەت: «قاراخانىيلار دەۋرىدە، خانلىق بۇددىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا

① مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1985 - يىلى ئۇيغۇرچە 2 - سان، 26 - بەت؛ مۇتەللىپ سىدىق: «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە 90 - بەت؛ ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە 76 - ، 77 - بەتلەر: خاياشى تورو قاتارلىقلار «شەيخىل سۆزلۈكلىرى» 43 - بەت.

ئۆچرىغانـدا ئابباسـىيلار خانلىقـىدىن يـاردەم سـورىغان. شـۇنىڭ بىلەن پەتتالى غازى باشچىلىقىدا 3000 دىن ئارتۇق مۇجاھىت كەلـگەن. ئـۇلار يېتىـپ كەلـگەن ۋاقىتتـا ئـۇرۇش ئاساسـەن ئاخىرلـىشىپ قىلىـپ، بـۇلاردىن 2000 دەك ئـادەم قايتىـپ كەتكەن، قالغان كىشىلەر بۇ زېمىندا ماكانلىشىپ قالغان. ئۇلار گەرچە سـۈننىي مەزھىپىـدىكى مۇسـۇلمانلار بولسـىمۇ، يەنىـلا ئەتراپىـدىكى كىـشىلەر تەرىپىـدىن «ھەزرىتـى ئەلـگە ناقايىـل كىـشىلەر» دەپ قارىلىـپ، يېقىنقـى مەزگىللەرگىـچە چەتـكە قېقىلغان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مەزكـۇر زېمىنغا ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئىزچىـل داۋاملاشـقان تەڭـسىز مۇئـامىلە تۈپەيلىـدىن ھۆكۈمرانلارغـا بولغـان نـارازىلىقىنى ئىپـادىلەپ غـۇم سـاقلاپ كەلـگەن. X نىـڭ ھۆكـۈمرانلىقى (مەزكـۇر رىـۋايەتنى ئېيتىـپ بەرگەن ھۇسەيىن ھەسەن مەزكۇر ھۆكۈمراننىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىر مۇسۇلمان ھۆكـۈمران ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى) دەۋرىـدە، پۈتـۈن ئابـداللار قوزغىلىـپ قارشـىلىق كۆرسـەتكەن ھەمـدە مەزكـۇر ھۆكـۈمران تەرىپىـدىن نۇرغۇن كىشىلەر قەتل قىلىنغان ۋە تىرىك كۆمۈلگەن. ئۆلـۈمگە شـەرتى توشـمىغانلارنىڭ يـۈزىگە تامغـا ئويۇلـۇپ سـۈرگۈن قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «تامغىسى بار كىشىلەر» دەپ ئاتالغان. كېيىن ئۇلار ھازىرقى جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشـقاندىن كېـيىن، بـۇ زېمىنمـۇ «تـامغىلىقلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېغىز تىلىدا بـۇ سـۆز قىسقارتىلىپ «تامغىـل»، بـۇ يـۇرتتىكى كىـشىلەر

‹تامغىلىق› دەپ ئاتالغان».



(ھۈسەيىن ھەسەن، ئابداللار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بەرگۈچى. 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي، لوپ ناھىيە تامئېغىل)

بىز يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى يىغىنچاقلىساق بۇ رىۋايەتلەردە تۆۋەندىكىدەك مەركىزىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

بىرىنچى، شىنجاڭ «ئابدال» لىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى كۇفادىن كەلگەن. ئۇلار ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىمام مۇھەممەد غەززالىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە شىنجاڭدا ئىسلام ئاچقۇچى قوشۇن بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن ۋە بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپى مىلادىيە 739 ـ يىلى (ھىجرىيە 121 ـ يىلى) بۇددىستلارغا قارشى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا شېھىت بولغان ۋە كېرىيە دەرياسى بويىدىكى بوغازلەنگەر دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. ھايات

قالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ۋە كېيىن قەشقەرىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا تارقىلىپ كەتكەن.

ئىككىنچى، تەخمىنەن 1300 يىللار ئىلگىرى ئەبۇ مۇسلىم باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، يەزىد ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلار بۇ قېتىملىق شەرققە قىلىنغان سۈرگۈندە، ئاز - ئازدىن ئوخشىمىغان جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلاردىن بىر قىسمى جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ بەزى شەھەر ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئۈچىنچى، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوبۇل پەتتالى غازى باشچىلىقىدا خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن.

بىز يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى تارىخىي مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تەھلىل قىلىپ باقايلى:

ئەگەر بىز شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى بىرىنچى رىۋايەتتىكى «ھۇسەيىننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىمام مۇھەممەد غەززالىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئۇلار كۇفادىن كەلگەن» دېگەن مەنبەگە قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، «ئابدال» لارنىڭ ئەجدادلىرى ئىراقنىڭ كۇفا شەھىرىدىن كەلگەن شىئە مەزھىپىدىكى ئەرەبلەردىن بولغان بولىدۇ. بىزمۇ خۇددى گىرېناردقا ئوخشاش بۇ ئەپسانىلەرنى يالغان دەپ قارىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى تارىخىي شەخسلەردىن گۇمانلانمايمىز. بىراق، بۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئابداللارنىڭ شىنجاڭ سەپىرىدىكى ئورنى ۋە رولىغا قارىتا گۇمانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇرمىز.

چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىش مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ خوتەن رايونىنىڭ ئىسلاملىشىش مەسىلىسىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى ئاساسەن بىردەك. ھەرگىزمۇ يۇقىرىقى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغانغا ئوخشاش «مىلادىيە 739 ـ يىلى كىبرىيە دەريا بويىدا بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇش بولغان» ئەمەس.

ھازىرغا قەدەر ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىش مەسىلىسىدە، ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل كۆزقاراش تۈركىيەلىك مۇھەممەد ئاتىفنىڭ «قەشقەر تارىخى» دا كەلتۈرگەن نەقىل بولۇپ، مەزكۇر ئەسەردە ئىسلامنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشىنى ھىجرىيەنىڭ 96 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 715 ـ يىلىغا باغلايدۇ①. بۇ مەلۇماتنىڭ ئەسلىي مەنبەسى «تارىخى تەبەرى»دىن كەلگەن بولۇپ، باشقا ئەسەرلەردە بۇ خىلدىكى مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. بىز بۇ مەنبەنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىتى قۇتەيبە ئەبۇ مۇسلىم بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىمام مۇھەممەد غەززالى ئەمەس.

گۇستاف ماننېرخېيىم 1907 ـ يىلى خاتىرىلىگەن رىۋايەتتىكى ئاتالمىش «تەخمىنەن 1300 يىل ئىلگىرى» دېگەن مەلۇمات بىلەن ئەبۇ مۇسلىمنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مەسىلىسىدىمۇ خاتالىق مەۋجۇت. مىلادىيە 1907 ـ يىلىدىن 1300 يىلنى چىقىرىۋەتكەندە، مەزكۇر رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان يىل مىلادىيە 607 ـ يىلى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا تېخى ئىسلام دىنىمۇ ئىختىرا بولمىغانىدى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ باش كۆتۈرۈپ

---

① مۇھەممەد ئاتىف: «قەشقەر تارىخى»، 1998 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 29 ـ بەت (بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى 1882 ـ يىلى نەشر قىلىنغان).

چىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەبۇ مۇسلىم خوراساندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭنىڭ رەھبىرى بولۇپ، ھۆرلۈككە ئېرىشكەن قۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتىغا تايىنىپ مىلادىيە 749 ـ يىلى ئىراقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پايتەختى كۇفانى ئىشغال قىلىپ، ئۇمەييە سۇلالىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان ھەمدە خوراساننىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەنگەن[1].

بۇ رىۋايەتتىكى «ئەبۇ مۇسلىم باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، يەزىد ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلار بۇ قېتىملىق شەرققە قىلىنغان سۈرگۈندە، ئاز ـ ئازدىن ئوخشىمىغان جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلاردىن بىر قىسمى جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ بەزى شەھەر ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان» دېگەن بايانلار، بىرىنچى رىۋايەتتىكى بايانلار بىلەن ئۆزئارا زىت بولۇپ، بىر ـ بىرىگە رەقىب بولغان ئىككى گۇرۇھ كىشىلىرى بىر مەنبە بولۇپ قالغان بولىدۇ.

ئەمدى «ئابدال» لار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن ئاتالمىش «ئوبۇل پەتتالى غازى باشچىلىقىدىكى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى دەھبىتتىن قەشقەرگە كېلىپ، خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى غازاتقا قاتناشقان مۇجاھىتلار» توغرىسىدىكى رىۋايەتكە قارايدىغان بولساق، بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان يولباشچى ئوبۇل پەتتالى غازىنىڭ نامى قاراخانىيلارنىڭ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان دىنىي ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ۋە «تۆت ئىمام

① 《中国伊斯兰百科全书》，四川辞书出版社 1996 年版，第 45 页。

تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇچرىمايدۇ[①]. مەزكۇر رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئوبۇل پەتتالى غازىنى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەلپەتتا بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغاندىمۇ، ئىككى ۋەقەلىك ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت پەرقى بۇ قىياسنى رەت قىلىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابداللار ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن ئەسلىمىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، شۇنداقلا يېڭىدىن پەيدا بولغان مۇقەددەس يۇرتىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ تەكىتلەش مەقسىتىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ رىۋايەتلىرى تەرىقىسىدە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان.

گۇننار يارىڭ 1922 ـ يىلى ئوردا پاشاھىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلغان ھەم بۇ جاي توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن چەت ئەللىك ئىدى. گۇننار يارىڭمۇ «تەزكىرە بۇغراخان»دىكى قاراخانىيلارنىڭ ئىسلاملىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن. بۇ ئەسەرنى دەسلەپ 1875 ـ يىلى روبېرت شاۋ نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، 1900 ـ يىلى گىرېنارد تولۇقلاپ ئىشلىگەن. بارتولد ئۆزىنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى ۋە بۇغراخان »I دېگەن ماقالىسىدە بۇ رىۋايەتنىڭ تارىخىي چىنلىقىنى ئىنكار قىلغان[②].

پېقىر 2004 ـ يىلى توپلىغان رىۋايەتتىكى «ئۇلار گەرچە

---

① مولla ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1992 ـ يىلى؛ مولla نىياز خوتەنى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «بۇلاق» 1984 ـ يىلى (ئومۇمىي 11 ـ سان) 68 ـ بەت.

② W. Barthold: *Bughrakhan, Encyclopedia of Islam*, 1. (1913), P893.

سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، يەنىلا ئەتراپىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ‹ھەزرىتى ئەلىگە ناقايىل كىشىلەر› دەپ قارىلىپ، يېقىنقى مەزگىللەرگىچە چەتكە قېقىلغان» دېگەن بايانلار بىلەن گىرىبنارد ۋە مانىبىرخىيىملەر توپلىغان رىۋايەتلەردىكى «ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى» دېگەن بايانلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەزھەپ توقۇنۇشى كېلىپچىقىدۇ. دېمەك، مەزكۇر رىۋايەتلەر يازما مەلۇماتلاردا كۆرۈلگىنىدىن تارتىپ 100 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ مەزمۇن، يولباشچى ۋە مەزھەپ تەۋەلىكىدىمۇ بىر قىسىم ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن.

يۇقىرىقى بىر قاتار سەۋەبلەردىن كۆرە بىزنىڭ قارىشىمىزچە يۇقىرىقى رىۋايەتلەردە ۋاقىت، ئورۇن ۋە ھەرخىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئۆزگىرىش كېلىپچىققان، ھەتتا توقۇلما مەزمۇنلارمۇ بۇ رىۋايەتلەرگە مەجبۇرىي قىستۇرۇلغان. بىز بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز:

بىرىنچىدىن، «ئابدال» لاردىن ئىبارەت بۇ كىشىلەر توپى ئۆزلۈك مەسىلىسىدە مەلۇم بىر مەنبەگە موھتاج بولغان.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مازار ـ ماشايىخلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراش، سەئىدزادىلەرنى ئۇلۇغلاش كەيپىياتى ئابداللارنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۈچىنچىدىن، يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى مەزكۇر كىشىلەر توپىغا بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلەر، شۇنداقلا شۇ تەكشۈرۈش جەريانىدىكى بىر قىسىم مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ھەر خىل يالغان

ۋەدىلىرى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بارغان.

بەشىنچى، ئابداللارنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ تارىخىي چىنلىقى پاكىت ئاساسىغا قۇرۇلمىغانىكەن، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى شىنجاڭ رايونىغا ئىسلام ئېچىپ كەلگەن مۇجاھىتلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراشلارنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇرمىز.

### 3. ئېفتالىتلار ۋە ئابداللار

«ئابدال» لارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئېفتالىتلارغا باغلاش بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم تەتقىقاتلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى بولۇپ، بىز ئېفتالىتلارنىڭ تارىخى، ئېتنىك كېلىپچىقىشى، ئۆرپ-ئادىتى ھەمدە پائالىيەت دائىرىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن كۆزىتىش ۋە ئانالىز يۈرگۈزۈش ئارقىلىق شىنجاڭ ئابداللىرى بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە بۇرۇنقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر قىسىم كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتۇق.

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ غەرب مەنبەلىرىدە ئېفتالىت (Ephthalites) دەپ ئاتالغان بىر قوۋم ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇپ، پېرسىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ شىمالىي، تارىم ئويمانلىقى قاتارلىق جايلارنى بىرمەھەل ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، مەزكۇر رايونلاردا قەدەم ئىزىنى قالدۇرغانىدى.

ئېفتالىتلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئېفتالىت خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا بىزنىڭ

بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز، ھەرقايسى يازما مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ نامىمۇ ھەر خىل ئاتالغان. خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا بۇ خانلىقنىڭ نامى 挹阗 (بۇ قەدىمدە iep_t'ien دەپ ئوقۇلغان)، ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ نامى 厌带夷栗陀 (قەدىمدە Yeptalitha دەپ ئوقۇلغان). سۈرىيەنىڭ تارىخنامىلىرىدە eptalit، a β del : گرېك تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا Aβdε λai, Eφ θaλital : ئەرمىنىيە تارىخنامىلىرىدە hep't'al : ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلىدا hēftāl : يەنە hyōn : ئەرەبچە تارىخنامىلەردە haital : يېڭى قەدىمكى پارس تىلىدا hētāl دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەنە بىر خىل يېزىلىشى 滑 بولۇپ، بالامىرنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا «ئېفتالىت» دېگەن بۇ سۆز بۇخارا تىلىدا «كۈچلۈك كىشى»، خوتەن ساك تىلىدا «باتۇر، چەبدەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن[1].

يۇتەيشەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئېفتالىت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە ئېفتالىتلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەل، ئوخشىمىغان مەنبەلەردىكى نامى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئېفتالىتلار جۇڭگو ۋە غەرب مەنبەلىرىدە كۆپ خىل شەكىلدە يېزىلىپ كەلگەن. «ۋېينامە»دە 嚈噠 : «لياڭنامە» دە 滑 : «جونامە» دە 嚈噠 : «سۈينامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەردە 挹怛 : «غەربتىكى ۋاساللار خاتىرىسى» دە 挹阗 : «كىتابلار

①《中亚文明史》，卷三，第 107页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

جەۋھىرى» دە 挹噠 دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر بىلەن
خاتىرىلەنگەن. غەرب تارىخشۇناسلىرىدىن ۋىزانتىيەلىك
تارىخشۇناس پروكوپىئوس (Procopius) ئېفتالىتلارنى
Ephthalitai (Hephthalitai) ياكى Huns: ئاگاسىئاس
(Agathias) بولسا Nephtalitai: توفىلاكتاس سىموكاتاس
بولسا Abdalai؛ پىرىسكۇس بولسا Kidāra Huns: ئەمىنىيە
تارىخنامىلىرىدە hep'tal، تارىخشۇناس ئېلىسېي (Elišē)
نىڭ ئەسىرىدە Kušan Huns: ھىندىستان ۋەسىقىلىرىدىن
Mahābhārata، Vishnu Purāna ھەمدە گۇپتا خانلىقى
دەۋرىدىكى ئابىدىلەردە Hūna؛ 6 ـ ئەسىردىكى ئاسترونوم
ۋاراخامىخارا (Vārāhamihira) نىڭ ئەسىرى Brihatsamhita دا،
Sita Hūna ياكى sveta hnūa (ئاق ھون)؛ سۈرىيەنىڭ
تارىخنامىلىرىدە Abdel، 507 ـ يىلى سۈرىيە تىلىدا يېزىلغان
«جوشۇئانىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى» (The chronicle of Joshua
the stylite) دا Hunnaye ياكى kūnänaye (kušānaye)d hinnōn:
ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلىدا hēftāl؛ يېڭى پارس تىلىدا
hētāl؛ ئەرەبچە تارىخنامىلەردە haital (كۆپلۈك شەكلى
hayātila)؛ ئۇنىڭدىن باشقا، سوغدىچە ھۆججەتلەردە He β talit؛
ئوتتۇرا ئەسىر تىبەتچە ھۆججەتلەردە Hebdel دېگەنگە ئوخشاش
ناملار بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش
بىر نامنىڭ ھەر خىل يېزىلىشىدىن ئىبارەت، خالاس[1].

ئېفتالىتلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسىدىمۇ ھەر
خىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسلىقى «قاڭقىل»

---

① 余太山著:《嚈哒史研究》齐鲁书社出版发行，1986 年版，第 8、9、10、11 页。

(高车)، غـــۇزلار (车师)، توخـــار (大月氏)، كانگـــا (康居)، غەربلىكــلەردە بولـــسا «هـــون» (Huns) لاردـــن كېلىپچىققـــان دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ئېفتالىتلارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى ۋە شۇلارغا ئالاقىدار مەزمۇنلارغا قارىتا غەرب ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز:

مىلادىيە 150 ـ يىلىدىن 400 ـ يىلىغىچە، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. يەنى بۇ مەزگىللەردە غەربكە كۆچكەن هونلار ۋە باشقا قوۋملار مەزكۇر جايلارنى ئىگىلەپ ئالغانىدى.

تۇركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلىگەن هونلار، بەزى ۋاقىتلاردا يىراق جەنۇبىي قىسىم رايونلارغا قارىتا تالان ـ تاراج يۈرۈشى قىلغانلىقتىن، پارس ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي چېگرالىرى تەھدىتكە ۋە تالان ـ تاراج قىلىشقا ئۇچراپ تۇرغان. مىلادىيە 356 ـ يىلى، پېرسىيە لەرنىڭ تالان ـ تاراجىغا ئۇچرىغان: بۇ خىل Chionites سەۋەبلەردىن شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ ئاتالمىش Chionites لار، ئەمەلىيەتتە هونلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، تۇركىستاننىڭ جەنۇبى، پېرسىيە ۋە هىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى پەيدىنپەي ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە بىز Chionites دېگەن نامنى ئەمەس، بەلكى يېڭى بىر نام Ephthalites ياكى Hephthalites دېگەن نامنى ئاڭلايدىغان بولدۇق.[①]

①M. W. 麦高文著:《中亚古国史》, 中华书局 2004 年版, 第 246 页。

ئېفتالىتلار ئۈستىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن چيەن بوچۈەن ئەپەندى «لياڭنامە . ئېفتالىت دۆلىتى» قىسمىدىكى «ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقىدىن. خەن سۇلالىسى يوقچيەننىڭ تۇنجى يىلى سەككىز غۇزلار (ئېفتالىتلار) بەن يوڭنىڭ شىمالىلىقلارغا زەربە بېرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، بەن يوڭ سەككىز غۇزلارغا خەنگە مايىل تۆرە مەرتىۋىسى بەرگەن. ۋېي - جىن سۇلالىلىرىدىن بېرى جۇڭگو بىلەن باردى - كەلدى قىلماس بولۇپ قالدى. تيەن جيەننىڭ 15 - يىلى، ئۇلارنىڭ خانى 厌带夷栗陀 ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى» دېگەن بىر ئابزاس خاتىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ قارىغان: «لياڭنامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى» دىكى ئېفتالىت ئېلىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ئېفتالىت خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىزگە ئاساس بار بولىدۇ، ئېفتالىت ئېلىنىڭ ئەلچىلىرى بۇ مۇھىم ۋە ئېغىر بولغان دىپلوماتىك پائالىيەتتە قالايمىقان سۆزلىشى، ئەجدادىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئېفتالىتلارنىڭ ئىچىدە ئاز بولمىغان قاڭقىللار بولغان. ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان سەككىز غۇزلار بەن چاۋنىڭ ئوغلى — غەربىي يۇرت ئاغلاقچىسى بەن يوڭغا ئەگىشىپ شىمالىي ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا قاتناشقان ھەم ئارقا سەپتىكى خەنگە مايىل تۆرىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. بۇ بىر قىسىم ئېفتالىت ئېلىدىن كەلگەنلەر شۈبھىسىزكى ئارقا قاڭقىللارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. 滑 نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئوقۇلۇشى gu، يىراق قەدىمكى دەۋردە سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش r مۇ بولغان. ئېفتالىت

دۆلىتى(滑国) دىكى 滑 ئەسلىي قاغقىل تىلى بولۇپ، gur بولۇشى كېرەك. 车 خېتىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى gu، دەسلەپتە 车师 لار يەنە 故师 دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا 车师 نىڭ ئەسلىي تاۋۇشى guz بولۇشى كېرەك. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق قاغقىللارنىڭ تىلىنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تىللىقى، مەزكۇر تىلدا شېۋىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ئوخشىمىغانلىقتىن ئاياغ تاۋۇش r ۋە z ئۆزئارا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. قەدىمكى دەۋرلەردىكى 回鹘 (Uigur) بىلەن 乌古斯 (Uguz) ئەمەلىيەتتە ئوخشاش خەلق، ئەمما ئولتۇراق رايونى ئوخشىمىغان شېۋە رايونىدا بولغاچقا مىللەت نامىنىڭ تەلەپپۇزىدا پەرق كېلىپچىققان. 滑 (gur) بىلەن قاغقىل (车师) ياكى 故师 (guz) مۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. تىلغا قارىتا سېلىشتۇرۇش ۋە ئانالىز قىلىشتىن، ئېفتالىتلارنىڭ ئەجدادلىرىنى ئارقا قاغقىللار دېيىشمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن[1] دەپ قارىغان.

«ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» 3 ـ تومىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئېفتالىتلار خەنزۇچە مەنبەلەردە يەنە 滑 دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەسلىي ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بولغان رايونلارغا جايلاشقان. جورجانلارنىڭ زۇلمى ۋە غەرب تەرەپتىكى قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمى ئېفتالىتلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كېتىشىگە مەجبۇر بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ

① 钱伯泉著:《关于嚈哒族源问题的新探索》,《西北民族研究》2003 年 1 期, 第 11、12 页。

باشلىرىدا سوغدىياناغا يېتىپ كەلگەن. مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلار پۈتكۈل توخارىستان، پامىر ۋە ئافغانىستاننىڭ زور بىر قىسىم رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنى ئىشغال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ بىر قىسمىنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن. 479 ـ يىلى ئۇلار تۇرپان رايونىنى، 479 ـ يىلىدىن 509 ـ يىلى ئارىلىقىدا قاراشەھەر ۋە بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدىغان رايونلارنى ئىستېلا قىلغان. 522 ـ يىلى، دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىي قىسىم رايونىدىكى جورجانلارنىڭ باش بىراخمانى ئېفتالىتلارغا بېقىندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەر بىلەن خوتەن ئاللىقاچان ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئېفتالىتلار ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلغان. خۇددى شيا يىشيوڭ ئېنىق قىلىپ كۆرسەتكەندەك، مىلادىيە 509 ـ يىلى ئېفتالىتلار سوغد (سوغدىيانانىڭ مەركىزى) نى ئىشغال قىلغاندا ئۇلارنىڭ كۈچى يۇقىرى چەككە يەتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوغدىيانا جۇڭگوغا ئولپان تاپشۇرۇشنى توختاتقان[①].

بىز يۇقىرىقى بايانلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېفتالىتلارنىڭ مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقى ھەتتا تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى رايونىنىمۇ ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ

① 《中亚文明史》，卷三，第 112 页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئېفتالىتلار توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئېفتالىتلار خانلىقى، توخارلار نەسلىدىن. قاڭقىللارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى دېگەن گەپمۇ بار. ئۇلار ئەسلىدە قورۇلنىڭ شىمالىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئالتۇن تاغنىڭ شەرقىدە، ئودۇننىڭ غەربىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم نېرىدا ئىدى. چاڭئەنگە 10 مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاستانىسى باديان بولۇپ، ۋاڭشى شەھىرى بولسا كېرەك. بۇ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى ئون نەچچە چاقىرىم بولۇپ، بۇتخانا ۋە مۇنارلار جىق، ھەممىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن. ئادىتى تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ... بۇ خانلىقنىڭ ئادەملىرى ياۋۇز، جەڭگىۋار كېلىدۇ. ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى كانگىيە، ئودۇن، سۇلې، ئارساك ۋە باشقا ئۇششاق ئەللەردىن بولۇپ 30 نەچچە دۆلەتنى قارام قىلىپ، چوڭ دۆلەت دەپ ئاتالدى. جورجانلار بىلەن قۇدىلاشتى»①.

بۇ چاغدىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنى فېڭ چېڭجۇننىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: «ئۇ چاغدا ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى راسا كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى ئەللەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇلارغا بېقىنغانىدى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يولى كۇچانىڭ شىمالىدىن غەربتىكى ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە بولغان جايلار ياپپان دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى يۇردىغان جايلار بولسا كېرەك... ياپپانلار جورجانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغاچقا، قاڭقىل قوۋمى كۆچۈپ شۇ تەرەپكە كەتكەن...

---

①《北史・西域传》卷 97。

قاڭقىللار غەربكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭى ماكانىنىڭ شەرق تەرىپىدە جورجانلار، غەرب تەرىپىدە ياپپانلار بار ئىدى؛ ياپپانلارنىڭ غەربى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي ئېفتالىتلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى»[①].

560 ـ يىلىدىن 563 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈرك خانلىقى ئېفتالىتلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئېفتالىتلار سوغدىيانا رايونىنى قايتا تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدى. مىلادىيە 484 ـ يىلىدىن 567 ـ يىلىغىچە ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان پىشامشان (كىروران) رايونى ئەمدى تۈركلەرگە تەۋە بولدى[②].

ئېفتالىتلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى 90 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا ئۇلارنىڭ يىپەك يولى سودىسىنى كونترول قىلىپ، شەرق ـ غەرب سودىسىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا شەرق ـ غەرب تەسىرىنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقىدىن باشقا، ئېفتالىتلارنىڭ مەزكۇر رايوندا يولغا قويغان باشقۇرۇش تەدبىرلىرىگە دائىر ئېنىق بىر كونكرېت مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، بۇ مەزگىلدىكى تارىخنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ئېفتالىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى يەر ناملىرىنىڭ ساقلىنىشى بىزگە قەدىمكى تارىختىن بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ كىچىككىنە يىپ ئۇچى بىزنىڭ ئېفتالىتلار

① 冯承均著：《西域及南海历史地理学文集》，商务印书馆 1957 年版，第 40、41 页。

② 《中亚文明史》，卷三，第246页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىدىن تېخىمۇ كۆپرەك خەۋەردار بولۇشىمىزغا پايدىلىق.

بىز يۇقىرىدا چەت ئەل مەنبەلىرىدە ئېفتالىتلارنىڭ ناملىرىنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزدا ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. رىم مەنبەلىرىدە يەنە «Abdal» دېگەن بىر قوۋمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. بۇ قوۋم سۈرىيە مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئېفتالىتلارنىڭ نامى بولغان «aβdel» بىلەن بىر قوۋممۇ ياكى چىيەن بوچۈەن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولغان «ئادىز»[①] لارمۇ؟ بۇنى كېسىپ بىرنېمە دېيىش تەس. ئەگەر ئېفتالىتلار ھەقىقەتەن «قاڭقىللارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى» بولغاندا ئېفتالىتلار بىلەن ئادىزلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، رىم مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئابدال» دېگەن بۇ قوۋم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئېفتالىتلارنى كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق.

لوپنور، چاقىلىق، ئونسۇ قاتارلىق جايلاردا ھازىرمۇ «ئابدال» دېگەن يەر نامىنىڭ ساقلىنىشى ۋە لوپنورلۇقلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قارا قوشۇنلۇقلار بىلەن ئابدال خانى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭگى ـ جېدەللەرگە ئائىت رىۋايەتلەر قەدىمكى ئېفتالىتلارنىڭ مەزكۇر رايوندا قالدۇرغان قەدەم ئىزىغا جانلىق پاكىت بولالايدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كىرروران رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئېفتالىتلار (ئابداللار) بىلەن قەشقەر، خوتەن

---

① 钱伯泉著：《维吾尔族的族源及其先民的西迁》，《西域研究》1996 年第 3 期，第 54 页。

قاتارلىق جايلاردىكى ئۆزگىچە كىشىلەر تىپى بولغان ئابداللارنىڭ ئىسىم جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىغا قاراپلا بۇلارنى بىر گەۋدە قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئېفتالىتلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى توغرىلىقمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەنبەلىرىدە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇماتلار مەۋجۇت: «ئېفتالىتلار قەشقەرىيە ۋە تۇركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتلاردا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى يەنىلا تامامەن كۆچمەن چارۋىچى خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بۇلاڭ ـ تالاڭدىن باشقا سانسىز چارۋىلارغا تايانغان. ئۇلار كىگىز چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، چېدىرلىرىنىڭ ئىشىكى كۈنچىقىشقا قارايتتى. ئۇلاردا يېزىق تۈزۈمى بولمىغان. ئۇلاردا تەڭرى ۋە ئوتقا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي تۈزۈم بولغان. ئۇلاردا ئوتنى مۇقەددەس نەرسە دەپ قارايدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەرگە ئوخشاش ئىران رايونىدىن كەلگەن دىننىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. ئەمما، ئىران رايونىدىن كەلگەن دىننىڭ تەسىر كۈچى چوقۇم زورىئاستىر دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە مەنسۇپ دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئېفتالىتلار جەسەتلەرنى يەرلىككە قويۇپ دەپنە قىلغان، جەسەتنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگەن. باشقا كۆپلىگەن ئىپتىدائىي خەلقلەرگە ئوخشاش، ئېفتالىتلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنى بولغان. ئۇلارنىڭ قانۇنى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئوغرىلىق قىلغۇچىلارمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان»[①].

---

①《中亚文明史》，卷三，第 118 页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

گەرچە سالنامىلەردا ئېفتالىتلارنى بۇددىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ دېيىلسىمۇ، ئەمما بۇددىزم تەشكىلاتلىرى توخارىستان ۋە باشقا رايونلاردا ناھايىتى گۈللەنگەن. ىراق، ھىندىستاندا ئېفتالىتلار بۇددىزم تەشكىللىرىگە ناھايىتى قاتتىق قوللۇق قىلغان. شۇنداقتىمۇ شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇددىزمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلىكتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى پەيدىنپەي ئېفتالىتلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان. ھەر خىل شەكىللەردىكى زورئاستىر دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ھەمدە غەربىي قىسىملىرىغا كەڭ تارقىلىپ، بۇددىزم بىلەن رىقابەتلەشكەن. ئافغانىستان ۋە توخارىستاندىمۇ كۆپلىگەن ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى بولغان. ئاخىرىدا مانى دىنى بۇ يەرلەردە يىلتىز تارتىپ، خىرىستىيان دىنىمۇ تارقىلىپ كىرگەن. بۇ خىل ھالەت تاكى ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكۈچە داۋاملاشقان. ئائىلىۋى نىكاھ ئىشلىرىدا بىر ئايال كۆپ ئەرلىك بولۇش ئادىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكا بىر خوتۇن ئالغان، بالا ئادەتتە ئاكىغا مەنسۇپ دەپ قارالغان. توي قىلغان ئاياللارنىڭ بېشىغا تاقىغان زىننەت بۇيۇمى بولغان «مۈڭگۈز» نىڭ سانى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ سانىنى بىلدۈرگەن. بۇ خىل ئادەت قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ماساگىتلاردا؛ ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپرەك ئافغانىستاندا كۆرۈلگەن. ھازىرقى دەۋردە تىبەتلەردە كۆرۈلىدۇ[①].

---

①《中亚文明史》，卷三，第 118 页，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

دېمەك، ئېفتالىتلار توخارىستان رايونىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىگەندىن تارتىپ تاكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا بولسۇن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزىگە خاس بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن بۇ قوۋمنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامى تەركىبىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنىمۇ تېخى ئىختىرا بولمىغانىدى. بۇ بىز ئانالىز قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

ئېفتالىتلار گەرچە بىرمەھەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىمۇ ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، مەزكۇر جايلاردا قەدەم ئىزىنى قالدۇرغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر جايلاردا ئۇيغۇر چوڭ ئائىلىسىدە بىر قىسىم ئۆزگىچە ئادەتلىرىنى ساقلاپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئابداللارنى ئۇلارغا باغلاش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەجداد ـ ئەۋلاد مۇناسىۋىتى دەپ قاراش تارىخي پاكىتلار، تىلشۇناسلىق ۋە جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ پاكىتلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ نامىدىكى ئازراق ئوخشاشلىققا قاراپ ئۇلارنى بىر قوۋم دېيىشكە تىرىشساقمۇ، ئەمما ھازىرقى ئابداللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تەركىبىدە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ

تەسىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇقتۇرسا، ئۇلارنىڭ سوپىزم تەسىرى ئىنتايىن قويۇق بولغان ئىسلام ئېتىقادى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا تۇپراقلىرىدا توختاۋسىز ئېقىپ يۈرگەن دەرۋىش گۇرۇپپىلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

### 4. «ئابدال»لار ۋە سىگانلار

شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىدىكى بىر قىسىم ئادەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ «ئەبجەش» تىلىدا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سىگانچە سۆزلۈكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشىنى لۇلى سىگانلىرىغا باغلاش ۋە شۇ خىلدىكى پەرەزلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللاردۇر.

دەسلەپتە گىرېنارد ئۇلارنى لۇلى سىگانلىرىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر تارمىقى بولۇشى كېرەك[1] دەپ قارىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ تىلىدا لۇلى سىگانلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلۈكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئەمما، ئۇ ئارقىدىنلا يەنە ئابدال تىلى بىلەن لۇلى سىگانلىرىنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدا يالغۇز لېكسىكىدىن باشقا يەنە سىنتاكسىس ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە، شۇنداقلا ئەنئەنە، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن.

گىرېناردتىن كېيىن بۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرگۈچىلەر ئاساسلىقى

---

① F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet*. Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

ئابدالللارنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش شەكلىگە قاراپلا ئۇلارنى «سىگانچە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلق»[①] دەپ قارىغان، ئەمما ئۆز قاراشلىرىغا ھېچقانداق پاكىت ئاساسىنى كۆرسەتمىگەن.

تۆۋەندە بىز سىگانلارغا دائىر بىر قىسىم مەلۇماتلارغا قاراپ باقايلى:

ئەنگلىيەلىك داڭلىق تارىخشۇناس تام ئۆزىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە، «بىز ياشاۋاتقان ئولتۇراق ھالەتتىكى جەمئىيەتتىن باشقا، يەنە بىر خىل ئىنتايىن ئالاھىدە بولغان بىر خىل جەمئىيەت شەكلى، يەنى ‹ئاقما جەمئىيەت› شەكلى مەۋجۇت. بۇ خىل ‹ئاقما جەمئىيەت› نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ‹ئاقما› لىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى مىللەت ۋە مىللىي دۆلەتلەرگە ئوخشاش مۇقىم ھەم ئېنىق بولغان چېگرا ـ پاسىللىرى، ئۆزئارا قويۇق ئالاقە سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن بىرلىككە كەلگەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقى يوق، ئۇ خۇددى سامادىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش، كۆككە تارالغان، ئۇ يەنە جاھانكېزەر سەيياھلارغا ئوخشاش، كۆچمەنلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈپ تەرەققىي قىلغان»[②] دەپ كۆرسەتكىنىدەك، يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە تارقىلىپ يۈرگەن سىگان قوۋمى دەل مۇشۇ خىل «ئاقما جەمئىيەت» نىڭ ئەڭ تىپىك ئۆرنىكىدۇر.

ئۇزاق مەزگىللەردىن بۇيان، سىگانلارنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە تارىخى كىشىلەرگە تونۇش بولمىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇلارنى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، فىرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق ئەللەر ئۇلارنى ياشىغان جايلىرىغا قاراپ

---

① 沈韦著：《喀什噶尔》，青岛出版社 2008 年版，第 100 页。
② 王云龙著：《吉卜赛人》，东方出版社 2008 年版，第 1 页。

بوخېمىيـــــان (Bohemians)، يېڭـــى كاســـتىلانلىقلار (New Castilians) يــــــاكى گـرېـــــك (Greeks) دەپ ئاتىغـــــان؛ گوللاندىيەلىكلەر خېيدېنس (Heidens)؛ سـكاندىناۋىيەلىكلەر تاتــار (Tatars) يــاكى مــور (Moors)؛ پولــشالىقلار سالاســى (Szalassi)؛ سـابىق سـوۋېت ئىتتىپاقــدا زىگــانى (Zigani)؛ تۈركىيەلىكلەر سىگان (Tchinghiane)؛ سـۈرىيەلىكلەر جىگـانى (Jinganih)؛ ۋېنگىرلار چىگـانى (Czigani)؛ پورتۇگـالىيەلىكلەر سىگانوس(Ciganos)، گېرمـانىيەكلەر زىگېنـېر (Zigeuner) دەپ ئاتىغان. ياۋروپادىكى سـىگانلار ئاساسـەن ئـۆزلىرىنى روم (Rom) لار؛ ئامېرىكـا قىتئەسـىدىكىلىرى لـوم (Lom) لار دەپ ئاتايـدۇ. گېرمانىيەدىكى بىر قىسىم سىگانلار يەنە ئـۆزلىرىنى «سـىندى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ســـىگانلارنىڭ ئېتنىـــك مەنبەســـى توغرىســـىدا يازمـــا مەنبەلەرنىــڭ ئىنتـايىن چەكلىــك بولۇشــى، مەركــۇر مىلــلەت كــۆچمەن تۇرمــۇش جەريانىــدا كــۆپلىگەن يـات تىـل ۋە ئــۆرپ ـ ئــادەتلەرنى قوبــۇل قىلغـانلىقى قاتـارلىق بىـر قاتـار سـەۋەبلەر تۈپەيلىــدىن، ئۇلارنىــڭ ئېتنىــك كېلىپچىقىــشى مەسىلىــسىدە خەلقئـارا ئىلىـم ساھەسـىدە تــالاش ـ تارتىــشلار كــۆپ بولــۇپ، ئورتـاق پىكىـر ھاسـىل بولمىغـان. گەرچە شـۇنداق بولـسىمۇ، ئــالىملار ئۇلارنىــڭ تىلــى، تۇرمــۇش ئۇســۇلى ۋە مەدەنىــيەت ئەنئەنىــسى قاتــارلىق تەرەپلەرنــى چوڭقــۇر تەتقىــق قىلىــش ئارقىلىق بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى.

ســىگانلارنىڭ كېلىپچىقىــشى مەسىلىــسىدە، نــۆۋەتتە ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن كۆزقاراش ــ ســىگانلار قەدىمكــى ھىندىــستاننىڭ شــىمالىي قىــسمىدىن

(هازىرقى پاكىستاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدىكى ھىندى دەرياسى ساھىلى) كېلىپچىققان[1] دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

1763 ـ يىلى، ئىلاھىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋېنگىرىيەلىك ستراۋ ۋاللى ھىندىستاندىكى مارابادىن كەلگەن ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ماجار سىگانلىرىنىڭ لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇ بىر پارچە مارابا سۆزلۈكى تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىپ، يەرلىكتىكى سىگانلارغا بەرگەن. كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى ماجار سىگانلىرى بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى توغرا تەرجىمە قىلغان. بۇ زور بايقاش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالىملارنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەلىك ئالىملاردىن رۇدىرىك ۋە گرىمان، ئەنگلىيەلىك ئالىم ياكوب بىراۋن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئالىم، سىگان دىيالېكتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، سىگان تىلىنىڭ ھىندىستاننىڭ شىمالىنى مەنبە قىلغانلىقىنى دەلىللەپ چىققان. ئۇلار سىگان تىلىدا يەنە ھىندى تىلى ۋە سانسكرىت تىلى بىلەن ئوخشاش سۆزلۈكلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.

بۇ بايقاش سىگانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ ھىندىستان ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

①王云龙著：《吉卜赛人》，东方出版社2008年版，第1页。参见：Selin Ceyhan: *A Case Study of Gypsy/Roma Identity Construction in Edirne*, A Thesis Submitted to the Graduate School of Social Sciences of Middle east Technical University,2003. P30.

ئەمما، ئالىملار يالغۇز تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ دەلىللەشنىڭ يەنىلا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىخشۇناسلار مەزكۇر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق تەرەپلىرىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى پەنجاپ رايونىدىكى گاتو، ھىندى دەريا ساھىلىدىكى سىندى ۋە موردانلار ھەمدە سانسكرىتچە ھۆججەتلەردە «دوما» دەپ خاتىرىلەنگەن، ھازىرقى ھىندى تىلىدا «دوم» دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن[①] دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ھازىرقى ھىندى تىلىدا «دوم» نىڭ مەنىسى «ناخشا - ئۇسسۇلغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى» دېگەندىن ئىبارەت.

سىگانلارنىڭ يۇرت - ماكانىدىن كۆچۈش مەسىلىسىدىمۇ تارىخىي مەلۇماتلار كەمچىل بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بىرقەدەر ئومۇملاشقان كۆزقاراشلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى سىگانلارنىڭ كۆچۈشىگە سەۋەب بولغان» دېگەن قاراش.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەرەبلەر مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى (ھازىرقى پاكىستان) نى بويسۇندۇرغان ھەمدە ۋالىي تەسىس قىلىپ خەلقلەردىن باج - سېلىق ئالغان. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئەرەبلەر بويسۇندۇرۇلغان جايلاردا بىرقەدەر كەڭرى سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. مىلادىيە 9 - ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىشقا باشلاپ، پەيدىنپەي

① 王云龙著:《吉卜赛人》,东方出版社 2008 年版,第10、11 页。

زاۋالغا يۈز تۇتقان. 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، تۈركلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، پەقەت پايتەخت باغداد ئەتراپىدىكى ئىككى دەريا ۋادىسى رايونىدىلا قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان بولغاچقا، ھىندى دەرياسى ساھىللىرىغا تەھدىت سېلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن. شۇڭا، بىرىنچى خىل قاراش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئىككىنچى، سىگانلار «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە كۆچكەن» دېگەن قاراش.

مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەمىر تۆمۈر قوشۇن باشلاپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا شەپقەتسىز زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ، خەلقلەر يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما، تىلشۇناسلىق دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆزقاراشمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس.

نۆۋەتتە، بىرقەدەر ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كۆزقاراش ـــ «سىگانلارنىڭ كۆچۈشى تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەن قاراشتۇر.

مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈركلەر ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ كۈچىنى تازىلاپ، غەزنەۋىيلەر خانلىقىنى قۇرغان. تۈركلەرنىڭ ئۇزۇكسىز كېڭەيمىچىلىكى نەتىجىسىدە شىمالىي ھىندىستانمۇ ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراپ، تۈركلەر بۇ يەرلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، يەرلىك خەلقلەرگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. نەتىجىدە، كىشىلەر ھەر تەرەپكە قېچىپ، ھايات يولى ئىزدىگەن. مانا بۇ سىگانلارنىڭ يۇرت ـ ماكانىدىن كەڭ كۆلەمدە ئايرىلىشىنىڭ ئاساسلىق

سەۋەبىدۇر[①].

يۇقىرىقى كۆزقاراشلارنىڭ مەيلى قايسىسىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، سىگانلارنىڭ كۆچۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى شەرققە كۆچتى دېيىلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ چېگراسى ئىچىگە كۆچكەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق بىر سۆز تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيلى تۈركلەر ياكى تىمۇرىلەر دەۋرىدە بولسۇن، سىگانلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى تاللاش ئەمەس ئىدى.

ئوكلېي يۇدىس (Okely Judith) 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئەنگلىيەنىڭ خارفود رايونىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان سىگانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى ئۈچۈن دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا سىگانلارنىڭ بەدىنىنىڭ چەك ـ چېگراسىغا قارىتا بىر خىل روشەن تونۇشقا ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۈزۈكسىز تۈردە قوبۇل قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئولتۇراق جەمئىيەت بىلەن پەرقلەندۈرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئوكېلي مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «سىگانلارنىڭ ئېتىقادىنى چوڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلغان دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئۇلار ئاز سانلىق كىشىلەر توپى بىلەن كۆپ سانلىق كىشىلەر توپى ئوتتۇرىسىدىكى سىمۋوللۇق چېگرانى ئىجاد قىلغان ۋە ئىپادىلىگەن. ئەنگلىيەدىكى سىگانلار ئىچكى ۋە تاشقى بەدەن پەرقىگە ئىگە، بۇنى سىگانلار بىلەن غەيرىي

---

① 王云龙著:《吉卜赛人》,东方出版社2008年版,第13、14页。 Selin Ceyhan: *A Case Study of Gypsy/Roma Identity Construction in Edirne*, A Thesis Submitted to the Graduate School of Social Sciences of Middle east Technical University,2003. P33、34.

سىگانلارنى پەرقلەندۈرۈشتىكى چېگرانىڭ سىمۋولى دەپ قاراشقا بولىدۇ. «ئىچكى ئۆزلۈك» ۋە «ھەقىقىي سىگان» لىققا بولغان تونۇش ئىچكى ـ تاشقى بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كارۋان ھارۋىسىدىكى مەۋھۇم پاكلىق ياكى لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرتىپتە بۇ خىل پاكلىق، پاكىزلىق بىلەن مۇراسىم پاكلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. «تاشقى ئۆزلۈك» غەيرىي سىگانلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن مۇرەسسە بولۇپ، ئۇ بۇلغىنىشقا ئۇچرىغان ياكى «موكادى» (mochadi) دەپ ئاتالغان. ئىچكى بەدەن بىلەن تاشقى بەدەن ئوتتۇرىسىدا، كارۋان ھارۋىسىنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوتتۇرىسىدا، لاگېرنىڭ ئىچى بىلەن سىرتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق كونترول قىلىشقا ئۇچرايدۇ. كېرەكسىز نەرسە ۋە ئەخلەتلەر كارۋان ھارۋىسى ۋە لاگېرنىڭ سىرتىغا تاشلىنىدىغان بولۇپ، بۇ جايلار «موكادى» دەپ قارالغان»[1].

بىزنىڭ مەزكۇر تېمىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاساسىي مەۋقەسى سىگانلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلار توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك مەلۇمات بېرىش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

ئەمدى بىز ئابداللار بىلەن سىگانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئوخشاشلىقتا قاراپلا ئۇلارنى ئوخشاش مەنبەدىن ئىزدەش ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ، دەپ ئېيتىشقا مەجبۇرمىز.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، تۈركىيە تەۋەسىدىكى ئابداللار بىلەن شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

---

① 菲奥纳·鲍伊著：《宗教人类学导论》，中国人民大学出版社 2006 年版，第 83 页。

تۈركىيە ئابدالللىرىمۇ ئالىملار تەرىپىدىن سىگان قوۋمىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن[1].

### 5 . ئابداللار ۋە دەرۋىشلەر

دەرۋىش (Darvīsh) پارسچە سۆز بولۇپ، سوپىزم ئېتىقادىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇسۇلمانلارنىڭ خاس نامىدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي مەنىسى «ئىشىكتىن ئىشىككە قاتراپ يۈرىدىغانلار» دېگەندىن ئىبارەت[2]. ئۇ ئەرەب تىلىدىكى فەقىر Faqīr (مەنىسى نامرات كىشى) بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، «قەلەندەر» (Qalandar) بىلەنمۇ ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ[3].

قەلەندەرلەر تەخمىنەن مىلادىيە 12 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران ئېگىزلىكى قاتارلىق جايلاردا پەيدا بولغان بولۇپ، توپ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، قەلەندەرلەر سوپىزم تەشكىللىدىكى ئالاھىدە بىر تەبىقە كىشىلىرىدىن كېلىپچىققان، ئۇلار ئەمرمەرۇپلارغا بويسۇنمايدىغان، جاھان كېزىپ تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغانلار بولۇپ، «شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغانلار (Bīshari'ah)» دەپ ئاتالغان[4].

مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە، خوراساندا مۇھەممەد ئىبىن يۇنۇس جامالىدىن ساۋانى ۋە قۇتبىدىن ھەيدەر

---

① Selin Ceyhan: *A Case Study of Gypsy/Roma Identity Construction in Edirne*, A Thesis Submitted to the Graduate School of Social Sciences of Middle east Technical University,2003. P30, P71.

② http://en.wikipedia.org/wiki/Dervish

③《中国伊斯兰百科全书》，四川辞书出版社 1996 年版，第 206 页。

④ 韩中义著：《西域苏非主义研究》，中国社会科学出版社 2008 年版，第 172 页。

ئىسمىلىك ئىككى مەشھۇر شەخس ئۆتكەن بولۇپ، ئالدىنقىسى قەلەندەر تەبىقىسىنىڭ مەشھۇر شەخسلىرىدىن، كېيىنكىسى بولسا قەلەندەرىيە مەزھىپى ھەيدەرىيە سۇلۇكىنىڭ ئىختىراچىسىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرى شەرقتە ھىندىستان، غەربتە سۇرىيە، شىمالدا جۇڭگو، جەنۇبتا يەمەنگىچە بولغان جايلارغا كەڭ تارقالغان ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن خانىقالارنى سالغان①.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمىر تىمۇر ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارغان چېن چېڭ دەرۋىشلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «ئۇلار ئۆي ـ ماكانىنى تەرك ئەتكەن، تۇرمۇشلۇق بولىدۇ، بېشىغا سەللە ئوراپ يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ، كىيىملىرى جۇلجۇل، قوي تېرىسىنى يېپىنىپ، قوللىرىدا ھاسا تۇتۇپ، بوينىغا ھەر خىل غەلىتە شەكىلدىكى قوي ـ كالا ئۇستىخانلىرىنى ئېسىۋالىدۇ. تومۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقتىن دالدىلانمايدۇ، تىلەمچىلىك جەريانىدا كىشىلەرگە ئۇچراپ قالسا ئاغزىدا بىرنەرسىلەرنى ئوقۇيدۇ، ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە، ھەتتا ھايات كەچۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مازارلاردا ياكى گەمىلەردە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ نامى تەرىقەت دەرۋىشلىرىدۇر»②.

يۇقىرىقىلار مىلادىيە 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دەرۋىش (قەلەندەر) لىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى قەلەندەرلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.

---

① 韩中义著：《西域苏非主义研究》，中国社会科学出版社 2008 年版，第 172、173 页。

② （明）陈诚著：《西域行程记·西域番国志》，中华书局 1991 年版，第 69 页。

غەربىي يۇرتتىكى قەلەندەرلەر توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇماتلار چىلاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدۇ. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قەلەندەرلەر ئىچكى جايلاردىكى تويىن (道人) لارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار يەرلىك مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا خوتۇن ئېلىپ بالىلىق بولىدۇ، ئەمما ئۇلار چاچلىرىنى ئىككى قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. كىيىملىرى قىزىل بىلەن كۆك رەڭ ئارىلاشقان هالدا توقۇلغان بولۇپ، ئېگىز تۇماقلىرىنىڭ گىرۋىكى بولمايدۇ. هەر بازار كۈنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بايراملىرىدا، ئۇلاردىن يۈز نەچچە كىشى توپلىشىپ ناغرا چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ، سەلقە سالىدۇ، ياكى بازاردا ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، پۇل، بۇغداي، كىيىم ـ كېچەك سەدىقە ئالىدۇ، هەربىر مۇسۇلمان خۇشاللىق بىلەن ئۇلارغا سەدىقە بېرىدۇ. ئادەم ئۆلگەندە، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى ‹هاياتلىق بولىدىكەن ئۆلۈم بولىدۇ، بۈگۈن بۇ كىشى ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، هاياتلار ئۇنىڭغا ياش تۆكەيلى› دېگەن كەلىمە بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى پۈتۈن بىر كۈن تەكرارلايدۇ. ئۇلار تۇرالغۇلىرىدا دائىم ناماز ئوقۇيدۇ، بەزىدە يېرىم كېچىدە ئوقۇيدىغان نامازلىرى بولۇپ، بۇ ئادىتىنى يەرلىك مۇسۇلمانلار چۈشىنىپ كەتمەيدۇ»[①].

چۈن يۈەن يەنە «شىنجاڭنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە، قەلەندەرلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «چيەنلۇڭنىڭ 40 ـ يىلى (مىلادىيە 1775 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ ــــ ئاپتور)، هىندىستاندىكى قەلەندەرلەر مۇسۇلمانلار يۇرتىغا كەلدى، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم،

① 椿园七十一著:《西域闻见录》,卷七,杂录条,乾隆刊本。

ئۇلارنىڭ چىرايى قارا، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئەينەك رەڭگىدە ئىدى. ئۇلار بىز تېخى خېلى ئاقراقلىرى دېدى»[①]. بۇ يەردە ئېيتىلغان مەلۇمات ئىچىدە «چىيەنلۇڭنىڭ 40 ـ يىلى» دېگەن بۇ مەلۇمات ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، شۇ دەۋرلەردە بىر قىسىم جاھانكەزدى قەلەندەرلەر ھىندىستاندىن شىنجاڭ رايونىغا ئېقىپ كەلگەن. ئەمما، شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ ھەرگىزمۇ بۇ خىل كىشىلەر توپىنىڭ مەزكۇر رايونغا كەلگەن تۇركۇملىرىنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئەمەس، ئەلۋەتتە.

«مۇسۇلمانلار يۇرتى تەزكىرىسى» (《回疆志》) 2 ـ جىلدىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئۇلار يەنە كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىدۇ، قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەيدۇ. يامغۇر تىلەش، كېسەل داۋالاش، ئايەتنى ھەيدەپ، بەخت تىلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار قەلەندەر دەپ ئاتىلىدۇ».

يۇقىرىقى خاتىرىنىڭ مەزمۇنلىرى ئابداللارنىڭ ھازىرقى ئەھۋاللىرىغىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇلار ھەزرىتى ئەلى، ئابابەكرى قاتارلىق چارىيارلارنىڭ قىسسەلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قىسسە ـ رىۋايەتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە پالچىلىق، تېۋىپلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

«مۇسۇلمانلار يۇرتى تەزكىرىسى»دە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇ كىشىلەر قىزىل يۇڭ يىپتىن جىيەك تۇتۇلغان گۈللۈك ئۇچلۇق ئېگىز تۇماق كىيىدۇ، بۇ تۇماقلار خۇددى ئاي پالتىغا ئوخشايدۇ، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيىپ، بېلىنى يۇڭ بەلباغدا باغلاپ، چېچىدىن بىرنەچچە تال

---

① 椿园七十一著：《新疆与图风土考》，卷二，温度斯坦条，光绪刻本。

ئۆرۈۋالىدۇ، پۇتى يالاڭ ئاياغ بولۇپ، بويىنغا قاشتېشى ياكى قىزىل - يېشىل رەڭلەردىكى تاشلاردىن بىر دانىنى ئېسىۋالىدۇ»①.

«مۇسۇلمانلار يۇرتى ئەبجەش خاتىرىلىرى»دە: «رەڭلىك يۇڭ يىپلاردىن جىيەك تۇتۇلغان چاپان ۋە تۇماق كىيىپ يۈرىيدىغان يەنە بىر خىل مۇسۇلمانلار بار، ئۇلار ‹قەلەندەر› دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇچتىن بەشكىچە بىر توپ بولۇپ، ئۆيمۇئۆي تىلەمچىلىك قىلىدۇ، ئۇلارغا سەدىقە بەرمەيدىغانلار بولمايدۇ... بۇ كىشىلەرمۇ ئۇنچە ئاچ كۆز ئەمەس، تىلىگەنلىرىنى ئۆزىدىن نامراتلارغا بېرىۋېتىدۇ»②.

«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دا يەنە قەلەندەرلەرنىڭ ئاممىۋى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بىر قىسىم خاتىرىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «روزا ھېيت كۈنى، ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە ناغرا - سۇناي چالىدۇ، يەرلىكتىكى ھاكىمبەگ پۇزۇر كىيىنىپ، كۆرەڭ ئاتقا مىنىپ، ئاخۇنچە ئالتۇن رەڭ جىيەكلىك باش كىيىمى كىيىپ، ئات - تۆگىلىرىنى رەخت ئېگەرلەر بىلەن بېزەيدۇ، بەش ياكى يەتتە جۈپ بايراقچى، ناغرىچى ناغرا چېلىپ ماڭىدۇ. قەلەندەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ يول باشلاپ ماڭىدۇ»③.

تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى قەلەندەرلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: (1) زور كۆپچىلىكى تۇرمۇشلۇق بولمايدۇ. (2) ھەممىشە كېسەل داۋالاش، يامغۇر تىلەش قاتارلىق

---

① （清）永贵撰，苏尔德补：《回疆志》卷二，衣冠条，乾隆刊本。

② 《回疆杂记》（一），光绪铅印本。

③ 《西域闻见录》，卷七，风俗条。

ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. (3) ھەممىشە مازار، قەبرىستانلىقلارنى تۇرالغۇ قىلىدۇ. (4) مازارلارنى تاۋاپ قىلىدۇ. (5) زور كۆپچىلىكى ئەمرىمەرۇپلارغا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. (6) ھەر خىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. (7) تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىدۇ. (8) نەغمە قىلىپ ناخشا ئېيتىدۇ. (9) باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماي، سۇلۇكنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەتلىرىگىمۇ ناھايىتى ئاز قاتنىشىدۇ[①].

بىز خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە قەلەندەر ياكى دەرۋىش نامى بىلەن ئاتالغان سوپىزمنىڭ بۇ ئالاھىدە كىشىلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئابداللارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر تويىنىڭ خۇددى شىنجاڭ رايونىدىكى مەزھەپ ۋە سۇلۇكلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، مەيلى نام ـ ئاتاق ياكى ھەرىكەت مىزانلىرىدىمۇ ئارىلىشىش، قوشۇلۇش، سىڭىشىش، ئاخىرىدا ھەممىسى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىشتەك قانۇنىيەتنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز يۇقىرىقى تەھلىلىمىزنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە، تۆۋەندىكى خاتىرىلەردىن، ئابداللارنىڭ باشقا يازما خاتىرىلەردىمۇ «دەرۋىش» ياكى «قەلەندەر» لەر بىلەن تەڭ مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

پائۇل پېلىئوت شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدە، قەشقەر ئەتراپىدا ئابداللار توغرىسىدا ئىزدىنىپ يۈرگىنىدە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمان

---

① 韩中义著：《西域苏非主义研究》，中国社会科学出版社 2008 年版，第 176页。

ئابداللارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ ھەمدە ئۇلار توغرىسىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلار ئۆزلىرىنى ئابدال دەپ ئاتايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئەكسىچە ئۇ ئۇستىگە ئۇزۇن ئاق چاپان كىيىپ، بېشىغا يوغان قارا سەللە يۆگىۋېلىپ شەھەرمۇشەھەر ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەر (تىلەمچى، دەرۋىش) كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئابدال دېگەن سۆز ئەرەبچە ۋە ئوسمان تۈركچىسىدە ‹قەلەندەر›، ‹تىلەمچى› دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ»[1]. پېللىئوت ئۇلاپلا مۇنداق يازىدۇ: «تۈركلەر بۇ ئابداللارنى كەمسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلاردا ئالاھىدە بىر سىرلىق كۈچ بار دەپ قارايدىكەن ھەم شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ‹خۇراپىيلەرچە› ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن». دېمەك، پائۇل پېللىئوتنىڭ ئابداللارغا بەرگەن تەبىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن خەنزۇچە مەنبەلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك پاكىت ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

لىكوكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندا، 40 تىن ئارتۇق ئابدالنى تامئېغىلىغا تېرىقچى قىلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. ئۇلار ئىلگىرى دېھقانچىلىقنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاساسەن ئەلگەك ياساش، سۈپۈرگە توقۇش، چۆمۈچ ياساش، ناخشا ئېيتىش ۋە تىلەمچىلىك قىلىش بىلەن قامدىلىدىكەن[2].

لىكوكنىڭ مەلۇماتىدىن بىز شۇنداق بىر نەرسىنى، يەنى ئابداللارنىڭ تېرىقچىلىقنى بىلمەسلىك، تۇرمۇشتا ئۇششاق نەرسىلەرنى ياساش ۋە تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان

---

① Paul Pelliot: *Les Abdal de Païnap*, in: *Journal Asiatique*, Dixième Série. Tome Ⅸ. Paris 1907, pp115-139.

② Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

ئادىتىنى چوڭقۇر تونۇش بىلەن بىللە، مەزكۇر مەلۇماتتىن يۈز يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىقتا ئېپى ھەم خۇشىنىڭ يوقلۇقىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئابداللارنىڭ قوشۇق، چويلا قاتارلىق ئۇششاق نەرسىلەرنى ياساش ۋە تىلەمچىلىك ئادىتى بۇ گۇرۇھ كىشىلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەيلى ئاددىي پۇقرا ياكى خانزادىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەلەندەرلىك (دەرۋىشلىك) يولىنى تاللىسا، مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەزاسى بولۇشتىن بۇرۇن ئادەمدە بولىدىغان شەھۋەت، ئابرۇيپەرەسلىك تۇيغۇسىنى سۇندۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى كەلگۈچى چوقۇم كۆلاھ ـ جەندە كىيىپ تىلەمچىلىك قىلىشى، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇقتا ئوخشاش نەرسىلەرنى ياساپ سېتىپ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجىدىن چىقىشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ خىل كىشىلەر يازما مەنبەلەردە مەيلى دەرۋىش، قەلەندەر ياكى ئابدال دەپ ئاتالسۇن بۇ خىل ئادەتلەر مەزكۇر كىشىلەر توپىغا ئورتاق ئادەتلەردىن ئىدى. چېچىنى پاكىز قىردۇرۇش، ئۇچلۇق ئېگىز باش كىيىمى كىيىش، سېرىق ياكى قارا رەڭلىك يەكتەك كىيىپ، ناغرا كۆتۈرۈپ يۈرۈش تۈرك قەلەندەرلىرىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىدى[1].

مانىېرخېيىم ئابداللار توغرىسىدا توختالغاندا ئۇلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە

① Riza Yildirim: *Dervishes in Early Ottoman Society and Politics: A Study of Velayetnames as a Source for History*, Ankara September 2001. P54

رول ئوينايدىغان، دىۋانىچىلىق قىلىدىغان بۇ غەلىتە خەلق ئابداللار توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، بىز خىرىستىيان خەلقلىرى ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئورنىنى ئەسكە ئالساق بولىدۇ. ئىمام ھۇسەيىنىنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى كىچىك يۇرتلارغا تارقىلىپ كەتتى. ئىمام ھۇسەيىنىنىڭ تالاپىتىدىن، ئۇلار تىلەمچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بايلىرىمۇ، كەمبەغەللىرىمۇ ئوخشاشلا ھەر يىلى مەلۇم بىر ۋاقىت خۇرجۇنلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، سەدىقە تىلەپ ئۇيەر ـ بۇيەرگە قاتراپ يۇرت كېزىشى كېرەك ئىدى. كىشىلەر ھەممە يەردە بۇ خىلدىكى ئابداللارنى ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ئابداللار ئادەتتە بىر قولىدا ھاسا ياكى تاياق كۆتۈرۈۋالغان، كونا كىيىمگە يۆگىنىۋالغان ھالەتتە كىشىلەرگە ئۇچراپ تۇراتتىكەن. بەزىلەر يەنە كىچىك كىيىملەرنى، يەنى باش كىيىم كىيىپ، ھالقا، مارجان، بۇلاپكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىكەن. بۇ خىل سىياقتىكى تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئابداللار دائىم ئۇچراپ تۇرغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر خاتا ھالدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئابدال دەپ قارىۋالغانىدى[1].

ئابداللارنىڭ باي ـ كەمبەغەللىرىنىڭ ئوخشاشلا پەسىل خاراكتېرلىك تىلەمچىلىك قىلىش ئادەتى توغرۇلۇق راكۋيتمۇ:

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, pp6-12. 中国民族摄影艺术出版社 2004 年中文本第 78 页。

«ئابدالالار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياقا يۇرتلاردا ئايرىم ياشىغان ۋە ئاساسلىق تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن. كېيىن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە ئەتراپتىكى خەلقلەر بىلەن نىكاھلىنىشنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئابدالالار مەھەللىسىدىكى كۆپچىلىك ئابدالالار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ باي دېھقانلارغا ئايلانغان. ئەمما، شۇنداق بىر ئىش باركى، بۇ ئىش ئابدالالارنىڭ بايلىرى ئىچىدىمۇ ئەقەللىي قائىدىگە ئايلانغان ئىكەنكى، ھەر يىلى كۈز كەلگەندە بىر قېتىم خۇرجۇنلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ دىۋانە بولۇپ يىراق جايلارغا بېرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن»[①] دەپ بايان قىلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە، خانئېرىقتىكى ئابدالالارنىڭ كەنت كادىرلىرىنىڭمۇ خۇددى راكۇېت ۋە ماننېرخېيىملار ئېيتقاندەك يىلدا بىرەر قېتىم تىلەمچىلىككە چىقىش ئادىتىنى تاشلىمىغانلىقىنى ئەل ئىچىدىكى پېشقەدەملەردىن كۆپ ئاڭلايتتۇق. بىزنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىمىز جەريانىدىمۇ بۇ خىل ھادىسىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغانلىقىنى مەزكۇر كەنتتىكى كىشىلەر دەلىللەپ بەردى.

ئابدالالارنىڭ كېلىپچىقىشىنى ئىمام ھۈسەيىن ۋەقەسىگە باغلاشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوقلۇقى توغرىسىدا ئالدىنقى قىسىمدىكى مەزمۇنلاردا ئۆز پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندۇق. ئەمما، بۇ يەردە شۇ نەرسىنى تەكىتلەپ قويماقچىمىزكى، ئابدالالارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ ھەزرىتى ئەلى، ھۈسەيىن ۋە شۇ

[①] G. Raquette: *Collection of Manuscipts from Eastern Turkistan— An Account of the Contents*, in C. G. Mannerheim: op. cit. (14), Band Ⅰ, pp3-15.

قاتاردىكى 12 ئىمامنىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ھەرگىزمۇ ئۆزلۈك قالايمىقانچىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سوپىزم ئېتىقادىدىكى كىشىلەر توپىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن بولغان. چۈنكى سوپىزم ئېتىقادىدىكىلەر سۈننىي، شىئە ۋە باشقا مەزھەپ كىشىلىرى بولۇشىمۇ سوپى ھېسابلىنىۋېرىدۇ[1]. شۇ سەۋەبتىن، سوپىلارنىڭ رىۋايەتلىرى ھەر خىل مەزمۇنلارغا تولغان بولىدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن چىگىش كۆرۈنىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بىز يەنە مانىبىرخىيىمىنىڭ بايانىدىكى ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئابداللار ۋە ئۇلارنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خەنزۇچە مەنبەلەردە «دەرۋىش» ياكى «قەلەندەر» دەپ خاتىرىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئابداللار بىلەن بىر گۇرۇپپا خەلق ئىكەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئابداللار يەنە بەزى مەنبەلەردە ئادەتتە تۈركمەن تائىپىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە ھەم تۈركمەن قەبىلىلىرى، ھەم تۈركمەن جامائەتلىرى باشلىقىنىڭ قول ئاستىدا بايان قىلىنغان.

ئۇلكۇتاشىرنىڭ قارىشىچە، ئابداللار نەسىل ئېتىبارى بىلەن تۈركمەنلەردىندۇر. بۈگۈنكى ئانادولۇ ئابداللىرى بابائى تۈركمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر[2].

يازما مەنبەلەردە بۇ كىشىلەر توپى مەيلى قايسى نام بىلەن يېزىلمىسۇن ئۇلارنىڭ قىياپەت، كىيىم - كېچەك، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بايانلار ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. پىقىر 2004 - يىلى 1 - ئاي ۋە 2007 - يىلى 10 - ئايلاردا

① （埃及）艾哈迈德・爱敏著：《阿拉伯--伊斯兰文化史》，第八册，商务印书馆 2007 年版，第 144 页。

② Beyhan Karamagahali: *The Order and Convent art from XIIIth to xvr1ı*, Centuries in Anatolia, Istanbul, PP1-8, Istanbul.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ خانئېرىق بازىرى شەيخلەر كەنتىدىكى ئابداللار ئۇستىدە تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان ۋاقتىمدا، كەنت باشلىقى ئەنۋەرجان مۇھەممەد تاغىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان «كىستە كاسا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ پېقىرغا كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇنى «بۇرۇنقىلار تىلەمچىلىك قىلغان ۋاقتىدا بوينىغا ئېسىۋېلىپ قاچا ۋە باشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ئورنىدا ئىشلەتكەنىكەن» دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇڭدىن توقۇلغان رەڭلىك گىرۋەكلىك تون، دەرۋىشلەر ھاسىسى، «ئەشمىزە پاتىمەنىڭ بارماق ئىزى چۈشكەن» دەپ ئاتالغان بويۇنغا ئېسىپ يۈرىدىغان بەش بۇرجەكلىك كاۋا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.



(كىستە كاسا تۇتۇپ تۇرغان كىشى، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي، خانئېرىق)

خانئېرىقتىكى ئابداللارنىڭ ئۆيلىرىدە تەۋەررۇك قىلىپ

ساقلىنىۋاتقان بۇ خىلدىكى نەرسىلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەردە ئېقىپ يۈرگەن دەرۋىشلەرنىڭ بويۇنلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. 2007 ـ يىلى پېقىر بۇخارا تارىخ مۇزېيىدا كۆرگەن ۋە سېتىۋالغان دەرۋىش سۈرەتلىرى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.



(بۇ سۈرەتتىكى سولدىن ئىككىنچى كىشىنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالغىنى كىستە كاسا. بۇ سۈرەت بۇخارا تارىخ مۇزېيىدىن سېتىۋېلىنغان، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاي)

خانئېرىقتا ساقلىنىۋاتقان «ئەشمىزە پاتمەنىڭ بارماق ئىزى بار» دېيىلىدىغان، ئابداللار (دەرۋىشلەر) سىرتقا چىققاندا بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدىغان قوش مۇشت چوڭلۇقىدىكى كاۋا، ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى «دەرۋىش» نامىدا خاتىرىلىنىپ قالغان كىشىلەر تۈپىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارتىلغان سۈرەتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.



[19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دەرۋىش كىيىملىرى. بۇخارا تارىخ مۇزېيخانىسى، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارتىلغان.]

ئەمدى بىز يەنە باش تېمىغا قايتىپ، ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشىغا قارايدىغان بولساق، مىلادىيە 12 ـ ئەسىرلەردە، خوراسان ۋە ماۋرائۇننەھەردە شەكىللەنگەن سوپىزمنىڭ يېڭى تەشكىللىرىدىن بولغان «قەلەندىرىيە» ۋە تۈرك تەرىقىتىنىڭ ئاتىسى ياكى «تۈركىستاننىڭ پىرى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەھمەد يەسەۋى تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان «يەسەۋىيە»، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك دۇنياسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلغانىدى. بولۇپمۇ «يەسەۋىيە» تەرىقىتى 13 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ، ئالتايدىن ئاناتولىيەگىچە، ھەتتا تاجىكلار رايونىغىمۇ يېتىپ بارغان[1] ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە بۇخارادا باھاۋۇدىن نەقشىبەندى (1313~1389) تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان نەقشىبەندى مەزھىپىگە، شۇنداقلا ئاناتولىيەدىكى بەكتاشىزمغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەمدى بىز تۈرك تەرىقەتچىلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى پارس ئېلېمېنتلىرىغا كەلسەك، تۈركىي تىللىق خەلقلەر 10 — 11 ـ ئەسىرلەردە ئىسلامنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا،

① Irene Melikoff: *Ahmet Yesevi and Turkic Popular Islam*, Utrecht papers on Central Asia Ⅵ(2003)No.8, P1.

ماۋرائۇننەھىر، خارازىم، خوراسان قاتارلىق تۈرك يۇرتلىرى پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن بىللە، پارسلاردىن بولغان دىن تارقاتقۇچىلار بۇ رايونلارنىڭ ئىسلاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. قاراخانىيلارنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىمۇ ھەم شۇنداق[1]. تۇنجى دەرۋىشلەر پارسلاردىن بولسىمۇ، ئۇزۇنغا قالماي تۈرك دەرۋىشلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل دەرۋىشلەر ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى شامان ئېتىقادىدىكى «ئوزان» لىرىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىنىپ «ئاتا» ياكى «بابا» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان.

«ۋىلايەتنامە»دە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئەھمەد يەسەۋى رۇمغا بىر پارچە خەت ۋە تەمتەك ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھاجى بەكتاشقا ئېيتقان «مەن سېنى رۇم ئابداللىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش ئۈچۈن ئەۋەتتىم» دېگەن كەلىمىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا بولۇپ، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئۆزى «خوراسان ئەرەنلەرى»، يەنى «خوراسان دەرۋىشلىرى» نىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان[2].

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە، ئەھمەد يەسەۋى ئۆز سىلسىلىسىنى ئەبۇ بەكرىگە باغلىمايدۇ.

يەسەۋى تەرىقىتىنى تولۇق ئىگىلەپ، ساھىبدىل ياكى ئارىپ بولۇشنىڭ ئۈچ باسقۇچى بار ئىدى. بىرىنچىسى، سۆلۈككە كىرگەن سالىكنى جامائەتنىڭ ئالدىدا مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئىدى. ئىككىنچىسى، بىرنەچچە يىل دەرۋىشلەر

① Irene Melikoff: *Ahmet Yesevi and Turkic Popular Islam*, Utrecht papers on Central Asia VI(2003)No.8, P3.

② Irene Melikoff: *Ahmet Yesevi and Turkic Popular Islam*, Utrecht papers on Central Asia VI(2003)No.8, P8.

ئارىسىدا يۇرۇپ ئەستايىدىل زىكرۇسانا، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان مۇرىتنى سالىھ، يەنى خەلىپىلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈش، ئۇنىڭغا شەيخنىڭ قولىدىن خىرقە كىيدۈرۈش. بۇ مەرتىۋە ئىگىلىرى تەرىقەت ئەھكامىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە مۇشەررەپ بولۇشلىرى لازىم ئىدى: كۆرۈنۈشتە جەندە ـ تون كىيىش، روھىي جەھەتتە تىرىك كۆڭۈل، ئويغاق دىل ۋە ئۆز نەپسىنىڭ ھاكىمى بولۇش. ئۆز نەپسىنىڭ ھاكىمىغا ئايلانغان دەرۋىش قانائەت تەختىنى ئىگىلەپ، مەنىۋىيەت مۈلكىگە سۇلتان بولىدۇ. بۇنداق سائادەتلىك كىشىلەر سالىھ ياكى ساھىبدىل دېگەن ئۇنۋانغا مۇشەررەپ بولىدۇ. سالىھ ــ ئىچكى ئالەمى پاكىز، ياخشىلىققا مايىل، ئىمانى تولۇق ئادەمدۇر. ساھىبدىل ــ تەرىقەتتە يەتتە مۇقامنى ئىگىلىگەن، كۆڭۈل كۆزى ئويغاق، دىلى ئويغاق شەخستۇر.
تۆتىنچىسى، مەرتىۋە ــ ئەڭ ئالىي مۇقام بولۇپ، بۇ شەيخلىك، ئارىپلىق پەللىسىدۇر. تەسەۋۋۇپ قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسان كۆكسىدە بەش نۇر بار. ئۇلار قەلب نۇرى، روھ نۇرى، سىر نۇرى، يوشۇرۇن نۇر ۋە چوڭقۇر مەخپىي نۇر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نۇرلارنىڭ رەڭگى، جىلۋىسى ھەر خىل بولىدۇ. سوپى ئۆمۈر بويى ئاشۇ بەش نۇرنىڭ ئىشقىدا زەخمەت چېكىشى كېرەك. بەشىنچىسى، يەنى ئاخىرقى نۇرغا سازاۋەر بولغان كىشى ئەللامە، ئەۋلىيا، قۇتبۇل ئەقتاب، يەنى روھىي ئالەمنىڭ يېگانىسىلىق دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. چوڭقۇر مەخپىي نۇرغا يېتىپ مەخپىي سىر بىلەن ئاشنا بولغان سوپىلار ئۇچۇن زامان ياكى ماكاننىڭ پەرقى قالمايدۇ، ئۇ، قۇشلار، ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ، تىرىك ۋە ئۆلۈك جىسىملارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدۇ، خالايىقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ،

ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇملارنىڭ روھى بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ، كەلگۈسى تەقدىردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. نۇرى تەجەللى دەپ ئاتالمىش بۇ نۇرغا شەيخۇل ماشايىخ كەبى ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋى ئىختىرا قىلغان تەرىقەتتى تۈركىيەنىڭ ئاساسلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار: تەۋھىدنى ئاساس قىلغان تەسەۋۋۇپ، شەرىئەتكە ۋە ھەق مۇستاپا سۈننىتىگە مۇتلەق ئېتىقاد، شەرىئەتكە تايانغان تەرىقەت، زىيارەت ۋە مۇشاھىت، خىلۋەت ۋە زىكىر.

تەرىقەتنىڭ ئەھكامى ئالتىدۇر: مەرىپەتتى ھەق، ساخاۋىتى مۇتلەق، ساداقىتى مۇھەققەق، يەقىنى مۇستەغرەق، تەۋەككۇلى رىزقى مۇئەللەق، تەپەككۇرى مۇدەققەق. يەنى ھەقنى تونۇماق يولىدا مەرىپەتكە ئىنتىلمەك، مۇتلەق ۋە ئۆزۈكسىز ساخاۋەت كۆرسەتمەك، ئاللاغا ساداقەت ساقلىماق، ساغلام كۆڭۈل ئىگىسى بولماق، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئىگىسى ئاتا قىلغان رىزقىغا قانائەت قىلىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر، مۇلاھىزە بىرلە روھىيىتىنى پاكلىماق.

ئەدەپنىڭ شەرتلىرى ئالتە: جامائەتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرماق، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتماق، ئەكسىچە ئۆزگىلەرنى ئۆزىدىن يۇقىرى ھېسابلىماق، ئىجازەتسىز سۆز قىلماسلىق ۋە پىرى كامىلنىڭ بېشارەتلىرىنى، كارامەتلىرىنى ئەستە تۇتماق، ئۇنى دىلغا جا قىلماق پەرھىزدۇر.

ھاجى بەكتاش ئۆزىنىڭ «ماقالات» دا، كىشىلەرنى تۆت گۇرۇپپىغا بۆلگەن: (1) ئابىتلەر (ئېتىقاد قىلغۇچى)، يەنى شەرىئەت قانۇنىدىكى كىشىلەر. (2) زاھىتلار، يەنى تەرىقەت

ئەھلى. (3) ئارىفلەر، يەنى مەرىپەت ۋە سىرلىق بىلىملەرگە ئىگە بولغۇچىلار. (4) مۇھىبلەر (ياخشى كۆرگۈچىلەر)، يەنى خەلقنىڭ ھەقىقىتى ۋە رىئاللىقىنى ئايرىغۇچىلار. شۇڭا، ئابداللار بۇ تۆت ئۆتكەلدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈشى كېرەك، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تامامەن مۇمكىن ئىش، پەقەت ئاللاغا بولغان چىن ئىشقىدىن ۋاز كەچمىسىلا①.



[دەرۋىش (قەلەندەر)، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى. «ئۆزبېك مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى» 85 ـ بەتتىن تارتىلغان سۈرەت. تاشكەنت 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي ]

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، دەرۋىشلەر توختاۋسىز جاھان كېزىپ يۈرىدىغان بولۇپ، بۇ مۇقەددەس سەپەر مۇرشىدلارنىڭ دۇنياغا بولغان ھەۋىسىنى ئۆلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ شەيخلەرنىڭ ئابداللارنىڭ مەنىۋىيەت سەپىرىگە يول كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇلارغا نۇرلۇق يول كۆرسىتىپ بېرىشى ئۈچۈندۇر. ئەھمەد يەسەۋى بارلىق مۇرىتلىرىدىن شەيخلىرىگە مۇتلەق سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە بۇ توغرىدا 10 تۆرلۈك پىرىنسىپنى بەلگىلەپ چىققان②.

كانادالىق ماركوف «تۈرك بېكتاشىزمى بىلەن

① Riza Yildirim: *Dervishes in Early Ottoman Society and Politics: A Study of Velayetnames as a Source for History*, ANKARA September 2001.P70

② Riza Yildirim: *Dervishes in Early Ottoman Society and Politics: A Study of Velayetnames as a Source for History*, ANKARA September 2001.PP63-64.

تاختاچىنىڭ مەنبەسى ۋە ئوخشاشلىقى» دېگەن ماقالىسىدە، 14 ـ ئەسىرلەردە بىر قىسىم كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئاناتولىيەگە كۆچۈشى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ تۈركىي قوۋملارنىڭ ئابداللار، ھەيدەرلەر، باباالار قاتارلىق تەشكىلىي چۈۋالچاق قەلەندەر دەرۋىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى تىلغا ئالغان[1].

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئابداللار دەل مۇشۇ سوپىزم تەشكىلى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئاتاق نامىدىن ئىبارەت، خالاس.

سوپىزمنىڭ پېشۋالىرىدىن جالالىددىن رۇمىي، پەرۋانىلەرنىڭ ۋەكىللىرى، مەشھۇر شەخسلەر، ئۇلۇغ شەيخلەر ۋە قوماندانلار قاتناشقان بىر قىتىملىق دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن، خوپتەن نامىزى ئوقۇيدىغان ۋاقىت بولغاندا ھەممە كىشىلەر دېگۇدەك رۇمىدىن ئىمام بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، رۇمى ئىمام بولۇشنى رەت قىلغان ھەمدە «بىز خەلقنىڭ ئابداللىرىدۇرمىز، نەلەردە ئولتۇرساق شۇ يەردە قوپۇۋېرىمىز» دەپ، ئەكسىچە قۇناۋىنى ئىماملىققا كۆرسىتىپ «سوپىزمنىڭ ئۇستازلىرى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزلۇقلىرىلا ھەقىقىي ئىمام بولۇشقا ھەقلىق»[2] دېگەن. بىز بۇ يەردە رۇمىنىڭ ئۆزىنى ئابدال دەپ ئاتىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. تۈزۈملەشكەن ۋە ئىدراكلاشقان سوپىزمغا قارىتا بەزىدە بىر قىسىم قارشى كۈچلەر پەيدا بولىدىغان بولۇپ، بۇلار قەلەندەرلەر

---

[1] Irene Markoff: *Origins and Parallels with Turkish Bektashis and Tahtacis*, Conference on music in the world of Islam, Assilah, 8-13 August2007, P2.

[2] Masataka Takeshita: *Sadr Al-din Al-Qunawi as Seen From a Mevlevi Point of View*, University of Tokyo, P279.

ۋە ئابـدالـلار ئـــدى. رۇمـــى مەنـــۋى جەھەتـتـىن ئابـدالـلارغا يېقىنلىقىنى ئىپادىلىگەن.

سوپىزم ئېتىقادىدا «ئابدال» سۆزى بىر خىل ھۆرمەت ئاتىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ خىل ئاتاقنىڭ يازما مەنبەلەردە كۆرۈلۈشىنى يەنە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدي» دىن تاپقىلى بولىدۇ. «تارىخى رەشىدي» دىكى «دوستمۇھەممەد خاننىڭ خانلىقتا ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى» دا مۇنداق يېزىلغان: «دوستمۇھەممەدخان قەلەندەرچىلىككە ناھايىتى ھېرىسمەن بولغاچقا، ھەممە ئەمىرلىرىگە قەلەندەرلەرچە ئاتلارنى قويغانىدى. ئۆزىگە ‹شەمسىددىن ئابدال›، باشقا پۇتكۇل خىزمەتچى ـ مۇلازىملىرىغىمۇ شۇ يوسۇندا ‹پالانچى ئابدال›، پوكۇنچى ئابدال› دەپ ئات قويدى، خادىملىرىنى دائىم شۇ ئات بىلەن چاقىراتتى. ... دوستمۇھەممەتخاننىڭ ئىشلىرى بەلكى دىۋانىنىڭ ئۆزى ئىدى»[①].

«ئەمىر سەيىد ئەلى شۇ ماڭغىنىچە بىر توپ قەلەندەرلەرگە ھەمراھ بولدى، ئۆزىمۇ قەلەندەر سىياقىدا بولۇپ، تاشكەنتكە كەلدى. قەلەندەرلەر ئەمىر سەيىد ئەلىگە ئۇشتۇر ئابدال (ئابدال تۆگە) دەپ ئات قويدى. قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى بارلىق ئوزۇق ـ تۈلۈك، سەكە ـ سەرەمجان ۋە قەلەندەرلىك ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمىر سەيىد ئەلىگە كۆتۈرگۈزگەنىدى. ئۇلار تاكى تىراز (تالاس دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـــ ئاپتور) دېگەن جايغا كەلدى، ئۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى ‹ياڭى› (يېڭى) دۇر. ئۇ يەردە ئەسھابۇلكەئفنىڭ مازارلىرى بولۇپ، ئۇنى موغۇلىستاندا ‹ئىسەن مەملىكەت ئاتا› دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم201 ـــ 201 ـ بەتلەر.

مازارنىڭ شەيخى ئەمىر سەيىد ئەلىنى تونۇدى ۋە ئۆزىنىڭ شادىكە ئاتلىق ئوغلىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ موغۇلىستانغا ــ ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئالدىغا يەتكۈزدى»①.

...«مىرزا ئابابەكرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاشغەردىن يېڭىسارغا باردى...يېڭىسار خەلقىگە: ‹مەن ياركەنتكە بېرىپ لەشكەر باشلاپ كېلىمەن› دەپ ۋەدە بېرىپ ياركەنتكە كەتتى. ئۇ ياركەنتكە كەلگەندىن كېيىن لەشكەر تەربىيەلەشكە كىرىشتى، ئات، قورال ــ ياراغ، مال ــ مۈلۈك ۋە باشقا ئەسلىهەلەر تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇستاد ئابدال شەيخ كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلاردىن بولۇپ، ھەممە ئىش ۋە تۈرلۈك ھۈنەرلەردە تەڭداشسىز ئىدى. مىرزا ئابابەكرى ئابدال شەيخنى مىر ۋەلىنىڭ ۋە شاھدانەنىڭ ئورنىغا تەيىنلىگەنىدى»②.

«مەۋلانە مۇھەممەد قارا تاغىنىڭ ئابرۇيلۇق شاگىرتلىرىدىن نۇر ئەلى دىۋانە بۇ قېتىم يولدىن يېنىپ كەلگەنلەردىن ئىدى. پېقىر بۇ ئىككىيلەننى يەتمىش كىشىگە باش قىلىپ تاغى سەكابىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتىم»③.

«ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆزئارا مەسلىهەتلىشىپ، چاغاتايخانىنىڭ نەسلىدىن بىر كىشىنى خان قىلىشنى قارار قىلىشتى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھىجرىيە 765 ــ يىلى (مىلادىيە 1363 ــ 1364 ــ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ) ھەممە

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 158ـ159 ـ بەتلەر.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم 683 ــ 684 ـ بەتلەر.

③ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم 1041 ـ بەت.

ئەمىر ۋە سەركەردىلىرىنى يىغىپ قۇرۇلتاي چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ھەم زامان ھادىسىلىرىدىن قورقۇپ پىقىرلىق مەسىلىكى قەلئەسىدە دەرۋىشلىك تونى ئىچىدە ياشاۋاتقان قابىلشاھ ئوغلان ئىبنى دۇرجى ئىبنى ئەلجىكەدى ئىبنى دۇۋاخاننى ئۇ توندىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك قامىتىگە خانلىق تون بىلەن زىننەت بېرىشنى قارار قىلىشتى»①.

«سۇلتان ئەھمەدخان ئىنتايىن دىندار، مۇسۇلمانچىلىقى بار، شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان پادىشاھ ئىدى. ئۆزى ئىنتايىن غەيرەتلىك ۋە شۆھرەتلىك ئىدى، شىجائەتتە كامىل، ئەقىل ـ ئىدراكتا ساغلام، تولىمۇ كەمتەر ئىدى، بولۇپمۇ دەرۋىشلەر، ئۆلىمالار ۋە سالاھىيەت ئىگىلىرىگە ئىنتايىن كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ بىلەن ھۆرمەت قىلاتتى»②.

«بىلىش كېرەككى، بۇ كىتابنىڭ بېشىدا زىكىر قىلىنغان بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەت شۇكى، ئاشۇ مۇناسىۋەتتىن ھەزرىتى مەۋلانە ھەزرىتى ئىشان ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاشكەنتكە كەلگەن، تاشكەنتتە كىشىلەر ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى تەۋەررۇك بىلىپ ناھايىتى ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتقان. ئاخىر تاشكەنت ۋەيران بولغاندا ئۇ بۇخاراغا بارغان. شاھىبېكخاننىڭ ئىنىسى، ئۇبەيدۇللا خاننىڭ ئاتىسى مەھمۇد سۇلتان شۇ ۋاقىتلاردا

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 91 ـ بەت.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 266 ـ بەت.

شاھىبېكخان تەرەپتىن بۇخاراغا پادىشاھ ئىدى. مەھمۇد سۇلتان ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ شەرەپلىك سۆھبەتلىرىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ تەرىقەت يولىغا كىرگەن. مەن ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ ئىشەنچلىك سۆھبەتداشلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇلار: «مەھمۇد سۇلتان ھەزرىتى مەۋلانىگە ئىتائەت قىلدى. كىشىلەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دىنىغا سادىق بولىدۇ دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنى بويىچە دەرۋىشلەر ئارىسىدا تەرىقەتكە مەشغۇل بولۇش شۇنداق راۋاج تاپتىكى، بۇنداق تەرەققىيات ۋە لەززەتنى بۇنىڭدىن كېيىن تاپالمىدۇق» دېگەنىدى. ...ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك قەدەملىرىنىڭ بەرىكىتىدىن ئەندىجان، ئاخسى ۋىلايەتلىرىدىكى نۇرغۇن خەلقلەر ئالىي شانۇشەۋكەتلىك خاجە نەقشىبەندىيەگە مۇشەررەپ بولۇپ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يەتتى»[①].

«ياركەنتنىڭ مازارلىرىنى ھېچقىم كىتاب ياكى تارىخلاردا بايان قىلماپتۇ. لېكىن، ياركەنت ئەھلىنىڭ ئېتىقادىدا بىر ئۇلۇغ مازار ھەفت مۇھەممەدان (يەتتە مۇھەممەد) دۇر. ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنى مازاردىكى مۇجاۋىرلار (دەرۋىشلەر، زاھىتلار) بايان قىلىدۇ»[②].

يۇقىرىقى بايانلاردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، سوپىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقىلىشى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ئەھمەد يەسەۋى ۋەكىللىكىدىكى

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 484 ـ 485 ـ بەتلەر.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم 638 ـ بەت.

تۈرك تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، خوراسان، ئاناتولىيە قاتارلىق جايلاردا تارقىلىپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدىلا ئەمەس، ئىران تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نەقشىبەندى مەزھىپى بىلەن بەكتاشىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ، تۈرك تەرىقىتىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

ئىككىنچى، تەرىقەت ئەھلى ئاددىي خەلقلەردىن تاشقىرى، رۇمغا ئوخشاش ئالىملار، ئەمىر تىمۇر، شۇنداقلا چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

ئۈچىنچى، «ئابدال»، «قەلەندەر»، «دەرۋىش»، «دىۋانە» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سوپىزم ئېتىقادىدىكى ھۆرمەت ناملىرىدىن بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە بەزىدە ئايرىم، بەزىدە تەڭداش مەنىلەردە قوللىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىدا ئىپادە قىلىنغان سۆزلۈك مەنىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئابداللارنى بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەخەللۇسى سۈپىتىدە كۆرمەكتىمىز.

تۆتىنچى، تەرىقەت پېشۋالىرى شەيخ دەپ ئاتىلىپ، نۇرغۇن مۇرىت ـ مۇخلىسلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان ھەمدە ئۇلار بىر يۇرتتىن ئىككىنچى بىر يۇرتقا كۆچۈپ يۈرۈپ، سەلقە ـ ساما سېلىپ، مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، خانىقا ۋە مازارلارنى تۇرالغۇ قىلغان.

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار، سوپىزم ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى، تۈرك تەرىقىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەلۇماتلارغا قارىتا شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ كېلىش

مەنبەسى قانداقتۇر پارس ياكى ئەرەب رايونىدىن كەلگەن ئەرەب ياكى پارس تىللىق خەلق ئەمەس، بەلكى خوراسان ۋە ماۋرائۇننەھىر رايونىدا تۈرك تەرىقىتىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن تۈركىي تىللىق دەرۋىشلەردۇر. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرىش مەسىلىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇن جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتىن مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. ئەمما، شۇ نەرسە ئېنىقكى، خۇددى «تەزكىرەئى ئەزىزان» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەرە ئېيتىلغاندەك بىر ئىزىدا بەزىدە بىر كۈندىن ئارتۇق تۇرمايدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ بىرى قىلغان[①] (ئوغۇل باللارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش ئىسلام ئەقىدىسىدە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى دەپ قارىلىدۇ — ئاپتور) بۇ كىشىلەر توپى ھەرگىزمۇ بىر كۈن ياكى مەلۇم بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئاناتولىيە، ئىران، ھەتتا غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيالاردىمۇ توختاۋسىز قاتراپ يۈرگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىلى تەركىبىدە پارس (ئابدالىلارنىڭ لېكسىكىسىدىكى پارس تىلى تەركىبلىرى يېڭى پارس تىلى بولۇپ، بۇ نۇقتىمۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شىنجاڭ رايونىغا كەلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ تىل مەسىلىسىدە كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئايرىم توختىلىدىغان بولغاچقا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز)، ئەرەب، سىگان قاتارلىق كۆپلىگەن يات

① مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 100 ـ بەت.

تىللارنىڭ تەسىرى بولغان. خۇددى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ئوخشاش ئابداللارنىڭ تىلىمۇ پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، چۈنكى تۈرك تەرىقىتىدە شېئىرىيەت يەنىلا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغانىدى.

شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈش مەسىلىسى ۋە ۋاقتىغا كەلسەك، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئابداللار ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشكە باشلىغان دەپ ئېيتالايمىز. تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىي يوسۇندا ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. تارىخىي يازما مەنبەلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بىز ئابداللارنى سوپىزمنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتالغان كىشىلەر توپىدىن كەلگەن دېيىشىمىزنىڭ پاكىتلىرى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئابداللارغا ئائىت بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئادەتلىرى، ماقال ـ تەمسىل ۋە ئادەت سۆزلىرىنىمۇ مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئابداللار زاھىت كىشىلەر دەپ قارالغاچقا، دېھقانلار بۇغداي خامىنى ئالغاندا مەخسۇس ئابداللار ئۈچۈن 20 جىڭ ئەتراپىدا كەپسەن ئايرىپ قويىدۇ. مەيلى مول ھوسۇللۇق يىل ياكى قەھەتچىلىك يىلدا بولسۇن بۇ ئادەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. مەيلى قانداق مەنىدە ئىستېمال قىلىنىشتىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇرلاردا «ئابدالغا كەپسەن بەرسەڭ تارازاڭ توغرىمۇ؟ دەپ سورايدۇ» دېگەن ماقال تارقالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئولتۇراق

ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر مازارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئولتۇراقلاشقان. شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان يۇرتى بولمىش خانئېرىق بازىرىدىكى پايناپ كەنتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يەرلىكتىكى ئابداللارنىڭ تەلسپى بويىچە «شەيخلەر كەنتى» گە ئۆزگەرتىلىشى ۋە مەزكۇر جايدىكى مازارنىڭ شەيخلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بىزنىڭ يەكۈنىمىزنى تەستىقلايدۇ.

# ئۈچىنچى باب  ئابداللارنىڭ «تىلى»

شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ تىل مەسىلىسى ئابداللار تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى بولۇپ، دەل مۇشۇ نۇقتا مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئۆزلۈك مەسىلىسىدە يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، مەزكۇر ساھەگە قىزىققان كۆپلىگەن تىلشۇناسلار، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. ئەمما، بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئىچكى ئالاقىدە ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەبجەش «تىلى» تەركىبىدىكى پارسچە سۆزلۈكلەرنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشى، ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب تىلىغا ئوخشاش يەنە باشقا غەيرىي تۈركىي تىل سۆزلۈكلىرىنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆرۈلۈشىگە قاراپلا، مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ تارىخىي كېلىپچىقىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارىتا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارمايلا، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك خەلق توپىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەبجەش تىلىنى ئايرىم بىر خىل تىل ھادىسىسى دەپ چۈشەندۈرىدىغان ھادىسىلەر كېلىپچىقتى. بىز بۇ بابتا، بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەزكۇر كىشىلەر توپى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تىل تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ۋە شۇ ئاساستا يېزىپ چىققان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئەبجەش «تىلى» غا قارىتا بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات يۈرگۈزىمىز.

## §1. ئابداللارنىڭ «تىل» ئالاھىدىلىكى

**1. ئابدال «تىلى» نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار**

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رايونىمىزغا كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان غەربلىكلەردىن گىرېنارد، ئالبېرت فون لىكوك، پائۇل پېللىئوت، راكۋېست، خىلدىن كارلو، ئاۋرېل ستېيىن، مانېرخېيىم قاتارلىقلار مۇناسىۋەتلىك ئەمگەكلىرىدە شىنجاڭ ئابداللىرىغا دائىر ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇماتلارنى قالدۇرغان بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ئالاھىدە كىشىلەر توپى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، بۇ ساھەدە، بولۇپمۇ مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «ئەبجەش تىلى» ئۈستىدە بىر قىسىم تەتقىقاتلار ئىشلەنگەنىدى. مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئاتالمىش تىلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار، مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكى، ئۆزلۈك نامى (ئۆزلىرىنى ئاتىشى ياكى باشقىلارنىڭ ئۇلارنى ئاتىشى) قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «تىلى» نى، «ئەينۇ تىلى»[①]،

①赵相如、阿西木著：《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982年第一期。

«شەيخىل تىلى»[①]، «ئابدال تىلى»[②] قاتارلىق ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتاپ كەلدى. بىز بۇ تېمىمىزدا، بۇرۇنقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئەسلىي مەنبەدە بۇ «تىل» قانداق نام بىلەن ئاتالغان بولسا شۇ خىل نام بىلەن ئۆز پېتىچە ئىستات ئېلىشنى لايىق تاپتۇق.

دۆلەت ئىچىدىكى مەزكۇر تېمىغا بېغىشلانغان تۇنجى ئەمگەك جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئالىم مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ لېكسىكىسىدىكى غەيرىي تۈركىي تىل تەركىبلىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشى ۋە مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن «ئىچكى قىسىمدا ئايرىم تىلدا سۆزلىشىدۇ» دېگەن يۈزەكى بايانلىرىنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مەزكۇر كىشىلەر توپىغا قارىتا تارىخىي نۇقتىدىن ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان ئەھۋال ئاستىدا تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «تىلى» نى «ئەينۇ تىلى» دەپ ئاتاپ، بىرمەھەل «ئەينۇ تىلى» قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. تۆۋەندە بىز ئالدى بىلەن مەزكۇر ئىككى ئالىمنىڭ تەتقىقاتلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى ئەپەندى «ئەينۇ تىلى»

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «پايناپ، شەيخلەر ۋە شەيخلەر تىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىلى 4 - سان.

② شېرىپجان قاسىم: «خوتەندىكى ئابداللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 - يىللىق 4 - سان؛ ئوتتو لەدىستەتتىر، ئاندىراس تېتزى: «شىنجاڭدىكى ئابداللار»، ئاۋستىرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى، 1994 - يىلى ۋېنا.

غا قارىتا تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئانالىز يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى مەركىزىي تىلنىڭ ئەسلىي مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان، پارس تىلى ۋە مەركىزىي تىلغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قارالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىلىق نۇقتىلىرىدىن بىرمۇبىر سېلىشتۇرىدۇ.

ئابدال «تىلى» دىكى فونېتىكىلىق قۇرۇلما ئۈستىدە توختالغاندا، جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كەلگەن. يەنى ئەگەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئەينۇلارنىڭ تىلىنىڭ فونېتىكىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى بىلەن ئوخشاشلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىكى پەرق ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ[1].

ئابدال «تىلى» نىڭ لېكسىكىسى، ئۇنىڭ فونولوگىيەسى ۋە فونېتىكىسىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان پەرقى بىرقەدەر چوڭ. جاۋ شياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى دەسلەپتىلا ئابداللارنىڭ تىلىدا پارس تىلى بىلەن مەنبەداش سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى تەكىتلەيدۇ ھەم بۇ سۆزلەرنى ئابداللارنىڭ تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دەپ قارايدۇ. بۇ سۆزلۈكلەر ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياسىغان ھەم بۇ ئاساسىي سۆزلۈكلەردىن سىرت يەنە يېڭى سۆزلۈكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

جاۋشياڭرۇ بىلەن ھاشىم تۇردى ئەپەندىلەر ئابداللارنىڭ تىلىدىكى دائىم قوللىنىلىدىغان 4200 سۆزنى ئەينى جايدىكى (گىۋۇز) ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ

---

① 赵相如、阿西木著:《新疆艾努人的语言》,《语言研究》1982年第一期,第263页。

ئىچىدە 1200 چە سۆز (35%) نىڭ بىر-بىرىدىن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. قالغان 3000 چە سۆز (65%) ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەينۇلارنىڭ تىلىدا ئوخشاش ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 391 سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە، پارسچە ۋە ئەينۇلارنىڭ تىلىدا ئوخشاش ئىكەنلىكى، 622 سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە ئەينۇلارنىڭ تىلىدا ئوخشاش ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر ئۇيغۇرچە بىلەن ئەينۇلارنىڭ تىلىدىكى ئوخشاش سۆزلەرنىڭ 33.7% نى تەشكىل قىلسا، ئومۇمىي سۆزلەر (ئەينۇلارنىڭ تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان سۆزلۈكلەر) نىڭ 23.9% نى تەشكىل قىلغان[1]. بۇ ئىككى ئاپتور يەنە ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ ئابداللارنىڭ تىلىنىڭ ئومۇمىي لېكسىكىسىنىڭ 41.1% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. گەرچە ئەينۇ تىلىدىكى كۆپلىگەن سۆزلەر ۋە سۆز قۇرۇلما تەركىبلىرى، سۆز ياسىغۇچىلار، شۇنداقلا جۈملىلەر ئۇيغۇرچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا تولۇق پەرقلىق سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئەينۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئومۇمىي لېكسىكىسىنىڭ ⅓ نى تەشكىل قىلغان. ئەگەر ئۇلاردىكى ئوخشاش بولمىغان سۆزلۈكلەر ۋە جۈملىلەرنى پەقەت بىر «قوشۇمچە قاتلام» دەپ قارىساق، ئۇ هالدا بۇ بىر ئالاهىدە قاتلام بولۇپ كۆرۈنىدۇ[2]. ئاپتورلارنىڭ دېيىشىچە،

---

① 赵相如、阿西木著：《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982年第一期，第 263 页。

② 赵相如、阿西木著：《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982年第一期，第 263 页。

مىساللاردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەينۇلارنىڭ تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان تەركىبلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان، ئاساسىي لېكسىكا قىسمى دەپ قارالغان سۆزلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى گىراماتىكىلىق، فونېتىكىلىق، فونولوگىيەلىك تەرەققىياتقا ئوخشاش بۇ خىل تەركىبلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا يۈز بەرگەن ھەم تېخىمۇ تۇراقلىقلىققا ئىگە[①].

ئىككى ئالىم گىراماتىكىلىق جەھەتتە بۇ ئاتالمىش تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلار يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينۇلارنىڭ تىلىدىكى كۆپلىگەن سۆزلەر پارسچە بىلەن ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە، بۇنداق پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا نىسبەتەن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىغا ماسلاشقان ھالدا قوللىنىلغان ۋە يەرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. تاۋۇش جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، مەسىلەن ئالساق، ئەينۇ تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بىر تەرەپتىن تاۋۇش جەھەتتىن پارس تىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئەينۇ تىلى ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان ۋە

① 赵相如、阿西木著：《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982 年第一期，第 263 页。

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى ۋە فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان»[1].

جاۋ شياڭرۇ بىلەن هاشىم تۇردىلار ئابداللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىدۇ: «بىرىنچى، ئەينۇلار (ئابداللار) نىڭ تىلى ئەسلىدە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە. ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، ئەينۇلارنىڭ ھازىرقى ئىچكى قىسمىدا ئىشلىتىلىدىغان تىلى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ‹ئارىلاشما تىل›. بۇنداق ئىككى تىللىق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئەينۇ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ‹ئارىلاشما تىل› نىڭ لۇغەت تەركىبى ئاساسىي جەھەتتىن ئالدى بىلەن ئىران تىل گۇرۇپپىسىدىن كەلگەن. بىراق، چوڭ ئۆزگىرىشلەر ياسىغان. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى تۈپ جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا بولۇپ قالغان. ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينۇ تىلىغا سىڭىشى ۋە تەسىر قىلىشى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئەينۇ تىلىدا سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ تىل كۆنساناپ يوقىلىشقا يۈز تۇتقان. تۆتىنچى، ئەينۇ تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلېمېنتلىرى، تەسىرلىرى ۋە باشقىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلىدى»[2].

---

① 赵相如、阿西木著:《新疆艾努人的语言》,《语言研究》1982年第一期,第267页。

② جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى: «ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 - يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە 126 - بەت.

ئابـدالـلار ھەققىـدە بىـرقەدەر بـۇرۇن تەتقىقـات باشـلىغان شـىرىپجان قاسـىم ئەپەنـدى «خـوتەن پېـداگوگىكا ئـالىي تېخنىكـومى ئىلمىـي ژۇرنىلـى» نىـڭ 2005 ـ يىللىـق 4 ـ سـانىدا يېڭىـدىن ئـېلان قىلىغـان «خوتەنـدىكى ئابـداللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە، ئابداللارنىڭ نـامى ۋە ئۇلارنىڭ «تىلى» ھەققىدە بىر قىسىم يېڭى بايقاشـلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ تېمىسىدا مەزكـۇر كىـشىلەر تـوپىنى «ئابـدال» دەپ ئاتىـشىنى بـۇرۇنقى تەتقىقاتلىرىغا قارىتا بىر ئىلگىرىلەش دەپ قاراش بىلەن بىللە، ئۇنىـڭ مەزكـۇر كىـشىلەر توپىنىـڭ «تىلـى» ھەققىـدىكى كۆزقاراشلىرىنىمۇ ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتۇق.

شـىرىپجان قاسـىم ئەپەنـدى ماقالىـسىدە مۇنـداق يازىـدۇ: «ئابداللارنىڭ تىل ئەھۋالىدىمۇ ئوخشىماسلىق مەۋجـۇت. ئـۇلار ئوخشاش بىر تىـل قوللىنىـشىمۇ فونېتىكـا جەھەتـتە ھەر خىـل پەرقــلەر مەۋجــۇت. گىربوزلــۇقلار (شــورباغ خىنــى كەنتــى) كېۋەزنى‹كومپا› دېسە، تامئېغىللىقلار (لوپ ناھىيە بۇيا يېزىـسى تامئېغىـل كەنتـى) غوزىـسى ئېچىلغـانلىرىنى ‹كومپـا› دەيـدۇ، ئېچىلمىغــانلىرىنى ‹كــورا› دەيــدۇ. مەن 1982 ـ يىللىــرى مەكتەپتە بـۇ ھەقـتە بەرگەن دوكلاتىمـدا ئۇلارنىـڭ تىـل تـۇرى ئادەتتىكى پەرقلىرىگە ئاساسەن ‹گىربوزلۇقلار›، ‹تامئېغىللىقلار› دەپ ئاتىـدىم...ئۇلارنىـڭ تىلـى لېكسىكا جەھەتـتىن شـەرقىي ئىران تىلىغا يېقىن بولـسىمۇ، ئۇيغـۇر تىلـى گىراماتىكىـسى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، ‹ئاب شومۇل خـولايلى› سۆزىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىـسلىق باغلىنىـشى مەنىنـى ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ. ‹ئاب شۇمۇل› (سۇيۇقئاش)، ‹خولاش› (يېيىش ياكى ئىچىش) ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەرلىـك مەنىنـى بىلدۈرىدۇ. ئالايلۇق: ‹دارا قىلايلى› دېگەن سۆزدىكى ‹دارا› ياكى‹دەرە› پـارس تىلىدا مەۋجۇت ئەمەس. خوتەننىڭ قەدىمىي تىلىدىكى ‹دىرا›

(ئۆنلەش) دىن كەلگەن. بۇ يەردىكى ‹دارا قىلالىلى› دېگەن سۆز ‹ھەممەيلەن ئۇن سېلىپ يىغلايلى› دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇللار ئۆتۈكنى (تامئىبغىللىقلار) ‹موزا› دېسە، گىربوزلۇقلار ‹موزە› دەيدۇ. ئايالچە ئۆتۈكنى ‹موزدەك› دەيدۇ. ئۆتۈك تىككۈچىنى موزدەك ئەمەس، بەلكى‹موزادوز› دەيدۇ. كۆڭلەكنى تامئىبغىللىقلار ‹پىراڭ› دەيدۇ، گىربوزلۇقلار ‹پىرەڭ› دەيدۇ، ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس قوشۇمچىسى ‹چى› نى قوشۇپ ‹پىراڭچى› دەيدۇ. مەن توپلىغان سۆزلۈكلەرنىڭ 95 پىرسەنتى ھەقىقەتەن پارس تىلى بولسىمۇ، بەش پىرسەنتى قەدىمكى خوتەن تىلى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئابدۇللار تىلىدىكى مۇھىم مەسىلە فونېتىكا جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى تەسىرى تۈپەيلىدىن تامئىبغىل بىلەن گىربوز تىللىرىدا فونېتىكا جەھەتتىكى پەرق خېلىلا چوڭ»[1].

ئابدۇللار توغرىسىدا مۇپەسسەل ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارغان كىشى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى مۇتەللىپ سىدىق بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەڭ دەسلەپ ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىدە تىلغا ئېلىنغان ھەم ئوتتۇرىغا قويۇلغان[2].

مۇتەللىپ سىدىق شەيخلەرنىڭ تىلى (مۇتەللىپ سىدىق

---

① شېرىپجان قاسىم: «خوتەندىكى ئابدۇللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە31 ـ بەت.

② مۇتەللىپ سىدىقنىڭ ئابدۇللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشى 1983 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ نەشرىي ئەسىرىدە (ئىجتىمائى پەنلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزۈش نىشانلانغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى 1977 ـــ 1982 ) ئېلان قىلىنغان.

ئابدالىلارنىڭ تىلىنى شەيخلەرنىڭ تىلى دەپ ئاتىغان) توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئەتراپىتىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشىمايدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. دەسلەپتە ئاپتور ئۇلارنىڭ تىلىنى ئەسلىدە پارسچە ئىدى دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزاق مەزگىل بىللە ئولتۇراقلىشىپ ياشاش جەريانىدا ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى ئۆتكەن، نەتىجىدە، بۈگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇلار قوش تىللىق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئۆيدە ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە يۇرتداشلىرى ئارىسىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يات تىلى «شەيخلەر تىلى» نى قوللانسا، بازاردا، مەكتەپتە، شۇنداقلا سەپەر ئۈستىدە نورمال ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تىلىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن «شەيخلەر تىلى» ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارىلاشما تىلغا ئۆزگەرگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ تىلى يەنە قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك قاتارلىق خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى ئىدىيومىلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە شۇنداق چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا قوللىنىۋاتقان پارسچە سۆز تەركىبلىرى ئۇيغۇرچە ئېغىز تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن ئاساسەن بىردەك. ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ سىنتاكسىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شەيخلەر تىلىدىكى 500 چە سۆزلۈكلەرنىڭ يىپرىمى دىگۈدەك كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئاساسلىقى ئادەم بەدىنى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ

ئىچمەك، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار، ئۆي سايمانلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە مۇھىم سۈپەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئىدى[1]. بۇ ئاپتور يەنە تېخىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتمىگەن پارىسچە سۆزلۈكلەر جەدۋىلىنى بەرگەن. ئىككىنچى جەدۋەلدە بولسا پارىسچە ئىسىملار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا ئۆزگىرىشىدىكى مۇناسىپ فورمۇلاسىمۇ قوشۇپ بېرىلگەن. ئۈچىنچى جەدۋەلدە بۇ پارىسچە سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزگىرىشى بايان قىلىنغان. تۆتىنچى جەدۋەلدە بولسا ئاتالغۇ سۆزلۈكلەر ترانسكرىپسىيە قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بەشىنچى جەدۋەلدە بولسا ئۇيغۇرچىدىن قوبۇل قىلىنغان ھازىرقى زامان سۆزلۈكلىرى كۆرسىتىلگەن. ئالتىنچى جەدۋەلدە بولسا يەر ناملىرى ۋە مىللەت ناملىرى ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. يەتتىنچى جەدۋەلدە بولسا مەنە ئۆزگىرىشى، يەنى سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى ۋە كېڭىيىشى 7 ـ پاراگرافتا بايان قىلىنغان. سەككىزىنچى جەدۋەلدە بولسا ئەرەبچە، پارسچە ئۆزئارا مەنىداش ئىشلىتىلگەن سۆزلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. قالغان پاراگرافلاردا بولسا پېئىللار، سۈپەتلەر، رەۋىشلەر، سانلار، ۋە ئالماشلار ھەققىدە توختالغان. ئەڭ ئاخىرقى پاراگرافتا بولسا (16 ـ پاراگرافتا) ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەيخلەر تىلىنىڭ جۈملە

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «پايناپ، شەيخلەر ۋە شەيخلەر تىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە 82 ـ بەت؛ «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە 92 ـــ 93 ـ بەتلەر؛ «ئىبفتالىتلار ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» 1985 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 27 ـــ 28 ـ بەتلەر.

قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك رولى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگەن.

مۇتەللىپ سىدىق ئاخىرىدا خۇلاسىلەپ: «شەيخلەرنىڭ تىلىدا ھېچقانداق مۇرەككەپ جۈملىلەر بولمايدۇ. بۇلارنىڭ تىلىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاددىي دىيالوگلار، بولۇپمۇ ناھايىتى قىسقا جۈملىلەرنى ئىپادىگىلى بولىدۇ»[1] دەپ قارىغان. شۇنداقتىمۇ ئاپتور يەنە بۇ يەردىكى شەيخلەر بىلەن باشقا جايلاردىكى ئابداللارنىڭ سۆھبەت ئۇسۇلىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ چىقىدۇ. شەيخلەر پايناپىدىكى يەتتە ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇلار مىراس تىلى بولغان شەيخلەر تىلىدا ياخشى سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا سىرتقا چىققاندىمۇ بۇ تىلدا ناھايىتى كەمدىن ـ كەم سۆزلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. مۇتەللىپ سىدىق يەنە شەيخلەر پايناپىدا قوللىنىۋاتقان كۆپلىگەن سۆزلەرنى ئاقسۇدىكى ئابداللارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى قىستۇرۇپمۇ ئۆتىدۇ. ئاخىرىدا شەيخلەر تىلىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ھادىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ھەقتە يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

1983 ـــ 1986 ـ يىللىرىدا، ئاۋستىرىيەلىك ئوتتو لادستەتتىر (Otto Ladstätter ـ خەنزۇشۇناس) بىلەن

---

① مۇتەللىپ سىدىق: «پايناپ، شەيخلەر ۋە شەيخلەر تىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان ئۇيغۇرچە 82 ـ بەت؛ «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە 92 ـــ 93 ـ بەتلەر؛ «ئېغىتالىتلار ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» 1985 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 27 ـــ 28 ـ بەتلەر.

ئاندرىياس تىتسى (Andreas Tietze ـ تۈركولوگ) ئابداللار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ بىر قېتىملىق تەتقىقات ساياھىتى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ سەپىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەينۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى سوئالنىڭ جاۋابى بەلكىم ئۇلارنىڭ غەلىتە تىلىنىڭ ئاساس قىلىپ تۇغۇلغان سوئاللارغا تېپىلغان جاۋابلارغا باغلىق بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز بۈرۈن ۋە بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن قوشنا تىللارنىڭ تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، ئۇ ھالدا بۇ قىسىم شۇنداق كۆپ ساندىكى ئۆزىگە خاس بولغان تىل تەركىبلىرى قالىدۇ. بەلكىم بىز بۇلاردىن ئۇلارنىڭ تىل تەۋەلىكىنى بېكىتىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن»[1].

ئۇلار يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئابداللارنىڭ ئالاھىدە ‹تىلى› بۈگۈنكى كۈندە بەزى مەلۇم ساندىكى سۆزلەر ۋە جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ۋە جۈملىلەر بىلەن ئۇلارنى تولۇقلىغىلى ھەم ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسى، يەنى مورفولوگىيەسى ۋە سىنتاكسىسى ئاللىقاچان شىنجاڭدىكى ئاساسلىق تىل يېڭى ئۇيغۇر تىلىغا پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئابدال تىلىدىكى لېكسىكىنىڭ كۆپ قىسمى خۇددى نورمال يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ قىسىم لېكسىكا سۆزلىرىگە ئوخشاش ئىران تىللىرىدىن كەلگەن. ئەمما، ئىرانچىدىن

[1] Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp48,

ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنغان ئوخشاش سۆزلۈكلەر بىلەن شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ قىزىقىدىغان مەسىلىمىز شۇكى، ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالدىنقى بىر ئېلېمېنت»[1].

ياپونىيەلىك تىلشۇناش خاياشى تورو ئەپەندى باشچىلىق قىلغان تەتقىقات گۇرۇپپىسى، مەركۇر توپقا بىغىشلانغان تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى بولغان «شېيخىل سۆزلۈكلىرى» دە مۇنداق يازىدۇ: «نۆۋەتتە، ئابدال تىلى، پارس تىلى سۆزلۈكى بىلەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاشما تىل دەپ قارالماقتا. ئەمما، خوتەن ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرىغا تەۋە شېيخىل كەنتىدىن يىغىۋېلىنغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئابدال تىلى ئۇيغۇر ئۆلچەملىك دىيالېكتى بىلەن فونولوگىيە، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت سۆزلۈكلەردىلا ئازراق پەرق بار. ئابدال تىلىغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ ئاتالمىش تىلنىڭ لېكسىكىسىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چەتتىن كىرگەن سۆزلۈكلىرىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئابدال ‹تىلى› بىلەن ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرق پەقەت ئۇنىڭدا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىز ئابدال تىلىنى بىر خىل سىرلىق تىل دەپ قارىغىنىمىزدا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابدال تىلىنىڭ كۆپلىگەن

---

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp48.

يات سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان، خالاس. بۇ نۇقتا بىزنىڭ مەزكۇر كىشىلەر توپىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىمۇ ئىسپاتلاندى»[①].

## 2. ئابدال «تىلى» غا تەسىر كۆرسەتكەن تىل تەركىبلىرى

ئابدال «تىلى» توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، ئابداللارنىڭ لېكسىكىسىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلۈكلەر رەت تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى، يېڭى ئۇيغۇرچە. ئەگەر بىز ئابداللارنىڭ «قوش تىللىق» بولۇشىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارى دائىرىسىدە تارقالغان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ زور دەرىجىدە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ «تىلى» نىڭ فونولوگىيەسى، مورفولوگىيەسى ۋە سىنتاكسىسى ئۆز ئەتراپىدىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ھەتتا ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش بولمىغان سۆزلۈكلەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مورفولوگىيەلىك ۋە گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىش قائىدىلىرى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، جاۋ

① Tooru Hayasi, Sabit Rozi, Tayirjan Muhammad, Wangjianxin: *A Ŝäyhil Vocabulary-A preliminary Report of Linguistic Research in Ŝäyhil village, Suothwestern Xinjiang*. Published by Kyoto University, 1999. pp55-56.

شياگىرۇ بىلەن ھاشىم تۇردىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، تەخمىنەن ئۇلارنىڭ لېكسىكىسىنىڭ 41% ىلا پەرقلىنىدۇ، بۇ سۆزلۈكلەر نورمال ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان نورمال ئۇيغۇر تىلىمۇ ئىران ۋە ئەرەبچە سۆز تەركىبلىرى بىلەن زور دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل تۈركىي تىل. ئەلۋەتتە بۇ تىل يەنە ئاز مىقداردا موڭغۇلچە، رۇسچە، خەنزۇچە تىل تەركىبلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئابداللارنىڭ ئالاقە سۆزلۈكى لېكسىكىسى ئىچىدىكى سالمىقىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشىنى، تىل جەھەتتىن باشقا خەلق ئەمەس، بەلكى مەزھەپ ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن تۈپتىن ئايرىلىپ چىققان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس[①]. ئۇلار مەلۇم مەقسەتتە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن تىلىنى ئىجاد قىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنداق مەخپىي ئاتالغۇلار كۆپلىگەن باشقا مەزھەپ ۋە ئايرىم گۇرۇپپا كىشىلەردىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق شەكىلدىكى مەخپىي سۆزلەر كىشىگە ئالدى بىلەن كۆپلىگەن ئۆز مەيلىچە ئۆزگىرىپ شەكىللەنگەن سۆزلەرنى، ئاندىن قىسقا جۈملىلەرنى ئەسلىتىدۇ.

قائىدىسىز ئۆزگەرگەن سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە قىسقارتىلما ناملارنىڭ ئۇچرىشى ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر مەزھەپ ياكى كەسپىي گۇرۇپپىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئالامەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئىدى. سىز بەلكىم يەنە بۇ ئالاھىدە سۆزلۈكلەر

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp48_52.

ئىچىدە نىسبەتەن ئاز ھەم مەنىسى بولمىغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. ئۇلار قانداقتۇر بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئالاھىدە سۆزلەر توپى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىپ شەكىللەنگەن مۇداپىئە رولى يوقلۇقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، باشقا تۈركىي تىللار. ئابداللارنىڭ لېكسىكىسىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تېخى قوبۇل قىلىنمىغان ھەم ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگۈچىلەر چۈشىنەلمەيدىغان بەزى تۈرك تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق سۆزلەرنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇ سۆزلەرنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ ئابداللارغا قوبۇل قىلىنىش يوللىرى تېخى ئېنىق بولمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بۇ دەرۋىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئېقىپ يۈرۈشى نەتىجىسىدە غەربىي قىسىم تۈركىي تىللاردىن قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئۇلار تۈركىيچە مەنبەدىن كەلگەن سۆزلەر قاتارىدا كۆرسىتىلدى.

| | |
|---|---|
| [basta qïl] | دەپنە قىلماق، يەرلىككە قويماق |
| [aɣar (I)] | خۇرجۇن، خالتا، تاغار |
| [aɣar (II)] | ئوچاق، قازان |
| [eɣir] | ئۈزۈم |
| [eiɣ] | كۆپ، ناھايىتى |
| [ibäk] | قۇشقاچ، قۇش، توخۇ |
| [xapiš] | تۇرۇپ قالماق |
| [xumɣan] | چەينەك |
| [käpil] | كېپىنەك |

قۇرۇق، بوش [quy]
قۇلاق [ta lo]
چىقماق، پەيدا بولماق [ün]
مال دوختۇرى [utoĉi]
ئىگەرگە يېپىلىدىغان ئات ياكى ئېشەك جابدۇقى [yasuroq]

بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە شۇنداق بىر نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەككى، يېڭى پارسچە شۇنداقلا يېڭى پارسچىنىڭ دىيالېكتلىرى (شۇنداقلا ھەم نىسبەتەن يېگانە ھالەتتىكى ئىران دىيالېكتلىرى) كۆپلىگەن تۈركچە سۆز تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ پاكىتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بۇ سۆزلۈكلەر بەلكىم ئاز ساندىكى ئېنىقلىغىلى بولىدىغان يېڭى ئۇيغۇرچە بولمىغان تۈركىيچە تەركىبلەر بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، ئىران تىللىرى. ئابداللارنىڭ تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا ئىرانچە مەنبەدىن كەلگەن ئالاھىدە سۆزلۈكلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردىن كۆپچىلىكىنى يېڭى پارسچىدىن كەلگەن سۆزلۈكلەرگە بىۋاسىتە باغلىغىلى بولىدۇ. ئاز بىر قىسىم سۆزلۈكلەر تاجىكچە ياكى شەرقىي ئىران تىلىغا تەۋە بولغان پامىر تىللىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆلچەملىك يېڭى پارسچىغا يېقىن بولغان دىيالېكتلىرىغا باغلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن مۇئەييەن دىنىي بىلىم ئالغان يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكى زىيالىيلارنىڭ رولىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، يېڭى پارسچە. ئابدال «تىلى» دىكى يېڭى پارسچە تەركىبلەر ئابدال «تىلى» نىڭ ئاساسىي لۇغەت

تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇلار ئاساسەن بەدەن قىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى، كۈندىلىك مۇھىم خىزمەتلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار. كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا، يېڭى ئۇيغۇرچىدىكى ئوخشاش سۆزلۈكلەرمۇ يېڭى پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئابدالچىدىكى ماس سۆزلەر بىلەن ئۇلار شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بۇنداق يېڭى پارسچىدىن كىرگەن قەدىمكى سۆزلەرنىڭ ياكى بۇلارغا تەۋە بولغان سۆز قاتلىمىنى ئېنىق ئايرىماق تەس. يېڭى پارسچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ دىيالېكتلىرىدا كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ.

بەشىنچى، باشقا هازىرقى زامان ئىران تىللىرى. ئابداللار كۆچۈش جەريانىدا ئىران تىللىق خەلقلەر بىلەن ئۇچراشقان ھەم بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق ئۇچرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىق مەھەللىلەردە ئولتۇراقلاشقان سارىقول تاجىكلىرى ھەممىشە ئابداللار ياشىغان ئولتۇراق جايلار بىلەن يېقىن. ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرمايدىغىنى شۇكى، ئابداللارنىڭ ئالاھىدە سۆزلۈكلەرنى كۆپىنچە ھاللاردا بۇ دىيالېكتلارنىڭ ئۆلچەملىك يېڭى پارسچىدىن پەرقلىق بولغان سۆزلىرى ياكى سۆز ـ جۈملىلىرى بىلەن سېلىشتۇرالايمىز.

بۇرۇنقى بەزى تەتقىقاتچىلار ئابداللارنى شەرققە قاراپ كۆچكەن ئىران تىللىق خەلقلەر، كېيىن ئۇلار تىل جەھەتتىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن دەپ قارىغان. بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر قارىماققا ئابداللارنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ يات ئەمەس ھەم ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆزى

توغرىسىدىكى تارىخىي چۈشەنچىلەر بىلەن ماس كېلىدۇ. ئەمما، تىل پاكىتلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئىراندىن پەيدا بولغان دەسلەپكى خەلقلەردىن ئايرىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق يىل دەۋرى توغرا بولغان بولسا، ئۇ هالدا مۇهىمراق بولغان قەدىمكى تەركىبلەرنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاهىدە تىلىنىڭ لېكسىكىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىدا قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا ئۇلارنىڭ يېقىنقى زامانلاردا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر بار. بۇ ۋاقىتنى يېقىنقى 600~300 يىللار ئەتراپىدا دەپ بېكىتسە هېچقانداق قىيىنچىلىق تۇغۇلمايدۇ.

ئالتىنچى، سىگان تىلى. بۇرۇنقى مەزگىللەردە ئائىلە بويىچە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر، يەنى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرغان بۇ خەلقلەر ئادەتتە سىگانلار دەپمۇ قارالغاندى. ئۇلار يەنە ئادەت بويىچە لۇلى (Luli) يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا سىگانلىرى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەنمۇ باغلىنىشلىق بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ تىلى يەرلىكلەر تەرىپىدىن «ئەرەبچە» دەپ ئاتالغانىكەن، ئۇلارنى تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، راستىنلا سىگانلارمۇ-ئەمەس، بۇ باشقا بىر مەسىلە. خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار مەسىلەن، گرېنارد (Grenard)، تىرويكايا (Troickaja)، ئورانىسكىي (Oranskij) ئابداللار تىلىنىڭ لېكسىكىسى بىلەن لۇلىلارنىڭ تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى ئۆز - ئارا بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلەشتۈرگەن ۋە بۇلارنى خاتىرىلىگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئاز ساندىكى، يەنى (مەسىلەن، «چور»، [ئوغرى]، «گىدار» [ئېشەك]) قاتارلىق سەككىز دانە سۆزلۈك سىگانچە سۆزلۈكلەردۇر. بۇ ئىككى تىل دائىرىسىدە ( ئابدال ۋە لۇلى)

قوللىنىۋاتقان سۆزلۈكلەرنى «سىگان تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان» دەپ كۆرسىتىش كېرەكمۇ ـ قانداق، بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. بەلكىم بۇ ئىككى تىلغا بۇ سۆزلۈكلەر ئۈچىنچى بىر تىلدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، سىگانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى تەركىبلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئولتۇراق تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان بۇ خەلقلەرنىڭ تىلى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. تارىخىي نۇقتىدىن، ئابداللارنىڭ تىلىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولغان سۆزلۈكلەرنى كۆزىتىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ئابداللار بىلەن پۈتكۈل غەربىي ئاسىياغا چېچىلىپ كەتكەن ئېتنىك گۇرۇپپا ۋە گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى ئازغىنا مەنبەداشلىق ۋە تارىخىي مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قاراپ ئابداللارنى تېخىمۇ شەرق تەرەپكە سۈرۈلگەن ئىران تىللىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەرقىي ئىران تىللىق خەلق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى شەرقىي ئىران دىيالېكتلىرىدا بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئابداللار بىلەن ھەمسار جىلغىلىرىدىكى سىگانلارغا ئوخشاش ھايات كەچۈرىدىغان كىچىك رەك ئىران تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، شۇنداقلا ئۆزبېكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى لۇلىلار ئوتتۇرىسىدا خېلى كۆپ ماسلىقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق دەپ جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ئابداللار شىنجاڭ رايونىغا قەدەم باسقاندىلا ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە ئەنئەنىلەر، يەنى ئابداللىق، پالچىلىق ۋە داخانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ كىشىگە تىپىك سىگانچە كەسىپ دېگەن تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

بۇنداق پەرەزلەر ھەققىدە بىز ئۇلارنىڭ «سىرلىق تىلى» غا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى خىل پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ تىلى يۇقىرىقى تىل ئۆلچىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپىنچىسى يېڭى پارسچە سۆزلۈكلەر. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ لېكسىكىسىنىڭ قاراڭغۇ رايونى «ئەرەبچە» لۇلى تىلىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ئەرەبچە سۆزلۈكلەر. ئابدال «تىلى» دىكى ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ . بىرىنچى، پارسچە سۆزلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن مائارىپ ۋە ئېغىز تىلىغا ئائىت بولغان سۆزلۈكلەر. ئىككىنچىدىن، غەربىي ئاسىيادىكى ئارگوتلارنىڭ (Argot) تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن تەركىبلەر. ئىككىنچى تۈردىكى سۆزلۈكلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسى بىزگە ئانچە ئېنىق ئەمەس. بۇ تەركىبلەر ئارگوتلارغا مەنسۇپ بولغان تىل ماتېرىياللىرى بىلەن بىللە ئابدال «تىلى» غا كىرگەنمۇ ياكى بۇ خەلقلەرنىڭ تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان ۋە ھەمدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تەركىبلەرمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بىرىنچى خىل ئەھۋال ئاستىدا ، بىز ئابداللار بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئوخشاش خەلقلەر توپى ئارىسىدا كېيىنكى مەزگىللەردە مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن، دېگەن كۆزقاراشنى قۇۋۋەتلىگىلى بولىدۇ.

سەككىزىنچى، قەدىمكى تىللار. بۇ نۇقتا ھەققىدە شۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەككى، ئابدال تىلىنىڭ ئالاھىدە لېكسىكىسىدىكى ئايدىڭ بولمىغان قىسىملىرى بىرەر يوقالغان تىلنىڭ قالدۇقى بولۇش مۇمكىنمۇ؟ بۇ رايوندىكى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەدىمكى تىللاردىن بىرى خوتەن ساك تىلى بولۇپ، بۇ تىل يازما خاتىرىلەردىن ئېنىق مەلۇم بولغانىدى. لېكىن بۇ تىلنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىران تىللىرىغا

مەنسۇپ بولغاچقا ، ئۇنىڭ تەركىبلىرىنى يېڭى ئىران تىللىرىدىن پەرقلەندۈرۈش تەس. مەسىلەن، ئابدالچىدىكى «گۆش» دېگەن سۆز بەلكىم خوتەن ساك تىلىدىمۇ ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى «گۇستا» (ggūsta) دېگەن سۆزگە باغلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇ سۆز شۇنداقلا يەنە يېڭى پارسچە«گۇشت» (gūšt) ، يېڭى ئۇيغۇرچە «گۆش» (gös) بولۇپ، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ سۆزنى يېڭى پارسچە «گۇشت» گە باغلاشقا بولىدۇ. ئەگەر سوغدىچە ياكى توخارچە بۇرۇنقى تىل ماتېرىياللىرىدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ بىرەر ئوبيېكتىپ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

توققۇزىنچى، باشقا تىللار. جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن يېقىن قوشنا بولغان شەرقىي ئافغانىستان رايونىكى ئېگىز تاغلىق جىلغىلاردا شەرقىي ئىرانچە ياكى ھىندى - ئارىيان تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان كىچىك-كىچىك خەلقلەر ياشايتتى. بىز ئابداللارنىڭ ئالاھىدە سۆزلۈكلىرىنى بۇ تىللار (كافىر، داردىك تىللىرى) بىلەن سېلىشتۇرماقچى بولدۇق ھەم بەزى سېلىشتۇرمىلارغا ئېرىشتۇق. بۇنداق سېلىشتۇرما بىزگە ھېچقانداق بىر ئوبيېكتىپ نەتىجە بىلەن تەمىن ئېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار باشقا ئىرانچە لېكسىكا سۆزلۈكلىرى دەپ بېكىتىلدى[1].

بىز ئابداللارنىڭ ئالاھىدە سۆزلۈكلىرى ھەققىدىكى ئومۇمىي بايانلاردىن ، ئابدال «تىلى» نىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسىم، بەلكىم ئۈچ قاتلامدىن شەكىللەنگەن بىر ئارىلاشما

---

① Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994. pp48 - 52.

تىل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر سىيماسىنى خۇلاسىلەپ چىقالايمىز.

ئابدۇللارنىڭ «تىلى» دىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان، ئەڭ مۇھىم قىسىملىرى دەل يىگى پارسچە بولۇپ، يىگى پارسچىنىڭ بۇ «تىل» نىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

نىسبەتەن ئاز ، ئەمما ناھايىتى ئېنىق ۋە ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان دائىرىدىكى سۆز تەركىبى قىسمى بولسا ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئارگوتلاردىن قوبۇل قىلغان سۆزلۈكلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئارگوتلار ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ يۈرگەندە، تاسادىپىي ۋە قىسمەن ھالدىكى شەكىللەنگەن قىسمەن (تاسادىپىي) مۇناسىۋەتكە باغلىغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە ئارىلىشىشنىڭ ئورتاق ئاساسى بەلكىم دەرۋىشلىك ۋە تىلەمچىلىك كەسپى بولۇشى مۇمكىن.

بىز يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى، شىنجاڭدىكى ئابداللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بۇرۇنقى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تەتقىقات مېتودى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىدا خاتالىققا يول قويغان. يەنى ئۇلار مەزكۇر كىشىلەر توپىنى بىر ئىجتىمائىي توپ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل مىللەت گەۋدىسىگە كۆتۈرۈپ تەتقىق قىلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بىر مىللەت ياكى بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ تىلىدا كۆرۈلىدىغان كىرمە سۆز ئامىللىرى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئىنتايىن نورمال ھادىسە بولۇپ، بۇ خىل كىرمە سۆزلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھەرگىزمۇ

ئۆلارنىڭ ئۆزلۈك مەسىلىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، ئابداللارنىڭ ئاتالمىش «تىلى» نى مۇستەقىل تىل دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئۆلارنىڭ لېكسىكىسىدىكى پارس تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپلا ئۇنىڭ گىراماماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار قاتارىغا ئايرىش ئىنتايىن زورۇقۇپ قالغانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، مەيلى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 20 - ئەسىرلەردە مەزكۇر كىشىلەر توپىغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشىلەرنىڭ يازمىلىرىدا، ئۆلارنىڭ لېكسىكىسىدا ئىشلىتىلىۋاتقان، يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدىغان پارسچە ۋە باشقا تىل تەركىبلىرىنىڭ سۆزلۈك سانى باشتىن - ئاخىر 400 — 600 گىچە بولغان سۆزلەردىن تەركىب تاپقان. بىز بۇ كىچىككىنە لېكسىكىلىق ھادىسىگە قاراپلا بۇنى ئايرىم تىل ھادىسىسى دەپ قاراش تىلشۇناسلىق قائىدىسىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارايمىز. چۈنكى 500 - 600 يۈز سۆزدىن تۈزەلگەن تەنھا تىلنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

يەنە شۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويماقچىمىزكى، ئابداللارنىڭ لېكسىكىسىدىكى غەيرىي تۈركىي تىللىق سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، بىر تەرەپتىن ئۆلارنىڭ ئەسلىي ماكانى بولغان خوراسان ۋە ماۋرائۇننەھىر رايونلىرىدىكى غەيرىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆلارنىڭ تەسەۋۋۇپقا تايانغان ئېتىقادى ۋە بۇ خىل ئېتىقاد پېشىۋالىرىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» كە ئوخشاش كىلاسسىك قامۇسلىرىنىڭ پارس تىل - ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرىشى ئارقىسىدا، تەسەۋۋۇپ

مۇرىتلىرىنىڭ ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئۆز ئەينى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ دەرۋىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ توختاۋسىز كۆچۈپ يۈرۈشى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەبجەش تىلىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئەسلىي تىلى تۈركىي تىل بولۇپ، زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن غەيرىي تۈركىي تىل ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلاردىكى ئاتالمىش قوش تىل ھادىسىسى بوگۇنكى شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ھەر خىل سەۋەب، ھەۋەس ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئارىلاش ئىشلەتكىنى بىلەن ئوخشاش بولغان غەيرىي نورمال تىل ھادىسىسى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئاساسى تۈركىي تىل بولمىغاندا، ئايرىم-ئايرىم ئىككى خىل ئوخشىمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللارنىڭ ئەسلىي تىلدا ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرگەن تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ مەنە ئۇقتۇرۇشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش.

# تۆتىنچى باب ئابداللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

جەمئىيەت ماھىيەت جەھەتتە ئوخشىمىغان شەخسلەرنى بىرىكتۈرۈپ بىر ئىجتىمائىي توپقا ئايلاندۇرىدىغان ئۆزئارا مۇناسىۋەت سىستېمىسى بولۇپ، يەككە ئەزالار مەزكۇر جەمئىيەتتە بىر نىسپىي ئايرىلغان دائىرىنى ئىگىلەپ، ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيەنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئوخشىمىغان جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان تىل، كىيىم ـ كېچەك، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئادەت، ئەنئەنە ۋە ھۆكۈمەت تۈزەلمىسى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەربىر شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بىر تۈرلۈك جەمئىيەتتىكى باشقا ئەزالار ئىگە بولغان بىر خىل ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ[1].

شىنجاڭ ئابداللىرىمۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھ شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزىگە خاس جەمئىيەت تەشكىلى، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيەسىنى ھاسىل قىلغان.

شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتى ۋە ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ

① 肯尼恩•麦克利什（英）主编：《人类思想的主要观点》（下），新华出版社 2004 年版，第 1361 页。

بوستانلىقلىرىدىكى دېھقانچىلىقنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئابداللاردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت دېھقانچىلىققا ئېپى ۋە خۇشسىنىڭ بولماسلىقىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلى ئاساسلىقى تىلەمچىلىك، خەتنىچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دورىگەرلىك ۋە ئۇرۇقچىلىق قاتارلىق تەرەپلەرگە مەركەزلەشكەن.

## §1. تىلەمچىلىك ۋە خەتنىچىلىك

تىلەمچىلىك ـــ شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان، ھازىرغا قەدەر مەيلى باي ياكى گادايلىرى بولسۇن تاشلىماي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىگىلىك ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

تىلەمچىلىكنىڭ قاچان ۋە قانداق سەۋەبلەردىن ئابداللارغا ئۇدۇم بولۇپ قالغانلىقىغا دائىر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما، بىر قىسىم رىۋايەت ۋە مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئەقىدە ـ ئادەتلىرىدىن تىلەمچىلىكنىڭ ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ناھايىتى ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

ئابداللارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئابداللارنىڭ تىلەمچىلىككە كىرىشىشىنىڭ سەۋەبى ئازدۇر ـ كۆپتۇر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە، «ئىمام ھۈسەيىننىڭ تالاپىتىدىن ئۇلار يۇرت ـ

ماكانىدىن ئايرىلىپ، تىلەمچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولىدى» دېيىلسە، شۇ رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بەزى ۋارىيانتلىرىدا ئۇلارنى «تۇرمۇش موھتاجلىقىدىن بۇ كەسىپنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمما، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سوپى دەرۋىشلىرىنىڭ بىر تۈركۈمى بولغان ئابداللارنىڭ تىلەمچىلىك ئادىتى دەل تەرىقەت يولىدىكى ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى ھەۋەس ـ ئىستەكلەرنى پاكىز تازىلاش يولىدىكى بىر خىل تەسەۋۋۇپ ئادىتى بولۇپ، بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەرىقەت سۇلۇكىگە قاتناشقان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇ مەيلى يۇقىرى تەبىقە ياكى گاداي بولسۇن چوقۇم جەندە كىيىپ تىلەمچىلىك قىلىشنى بىلىشى، قوشۇق، چۆمۈچ، چويلا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ قەرەلى كەلگەندە بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ روزغارىنى تەمىن قىلىشى چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەردىن ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل ئادەت ئابداللار جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك رەسمىي ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاتا كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئەمما، ئابداللارنىڭ ئادەتتىكى تىلەمچىلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن كوچا ـ كويلاردا قول كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، بەلكى پەسىل خاراكتېرلىك يۈرت ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن بۇغداي پىشىپ بۇغداي خامىنى ئالغان ياكى كۈزلۈك يىغىم بولغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئاساسەن ئاتلىق، ئېشەكلىك ياكى ھارۋىلىق كېلىپ كەپسەن يىغاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كەپسەن

يىغىش جەريانىدا يۇرت ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىپ ـ يىڭنە، ئەينەك، تارغاق ـ سۈزگۈچ دېگەندەك ئۇششاق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ بىللە ئالغاچ بېرىپ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى كىشىلەرگە سېتىشنى ئادەت قىلغان. ئۇلار خانىبىرىقتىن چىققاندا ئاساسەن ئون نەچچە ئادەم بىر توپ بولۇپ، ئات ـ ئېشەكلەرگە مىنىپ ياكى ھارۋىلىق بولۇپ نەچچە يۈنىلىش بويىچە ئەتراپتىكى يۇرتلارغا بېرىشنى ئادەت قىلغان. ئۇلارنىڭ تىلەمچىلىك توپى پەقەت ئەرلەردىنلا تەشكىل قىلىناتتى. ئۇلار مەلۇم يۇرتنىڭ ئۆزلىرى ئادەت قىلغان بىرەر دەڭ ياكى يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن يەنە بۆلۈنۈپ تەنھا ھەرىكەت قىلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرى چۈشكۈن قىلغان تۇرالغۇغا يىغىلىپ تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ يەرلەردە سېتىپ پۇل قىلىپ ئاشقىنىنى ئېلىپ يەنە ئۆز توپىدىكىلەر بىللە ياكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتاتتى. بۇ خىل پائالىيەت ئۇچۇن يېقىن جايلارغا چىققانلارغا 10 ـــ 20 كۈن، يىراقراق يۇرتلارغا چىققانلارغا 1 ـــ 2 ئاي ۋاقىت كېتەتتى.

بىزنىڭ 2007 ـ يىلى كۈزدىكى تەكشۈرۈشىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى قاتناش قورالى بولغان ئات ياكى ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئورنىنى ھازىر ھەر خىل تىپتىكى موتوسىكلىتلەر ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار موتوسىكلىت بىلەن مەلۇم بىر دەڭگە چۈشكەندىن كېيىن (يېقىن پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، خانىبىرىقلىق ئابداللارنىڭ پەيزاۋاتتىكى تۇنجى بېكىتى پەيزاۋات ناھىيە

بازىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالىنىڭ دېڭى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. دەڭ ئىگىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتىن ئۇلارنىڭ بۇ يەرنى تۇنجى تۇرالغۇ قىلىۋاتقىنىغا 10 يىلچە ۋاقىت بوپتۇ) موتوسىكلىتلىرىنى بۇ يەرگە قويۇپ قويۇپ، خۇرجۇن - قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ كەپسەن يىغىپ، تىلەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەك تاپقان - تەرگىنىنى ئالغانغا سېتىپ پۇل قىلىپ يۇرتىغا قايتىدىغان ئادىتى ئۆزگەرمىگەن.

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششى نەتىجىسىدە يېزا - قىشلاقلاردا چوڭ - كىچىك دۇكان ۋە بوتكىلارنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى ئابداللارنىڭ ئۇششاق تىجارەت يولىنى توسۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك دېھقانلارنىڭ «خامانىنىڭ بەرىكىتى» دەپ ئابداللارغا كەپسەن ئايرىپ قويۇش ئادىتى ھەرگىز ئۆزگەرگىنى يوق.

بىزنىڭ بۇ بايانلىرىمىز قارىماققا ئەپسانىۋى چۆچەك ياكى مۇبالىغە قىلىنغان چاقچاقتەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىنلىقىدىن ھەرگىز گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

تىلەمچىلىك ئابداللارغا نىسبەتەن ئۇدۇم بولۇپ قالغان چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك كەسپلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، يەرلىكتىكى كىشىلەر ئارىسىدا: «ئابداللارنىڭ ئەرلىرى تىلەمچىلىك قىلىشنى بىلمىسە، قىز تەرەپ قىزىمنى باقىدىغان ھۈنىرى يوق ئىكەن دەپ قىزىنى بەرمەيدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. بۇ خىل رىۋايەتنىڭ بەلگىلىك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار بولۇپ، 1906 - يىلى قەشقەر ۋە خوتەن رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان فىنلاندىيەلىك مانېرخېيىم ئابداللار ئۈستىدە توختىلىپ: «ئابداللار مەھەللىسىدىكى كۆپچىلىك ئابداللار ۋاقتىنىڭ

ئۆتۈشكە ئەگىشىپ باي دېھقانلارغا ئايلانغان. ئەمما، شۇنداق بىر ئىش باركى، بۇ ئىش ئابداللارنىڭ بايلىرى ئىچىدىمۇ ئەقەللىي قائىدىگە ئايلانغان. ئۇ بولسىمۇ، ھەر يىلى كۈز كەلگەندە بىر قېتىم خورجۇنلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىپ دىۋانە بولۇپ يىراق جايلارغا بېرىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن»① دەپ يازسا، خانئېرىق يېزىسى مىللىي ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئابدال مەھەللىسىدىن چىققان پېشقەدەم كادىر مۇھەممەت مىجىت بۇ خىل ئادەتنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بىرمەھەل داۋاملاشقانلىقىنى دەلىللىدى. مانىېرخېيمنىڭ تەكشۈرۈشىدىن يۈز يىل ئۆتكەن 2007 ـ يىلى، ئۇ بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى: ھازىرمۇ سىرتتىن قىز ئالماقچى ياكى بەرمەكچى بولسا: «ھۇنەرگە چىقىپ باققانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. سىرتقا ھۇنەرگە چىققان ياشلاردىن، باشقا كىشىلەر: «سىلەر بۇ ئىشنى قىلمىساڭلار بولمامدۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، «ئەگەر بۇ ئىشنى قىلمىساق يۇرتتا قىز بەرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەتتا سىرتقا ھۇنەرگە چىققان بەزى ياشلار تېخىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ «بىزنى سېكرېتارىمىز تەشكىللىك چىقارغان» دەپ قىزىقچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار.

بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن رايونىدا ئەسلىي كەسىپ (تىلەمچىلىك) بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئىگىلەش مۇمكىن بولمىدى، چۈنكى ھازىر بىر تەرەپتىن بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭلارنىڭ ئازىيىشى، ياشلارنىڭ بۇ

---

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, p12.

كەسىپكە ئانچە قىزىقماسلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا بولغان بېسىمى (بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنى پەس كۆرۈش) ئۇلارنى بارا ـ بارا باشقا كەسىپلەرنى باشلاشقا مەجبۇر قىلغان.

كېرىيە ناھىيە موغاللار بازىرى باشقاچۇن كەنتىدىكى ئابداللار ئىچىدە تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار ئاز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنى قەلەندەر ـ تىلەمچى دەپ ھېسابلىمايدۇ، ئۆزىنى «چىلتەنچى» دەپ ئاتاپ، چىلتەنگە چىقتۇق دەپ قارايدۇ ھەمدە بۇنى بىر خىل ھۈنەر دەپ بىلىدۇ. بۇ يەردىكى تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئابداللار سانىنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك بۇ خىل كەسىپنىڭ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىدا تۇتىدىغان ئورنى چوڭ ئەمەس.

تىلەمچىلىك يەنىلا خانئېرىقتىكى ئابداللارنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبەسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان «يەتتە ئائىلىدىن تىلەپ يېسە ھالال» دېگەن ئەقىدە بويىچە، مەزكۇر كەنتتىكى 270 ئائىلە ئىچىدىن، كادىر ئاھالىسى، دىنىي زاتلار ۋە تۇل خوتۇنلار بولۇپ پەقەت سىرتقا ماڭمايدىغان 50 ئائىلىنى چىقىرىۋەتكەندە قالغان 220 ئائىلىدىكى 50 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا تىلەمچىلىككە چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سىرتقا چىقمايدىغانلار نامرات ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەت مىجىتنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يۇرت ئاھالىسىنى دىۋانە، ئوتتۇرا ھال دىۋانە ۋە پاسسىپ دىۋانە دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدىغان بولۇپ، بىرىنچى خىلى بىر يىل ئىچىدە توققۇز ئاي تىلەمچىلىككە چىقىدىغان كىشىلەر؛ ئىككىنچى خىلى ئالتە ئاي تىلەمچىلىككە چىقىدىغانلار؛

ئۈچىنچى خىلى ئۈچ ئاي تىلەمچىلىككە چىقىدىغانلار ئىكەن.
مۇھەممەت مىجىت ئەپەندى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى كوممۇنا ۋاقتىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1958 ـ يىلى، ۋاڭ شىمىن ئىسىملىك بىر شۇجىنىڭ باشچىلىقىدا يۇرت نوپۇسىغا ئۆتمىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار! دەپ بۆشۈكتىكى باللارنىمۇ يىغدۇق. پاسسىپ ۋە ئوتتۇرا ھال دىۋانىلەرنى ئاۋۋال نوپۇسقا تىزىملىدۇق، ئاكتىپ دىۋانىلەر يالۋۇردى ھەمدە 15 كۈن بىرمۇ ئادەم سىرتقا ھۈنەرگە چىقمىدى. 15 كۈندىن كېيىن، ئۈچ كىشى تاغارچىغا تىلەمچىلىك قىلىشقا بېرىپ ئۇ يەردە تۇتۇلغاندىن كېيىن ھەممە ئائىلىلەرگە «ئەمگەك قىلىش شەرەپ، تىلەمچىلىك نومۇس» دەپ خەت يېزىلغان قول بايرىقى ياسىتىپ، يۇقىرىقى ئۈچ كىشىنى يۇرت ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلغان.
ۋاڭ شىمىن شۇجى 1958 ـ يىلى يەنە پايناپتىكى ئابداللارغا قارىتا تارقاقلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن 517 ئېغىز ئۆي چېقىلىپ، 231 ئائىلە يېڭىئېرىق، تاغارچى، قومۇشئېرىقلارغا تارقاقلاشتۇرۇلغان. 42 ئائىلە ئەسلىي جايىدا قالغان. بازاردىن 40 ئائىلىلىك كىشىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن.
1983 ـ يىلىغا كەلگەندە، تارقاقلاشتۇرۇلغانلاردىن قومۇشئېرىقتا بىر ئائىلە، يېڭىئېرىقتا بىر ئائىلە قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى تەدرىجىي ھالدا ئەسلىي يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. بازاردىن كۆچۈرۈلگەنلەردىنمۇ بۇ يەردە پەقەت بىرلا ئائىلە قېلىپ، قالغانلىرى كۆچۈپ كەتكەن. بۇ بىر ئائىلىنىڭ كۆچۈپ كەتمەي بۇ يۇرتقا سىڭىپ

قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب يەنىلا مەزكۇر ئائىلىدىكىلەر بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ئاتا كەسپى تىلەمچىلىكنى ئۆگىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان.

تاكى 1990 ـ يىللىرىغىچە، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر تىلەمچىلىككە چىقماقچى بولسا، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىمۇ (ئوغۇل بالىلارنى) ئەگەشتۇرۇۋالىدىغان ئادەتلىرى بولغان. بىراق 1990 ـ يىللاردىن كېيىن ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار بۇ ھۈنەرگە چىقمايدىغان بولغان.

ئابداللارنىڭ ئىقتىسادىي ئېغى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئەگەر ئۆيدىن 400 ـــ 500 يۈەن چىقىم قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۆز يېنىدىكى پۇلنى خەجلىمەي تۇرۇپ 7 ـــ 8 كۈن تىلەمچىلىككە چىقىپ شۇ پۇلنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن تېگىشلىك پۇلنى چىقىم قىلىدىغان ئائىلىلەرمۇ مەۋجۇت.

مەزكۇر كەنتنىڭ 2007 ـ يىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1100 يۈەن بولۇپ، كەنت سېكرېتارى ئەنۋەرجاننىڭ ئېيتىشىچە، تىلەمچىلىك ۋە خەتنىچىلىككە ئوخشاش كەسىپلەردىن كىرگەن پۇل بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىكەن، يۇقىرىقى سانلىق مەلۇمات پەقەت دېھقانچىلىق كىرىمىنىلا كۆرسىتىدىكەن.

ئابداللار تىلەمچىلىككە چىققاندا ئادەت سۆزى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان «ھەق! بالاگەردەن نەقشىبەندى پىرىم!» («بالا ـ قازادىن ساقلىغۇچى ئاللا ۋە نەقشىبەندى پىرىمنىڭ ھەققىدە» دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىبارىسى، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر سۆز بولۇپ، ئۇلار ئۆز ھەرىكەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باھاۋىدىن نەقشىبەندىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئىكەنلىكىنى

ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

خەتنىچىلىك: «خەتنە» (Khatnah) ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇسۇلمان ئوغۇللىرىنىڭ زەكىرىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئۆز ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسىنى خەتنە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەرەبلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن دەپ قارىغاچقا بۇ خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنى ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئادەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى سۈپىتىدە ھەربىر مۇسۇلمان ئوغۇل چوقۇم ئورۇنلاشقا تېگىشلىك مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان[①]. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش، ئۇيغۇر ئوغۇللىرىنىڭ ئەرلىك قەدىمىنى باسقانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ، قۇتلۇقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل كەسىپنى قىلىدىغانلار ئاساسلىقى دەل بىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمىز ئابداللاردۇر.

خەتنىچىلىكمۇ ئابداللار ئارىسىدا ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ھەم كەڭ ئومۇملاشقان كەسىپلەردىن بىرى. ئۇلار بۇنى ئىككى خىل مەقسەتتە قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. بىرىنچىسى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ئادا

①《中国伊斯兰教百科全书》，四川辞书出版社 1996 年版，第 161 页。

قىلىش؛ يەنە بىرى، شۇ كەسىپ ئارقىلىق جان بېقىش. «پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلىش» تىن ئىبارەت بۇ بۇرچنىڭ ئابداللارغا ئۇدۇم بولۇپ قېلىشىنىڭ بەلگىلىك تارىخىي ئاساسى بار بولۇپ، بىز ئابداللارنىڭ ئىتنىك كېلىپچىقىشى توغرىسىكى مەزمۇنلاردا «تەزكىرەئى ئەزىزان»دىن نەقىل كەلتۈرگەن: «...ئۇل ئەبدال يېمەك ـ ئىچمەك ۋە خالا جايغا بارماق، دارۇ قىلماق ۋە نامااز ئۆتىمەك، مۇستەفا سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللامنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرمەك ۋە ئىستىقباللىرى بار» دېگەن مەزمۇنلار ئابداللارنىڭ بۇ كەسپىنى قىلىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تارىخىي دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئوغۇللىرىنى بەش ياش بىلەن يەتتە ياش ئارىلىقىدا خەتنە قىلدۇرىدۇ. دوختۇرخانىلاردا خەتنە قىلىش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ خەتنە ئىشلىرىنى ئاساسلىقى ئابداللار ئورۇنلايتتى. ھازىرمۇ يەنىلا شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلاردىن باشقىلار يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئابداللارغا خەتنە قىلدۇرىدۇ. دوختۇرخانىدا خەتنە قىلىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن، ئابداللارنىڭ بۇ ئاتا كەسپىمۇ رىقابەتكە دۇچ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان بۇ يول تارىيىشقا باشلىدى.

خەتنە قىلدۇرۇش پەسلى ئاساسەن ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى قىلىپ تاللىنىدۇ. خوتەن رايونىدا ئابداللار 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا خەتنە قىلىشقا ئادەتلەنگەن. قەشقەر رايونىدا بولسا، يېڭىسار، يەكەن، مەكىت، قاغىلىق، پوسكام،

قاتارلىق ناھىيەلەردە ئەتىيازدا، پەيزاۋات، يېڭىشەھەر، كونا شەھەر، يوپۇرغا، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيەلەردە كۆز پەسلىدە خەتنە قىلدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن.

ئابداللار خەتنە قىلىشقا چىققاندا يەتتە ياشتىن يۇقىرى ياشتىكى ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىدۇ ھەمدە مۇشۇ جەرياندا كۆزىنى پىشۇرۇپ خەتنىچىلىكنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ.



[سەپەر ئۇستىدىكى سۈننەتچى ئۇستا، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي، خانئېرىق]

يېزىلاردا تېلېفون، بولۇپمۇ يانفون ئومۇملىشىشتىن ئاۋۋال ئابداللار خەتنىگە چىقسا، يۇرت ئارىلاپ مېڭىپ «خەتنە قىلدىغان بالا بارمۇ؟» دەپ توۋلاپ ماڭاتتى ياكى خەتنە قىلىش يېشىغا توشقان ئوغۇللىرى بار ئاتا ـ ئانىلار يېقىن ـ يورۇق، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق ئابداللار بىلەن ئالاقە قىلىپ، مەلۇم ۋاقىتنى بېكىتىۋېلىپ ئاندىن خەتنە قىلدۇراتتى.

بىزنىڭ خانىپرىقتىكى ئابداللار ئارىسىدا ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندە خانىپرىقتا يېقىن بولغان پەيزاۋات، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيەلەردىكى مەلۇم ساندىكى كىشىلەردە مەزكۇر ئابداللارنىڭ ئۆي ياكى قول تېلېفونلىرىنىڭ نومۇرى بولۇپ، تېلېفون قىلسىلا ئابداللار موتوسىكلىت بىلەن بېرىپ خەتنە ئىشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىدىغان بولغان. ئابداللارنىڭ كونىلاردىن قالغان «ئابدال دورۇمچۇق» دېگەن ماقالنى ئۇلار كۆپ تەكرارلايدۇ ۋە شۇ ماقال بويىچە بىرى بىر ئىشنى قىلسا، يەنە بىرى دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. شۇڭا، شەيخل كەنتىدىكى 278 ئائىلىدىن 100 دىن ئارتۇقراق ئائىلىدە مۇقىم تېلېفون، 2038 نوپۇسنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىدە يانفون بار[①].

خەتنە قىلىشقا ئىشلىتىدىغان لازىمەتلىكلەر، قورال - جابدۇقلار ۋە خەتنە قىلىش تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) ئۇستىرا: ئۇستىرا ئادەتتە تۆمۈرچىلەر تەرپىدىن سوقۇلغان، ئادەتتىكى چاچ چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يەرلىك ئۇستىرىلار بولۇپ، خەتنىچىلىككە ئىشلىتىلگەن ئۇستىرىلار باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنى دائىم بىلەپ ئۆتكۈر ھالەتتە غىلاپتا ساقلايدۇ.

---

① 2007 - يىلى 10 - ئايدا، مەزكۇر كەنتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، كەنت سېكرېتارى ئەنۋەرجان مۇھەممەت تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇمات. نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا بىز ياشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يانفون كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇق.

(2) قومـــۇش قـــسقۇچ: بـــۇ ئـــادەتتە دىيـــامېتىرى 1.5 سـانتىمېتىر ئەتراپىـدىكى قومـۇش يـاكى بـامبۇك قومۇشـىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 15 سانتىمېتىر ئەتراپىـدا بولىـدۇ. قومۇشـنىڭ بىـر تەرىپـى يېـرىم يـاپىلاق هـالەتتە ياسـىلىپ سىلىقلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىسى يېرىـپ قويۇلىـدۇ ھەمـدە 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى مىخچىلىك تومۇقتىكى يۇلغۇن ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان ئوق دەپ ئاتىلىـدىغان ياغـاچ، بىـر غېرىچ يىپ بىلەن قومۇشقا چېتىـپ قويۇلىدۇ. خەتـنە قىلغانـدا ئۇ قومۇشنى يېرىپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.



(خەتـنە ئىشلىرىغا ئىـشلىتىلىدىغان قـورال ـ جابدۇقلار، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي، خانئېرىق)

(3) پاختا: يېڭى ئاتقۇزۇلغـان پاختىـدىن چـوڭ بىـر تۇتـام ئېلىـپ ئۇنى كۆيدۈرىدۇ. پاختا تولۇق كۆيۈپ بولاي دېگەندە پاكىز

چىنە بىلەن ئۈستى كۆمتۈرۈلۈپ، ئەتراپى توپا بىلەن ئېتىلىپ دۈملەپ قويۇلىدۇ. بۇ كۆيدۈرۈلگەن پاختا قان توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.



(خەتنە قىلىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى، 2007- يىلى 10- ئاي، خانئېرىق)

خەتنە قىلىشنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: ئالدى بىلەن خەتنىسى قىلىنماقچى بولغان ئوغۇل چوك- كىچىك تەرەت قىلدۇرۇلۇپ تولۇق يەڭگىللىگەندىن كېيىن، بالىنىڭ تاغىسى ياكى يېقىن كىشىلىرىدىن بىر كىشى بالىنى توسقان (كىچىك بالىلارنى تەرەت قىلدۇرۇشقا توسۇش) قىياپەتتە ئىككى ئېقىمىدىن تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ.

خەتنە قىلغۇچى ھەممە تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىدۇ. خەتنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كېسىلگەن جايغا كۆيدۈرۈلگەن پاختا كۈلى بېسىپ قويۇلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن پاختا قان توختىتىش ۋە ياللۇغلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. كېسىشتىن ئاۋۋال بالىغا ھەر خىل ھەييار گەپلەرنى قىلىپ: «ھازىر كەسمەيمىز، بۇ قومۇش بىلەن ئۆلچەپ قويىمىز، قاچان ئۆلچەمگە توشسا شۇ چاغدا كېلىپ ئاندىن كېسىمىز» دېگەندەك. بالىلارنىڭ قورقۇنچىسىنى تۈگىتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ بالىنى پىسخىك جەھەتتىن خاتىرجەم ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بالا يىغلاپ قالسا، ئالدىن پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويغان تۇخۇمنى بالىنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويىدۇ. خەتنىچى ھۈنەرگە پۇختا بولسا، بىر-ئىككى مىنۇت ئىچىدىلا پۈتكۈل ئىشنى تۈگىتىدۇ. خەتنە قىلىۋاتقان جايدا ئاياللارنىڭ، بولۇپمۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ تۇرۇشى چەكلىنىدۇ. چۈنكى ناۋادا بالا يىغلاپ تاشلىسا، ئانا بالىسىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالسا يامان بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن تېرىنى بالىنىڭ دادىسى بىرەر تامنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدۇ. سورۇندىكىلەر بالىنى مۇبارەكلەپ پۇل تۇتقۇزىدۇ. خەتنىچىنىڭ قولى يېنىك بولسا، بالا بىر ھەپتىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بالىنى يوقلاپ كىرگۈچىلەر كىشىلىك مۇناسىۋىتى ۋە

ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىك مىقداردا سوۋغات كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.



(خەتنە ئۇستىدىكى سۈننەتچى، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى)

خەتنىچىگە مەلۇم مىقداردا پۇل، رەخت، كىيىم ـ كېچەك بەرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ ھەربىر ئائىلە ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ خەتنىچىنى رازى قىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاساسەن خەتنىچى پۇل، بۇغداي، پاختا (ياكى كېۋەز) دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاندىن سىرت يەنە بىر دانە چىنە تەلەپ قىلاتتى. چىنە بىلەن پاختا تەلەپ قىلىشتا، «ئاق يوللۇق بولىدۇ، ئاسان ساقىيىدۇ» دېگەن قاراش بويىچە شۇنداق قىلاتتى. ھازىر ئاساسەن پۇل بىلەن رازى قىلىش

ئاساس قىلىنىپ، قانچىلىك قۇربى يەتسە شۇنچىلىك بېرىدۇ.

خەتنىچىلىك كەسپىدىمۇ قەشقەر رايونىدىكى ئابداللارغا سېلىشتۇرغاندا خوتەن رايونىدىكى ئابداللاردا ئاتا كەسىپ قىلىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ سانى ئاز قالغان بولۇپ، تامئېغىلىدا مۇسا كېيىك ئىسىملىك بىر جەمەتتىن ئۈچ كىشىنىڭ بۇ كەسىپ بىلەن مۇقىم شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئىگىلىدۇق.

دېمەك، مەيلى خوتەن رايونىدىكى ئابداللارنىڭ بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە ماسلىشىپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسۇن (بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا، مەيلى قانداق بىر ئاھالىنى زىيارەت قىلايلى، ئۇلار بىزنى يۇقىرىدىن كەلگەن مۇخبىر ياكى باشقا مەقسەتتە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەن خادىم دەپ ئەيمىنىپ بىزگە يېقىن كەلمىدى، بىزنىڭ باش تېمىمىزغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ نەچچە سائەتلەپ ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كەلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىزدىن يوشۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق) ياكى ھازىرقى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا خوتەن رايونىدىكى «قاشتېشى قىزغىنلىقى» سەۋەبىدىن بولسۇن (بۇ خىل قىزغىنلىق سەۋەبىدىن خوتەندە دەرياغا كىرىپ تاش ئىزدەيدىغانلار كۆپىيىپ، ئىش ـ ئوقەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ، ۋاقىتلىق ئىشچىلار قىسىنچىلىقى كېلىپچىققان) خەتنىچىلىكنىڭ خوتەن ئابداللىرىنىڭ ئىجتىمائىي

ئىگىلىكىدە تۇتىدىغان ئورنى بارغانسېرى تۈۋەنلەپ، بۇ كەسىپتىن كىرىدىغان كىرىم ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرچە كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولغان.

خوتەن رايونىنىڭ ئەكسىچە، بىز نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرى ۋە مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىكى ئابداللار ئىچىدە ئاتا كەسىپ خەتنىچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ، يالغۇز خانئېرىقتىكى 278 ئائىلە، 2038 نوپۇسنىڭ دىنىي زاتلار، كەنت كادىرلىرى، تۇل خوتۇنلار ئائىلىلىرى بولۇپ 50 ئائىلىنى چىقىرىۋەتكەندە قالغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر-ئىككىدىن ئەر كىشى مەزكۇر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خەتنىچىلىكمۇ تىلەمچىلىككە ئوخشاش ئاتىدىن بالىغا ئۇدۇم قالىدىغان كەسىپ بولغاچقا، خانئېرىقلىق ئابداللار مەيلى قانداق چوڭ باي ياكى نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ كەسىپنى ئاتا كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بىز مەزكۇر جايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا كۆرگەن ۋە ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمىز بۇنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ. يەنى مەزكۇر كەنتتىكى بىزنىڭ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان پېشقەدەم خەتنىچى يۇسۇپ ئەھمەد ئۇرايىم، 65 ياش، بەش ئوغۇل ۋە ئۈچ قىزنىڭ ئاتىسى، 55 يىل خەتنىچىلىك قىلغان. 12 ئېغىزلىق ياسىداق ئۆيى، بىر دانە «سانتانا» ماركىلىق پىكاپى ۋە ئاتقا بەرگۈسىز بىر دانە

ئېشىكى ھەم 20 تۇياقتىن ئارتۇق قويى بار. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان.




(سۈننەتچى ئۇستا، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي خانئېرىق)

دېمەك، مەزكۇر كىشى خانئېرىقتىكى ئابداللارنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇپ، بىز خەتنىچىلىكنىڭ ئاللىقاچان ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغلىشىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. خانئېرىقتا بۇ خىلدىكى كىشىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، كەنت سېكرېتارى ئەنۋەرجاننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مەزكۇر جايدىكى ئابداللارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 60% ى خەتنىچىلىك ۋە تىلەمچىلىكتىن كېلىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن.

## §2. ئابداللارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار قەدىمدىن بېرى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان رايونلار بولۇپ، مەزكۇر رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا كېيىنرەك مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قەدەم قويغان ئابداللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېھقانچىلىق ئۇلار ئۈچۈن بىر يېڭى كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ كەسىپ بىلەن ئانچە خۇشىمۇ ھەم بۇ كەسىپكە ئېپىمۇ يوق. ئەمما، يەرلەر ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىلگەندىن كېيىن، ئابداللارمۇ قوشنا يېزا ـ كەنتلەردىكى باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش بىر ئۇلۇش يەرگە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن. بۇ خىل ھالەت خوتەن رايونىدىكى ئابداللاردا ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، كېرىيە، لوپ قاتارلىق جايلاردىكى ئابداللارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى پۈتۈن ئائىلە كىرىمىدە ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ، شۇڭا ئۇلار خانئېرىقتىكى ئابداللارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ نامرات. بۇ خىل پەرق ئىككى رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ۋە ئېكولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن باشقا، بۇ ئىككى جايدىكى ئابداللارنىڭ ئىگىلىك ئېڭىدىكى تۈپكى ئۆزگىرىش سەۋەبىدىندۇر.

خوتەن رايونىدىكى ئابداللار دېھقانچىلىقتا ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ. شۇنداقلا ئاز بىر قىسمى ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

لوپ ناھىيە بۇيا يېزا تامئېغىل كەنتى خوتەن ئابداللىرى ئەڭ مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جاي بولغاچقا، بىز ئۇلارنىڭ

1985 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە بولغان دېھقانچىلىق ۋە بىر قىسىم قوشۇمچە كەسىپ كىرىمىنى ۋەكىل خاراكتېرىدە كۆرسىتىشنى لايىق تاپتۇق.

بۇيا يېزىسىنىڭ ئۇچلۇقۇم، سۆگەتئېرىق، ساي، تامئېغىل قوشۇلۇپ بىر ئوچاستىكا قىلىنىپ ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، بىزمۇ بۇيا يېزىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتنى ئۆز پېتىچە كۆرسەتتۇق:

| يىل | نوپۇس | دېھقانچىلىق كىرىمى | گىلەم كىرىمى | قوشۇمچە كەسىپ | ساپ كىرىم | ئەمگەك كۆچى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 2574 | 42 يۈەن | 76 يۈەن | 1 يۈەن | 109.60 | 802 |
| 1986 | 2032 | 49 | 72 | 5 | 126 | 941 |
| 1987 | 2053 | 51 | 125 | 10 | 186 | 1010 |
| 1988 | 2066 | 56 | 135 | 10 | 201 | 1110 |
| 1989 | 2676 | 66 | 151 | 16 | 233.85 | 1291 |
| 1990 | 2860 | 66 | 225 | 20 | 311.31 | 1300 |
| 1991 | 3168 | 167 | 161 | 21 | 349.59 | 1391 |
| 1992 | 2930 | 167 | 168 | 21 | 356.50 | 1150 |
| 1993 | 2904 | 165 | 167 | 19 | 351.40 | 1161 |
| 1994 | 3050 | 256 | 334 | 25 | 615.19 | 1220 |
| 1995 | 3114 | 258 | 436.32 | 42 | 736.62 | 1249 |
| 1996 | بۇ يىلنىڭ مەلۇماتى تېپىلمىدى | | | | | |
| 1997 | 3004 | 359 | 271 | 85 | 715.70 | 1201 |
| 1998 | 3266 | 360 | 353 | 87 | 800.35 | 1306 |
| 1999 | 3306 | 345 | 298 | 63 | 706.30 | 1471 |
| 2000 | 3266 | 459 | 251 | 43 | 753.70 | 1306 |
| 2001 | 3302 | 463 | 288 | 53 | 804 | 1280 |
| 2002 | 3350 | 466 | 382 | 63 | 911 | 1335 |
| 2003 | 3361 | 465 | 479 | 57 | 1011 | 1344 |
| 2004 | 3376 | 467 | 683 | 265 | 1415 | 1338 |
| 2005 | 3434 | 469 | 701 | 385 | 1555 | 1373 |
| 2006 | 3501 | 489 | 461 | 485 | 1435 | 1310 |

مەزكۇر كەنتتە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرچە يەر 1 مو 2 پۇڭ بولۇپ، يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن «قوشۇمچە كەسىپ» كىرىمى بولسا، ئورمان، چارۋا قاتارلىقلاردىن كىرگەن كىرىمنى كۆرسىتىدۇ.

لوپ ناھىيەسىدىكى ئابداللارغا سېلىشتۇرما ھالدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرى شېيخىل كەنتىدىكى ئابداللارنىڭ 2007 ـ يىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرچە كىرىمى 1100 يۈەن بولۇپ، بۇ يەردە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران 0.4 پۇڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتنىڭ زاپاس يېرى بولمىغاچقا، 2000 ـ يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى يوق. ئەمما، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر جايدىكى ئابداللارنىڭ تىلەمچىلىك ۋە خەتنىچىلىكتىن كىرگەن كىرىمىنى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغىلى بولمىغاچقا، ئومۇمىي سان ئازدەك كۆرۈنگىنى بىلەن بۇ يەردىكى ئابداللارنىڭ تۇرمۇشى باياشاتراق. بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، خانئېرىقتىكى ئابداللارنىڭ باشقۇرۇشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان خۇسۇسىيەتلىرى دېھقانچىلىقتا تۇتقان پوزىتسىيەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ كەنتتە ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش، كۆلەملىك باغ، پارنىك قاتارلىق ئەسلىھە ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمىغان. ھەتتا ئۇلار كەنت بويىچە 30 مىڭ يۈەن پۇل تاپشۇرۇپ، مەزكۇر كەنتكە يۆلەنگەن ھاشارنى پۇل بىلەن ئورۇنلىغان. بۇ يەردىكى دېھقانچىلىقنى

ئاساسەن ئاياللار قىلىدىغان (ئەرلەر سىرتقا چىقىپ ئەسلى كەسىپ قىلىدۇ) بولغاچقا، «ئەسلىمە يېزا ئىگىلىكىنى قىلالمايمىز» دەپ باھانە كۆرسىتىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىق بىرىنچى كەسىپتىن كىرىدىغان كىرىمى پۈتۈن كىرىمىنىڭ ئاران 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدۇكى، مەزكۇر كەنتتە، 200 ئائىلىدە رەڭلىك تېلېۋىزور، 5000 يۈەنلىكتىن يۇقىرى موتوسىكلىتتىن 50 دانە، 150 تىن ئارتۇق مۇقىم تېلېفون، 700 يۈەنلىكتىن يۇقىرى يانفوندىن 300 ــ 400 ى بار.

خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق شورباغ يېزىسىدىكى ئابداللار مەزكۇر ئورۇننىڭ خوتەن شەھىرىگە يېقىن بولۇشىدەك ئەۋزەل شارائىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ياغاچ ـ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ـ سېتىش، ئاشخانا ئېچىش كەسىپلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىپ، دېھقانچىلىقتىن باشقا ئۈچىنچى كەسىپ ئىگىلىكى بىلەن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى قىلغان. جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا بولغان روھىي بېسىمى (ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاتا كەسىپلىرىنىڭ كەمسىتىلىشكە ئۇچرىشى)، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى، مەزكۇر يۇرتتا ئاتا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسەن قالمىغان.

## §3. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقىلار

ئابداللاردا ھازىر قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما خوتەن ئابداللىرىدىكى بورىچىلىق بىلەن گىلەمچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بورىچىلىق: بورا قومۇشنى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىپ توقۇلىدىغان بىر ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرى بولۇپ، بورىچىلىق ئاساسلىقى كېرىيەدە ئولتۇراقلاشقان ئابداللارنىڭ ئاتا كەسىپلىرىدىن بىرى. كېرىيە ناھىيە موغال بازىرى باشقاچۇن كەنتى (ئەسلىي نامى بورىچى مەھەللىسى) دىكى ئابداللار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەخمىنەن بۇنىڭدىن 150 يىللار ئىلگىرى تامئېغىلىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ يەردىكى كۆتەرەم مازىرى، جاي مازىرى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ بورا توقۇپ جان باققانلىقىدىن ئىبارەت تارىخنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە قومۇش كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپ بۇ يەردە ماكانلاشقان، كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرقى سىيەك يېزا قىغاز كەنتىدىكى كۆل بويىغا كۆچۈپ بېرىپ بورا توقۇپ جان باققان. قىغازدىكى ئابداللارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە تارىختىن بۇيان سۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان، قومۇش ناھايىتى كۆپ ئۆسىدىغان جاي ئىكەن.

كېرىيە ئابداللىرىنىڭ ھازىرغىچە ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغان بۇ ئاتا كەسپى توغرىسىدا 1893 ـ يىلى ف.

گىرېنارد ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا ، كېرىيە ئەتراپىدا 50 تىن ئارتۇق ئابدال ئائىلىسىنى بايقىغان ۋە «ئاساسىي جەھەتتىن بورا توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان»[①] بۇ خىل كىشىلەر توپى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ئاۋرېل ستەيىنمۇ 1901 ـ يىلىدىكى خوتەن سەپىرى جەريانىدا ئابداللار بىلەن ئۇچرىشىپ، «ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى بىرقانچە بوستانلىقلاردا يېرىم كۆچمەن ھالەتتە ھايات كەچۈرگەن. ئۇلار لازىم بولغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئاساسەن تىلەمچىلىك قىلىش ۋە بورا توقۇش بىلەن ئېرىشكەن»[②] دېگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى ئابداللارنىڭ بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، بىز بۇ بايانلاردىن ئۇلارنىڭ بۇ كەسپىنى 100 يىلدىن بۇيان يەنىلا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

بورىچىلىق ئۇلارنىڭ ئاتا كەسپلىرىدىن ۋە دائىمىي كەسپلىرىدىن بولغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر مەتتوختى بورا، شىر ئەلى بورا دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. گەرچە بورىچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ (بىر پارچە بورىنى ئادەتتە 15 يۈەندىن 20 يۈەنگىچە

---

① F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet*. Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

② Aurel Stein: *The Desert Cathay, Personal Narrative of Exploration in Central Asia and Westmost China*, London(Reprinted New York 1968), Band 1, P502.

ساتقىلى بولىدۇ)، ئەمما كېرىيەدىكى ئابدالالارنىڭ ئىگىلىك شەكلىدە بورىچىلىق يەنىلا بىر خىل ئاساسىي كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

گىلەمچىلىك: گىلەم ئۇيغۇر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئىچىدە ھەممىدىن ئەتىۋارلىق ۋە كەڭ ئومۇملاشقان مىللىي مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى. گىلەمنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا خوتەندە گىلەمچىلىكنىڭ قانات يايغانلىقى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەر بار. 1959 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىيە بازىرىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەدىمكى نىيىران دۆلىتىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن ھەر خىل ماددىي بۇيۇملار بىلەن بىرلىكتە بىر دانە گۈللۈك گىلەمۇ قېزىۋېلىنغان. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ گىلەمنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئېلىمىزنىڭ تارىخىدا مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى گىلەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن قارۇشتى يېزىقىدا «خوتەن گىلىمى» دەپ پۈتۈلگەن تارىشا پۈتۈكلەر تېپىلدى. بۇ خىلدىكى ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار خوتەن گىلىمىنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزۇنلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، خوتەندە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گىلەم توقۇشقا ئادەتلەنگەن، دېيىلسە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ھازىرمۇ زامانىۋىلاشقان گىلەمچىلىك كارخانىلىرىدىن تاشقىرى كۆپىنچە ئائىلىلەردە گىلەم توقۇش دەستىگاھى ئورنىتىلغان. خوتەن گىلىمى ئاساسلىقى خوتەن

قويىنىڭ يۇگىدىن توقۇلىدۇ. خوتەن قويىنىڭ يۇڭى ئەۋرىشىمچانلىق ۋە ئۇزۇن تالالىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەندە يۇڭ يىپ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى (ياڭاق پوستى، ئانار پوستى، توغرىغۇ، زەمچە، شاخار قاتارلىقلار) ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەۋزەل شارائىتلار خوتەندە گىلەمچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس بولغان. خوتەن گىلىمى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە.

خوتەن گىلىمى نۇسخا جەھەتتىن ئاچچىق ئانار نۇسخا، ئىران نۇسخا، كەشمىر نۇسخا، لوڭقا نۇسخا، كەلكۈن نۇسخا، شام نۇسخا، ئەديال نۇسخا، يۇلتۇز نۇسخا قاتارلىق ئون نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. خوتەن گىلەملىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەر گىلىمى، تام گىلىمى، كارىۋات گىلىمى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ خىل گىلەملەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە رەڭ تۈرلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

خوتەن بوستانلىقى شىنجاڭ گىلەمچىلىكىنىڭ ئانا ماكانلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خىل ئېسىل ھۈنەر شەكلى ئاساسلىقى لوپ ناھىيەسىدىكى ئابداللارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدە بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. گەرچە بىز مەزكۇر يۇرتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «شام نۇسخا»، «ئىران نۇسخا» دېگەندەك گىلەملەرنى ئەڭ دەسلەپ بىزنىڭ ئەجدادلار توقۇغان دېگەن سۆزلىرىگە ھېسداشلىق يۈزىسىدىن قوشۇلۇشنى لايىق تاپساقمۇ، بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىزنىڭ 2004 - يىلى ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشىمىز جەريانىدا، مەزكۇر كەنتتىكى ھەممە ئائىلىلەردە دۈكان قۇرۇپ گىلەم توقۇۋاتقان ھالەتنى كۆرگەنىدۇق. بىراق،

2007ـ يىلىغا كەلگەنــدە قاشتېــشىنىــڭ قىزىقتۇرۇشــى ئورغــۇن ئــائىلىلەرنى گىلەمچىلىكنــى تاشــلاپ، دەرياغــا بېرىــپ تــاش ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغان. شۇڭلاشقىمۇ خوتەن شەھىرىنىڭ ئوي بــازاردىكى گىــلەم ســېتىش دۇكانلىرىــدا يەنىــلا تــامئېغىللىق گىلەمچىلەرنى كۆپرەك ئۇچراتقىلى بولىدۇ. گىلەمچىلىكتىن كىرگەن كىرىم مەزكۇر جايدىكى ئابداللارنىڭ ئــائىلە كىرىمىــدە بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۈزۈمچىلىك: ئۈزۈمچىلىكمۇ ئابداللارنىڭ مۇھىم بولغان ئىگىلىك شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنى ئاساسەن خانئېرىق ۋە مارالبېشىدىكى ئابداللار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كەسپىمۇ ئۇزۇن داۋاملاشقان كەسپلەرنىڭ بىرى. گەرچە بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردا دېھقانلار ھەر خىل ئۈزۈمنى بەلگىلەنگەن ئۈزۈم پونكىتلىرىدىن سېتىۋېلىشى كېرەك بولۇپ، ئابداللارنىڭ ئۈزۈمچىلىك كەسپىمۇ ئوخشاشلا رىقابەتكە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار سىرتقا ھۈنەرگە چىققاندا ھەر خىل كۆكتاتلارنىڭ سورتلۇق ئۈزۈملىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ يەرلىك دېھقانلارغا ساتىدۇ. ئۇلار بۇ ئۈزۈملەرنى ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى تېرىپ يېتىشتۈرگەن بولماستىن، بەلكى باشقا ئۈزۈمچىلەردىن سېتىۋالغان بولىدۇ. ئۈزۈمچىلىكمۇ بەزى ئائىلىلەرگە ئاتا كەسىپ بولۇپ كەتكەچكە، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ نامىنىڭ كەينىگە دادىسىنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىنىڭ شۇغۇللىنىدىغان كەسپى بولغان ئۈزۈمچىلىك قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، سەمەت ئۈزۈم، سىيىت ئۈزۈم دېگەندەك. ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن سەمەت ئۈزۈمنىڭ بالىسى، سىيىت ئۈزۈمنىڭ بالىسى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

دورىگەرلىك: «سەكسەنخالتا» دەپ ئاتىلىدىغان دورا ـ

دەرمانچىلىق ئابداللار ئارىسىدىمۇ كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، چىلىك سۇلالىسى دەۋرىكى بىر قىسىم ۋەسىقىلەرمۇ ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇلار ھازىرمۇ دورىگەرلىك بىلەن، تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ (ئەھمەد يەسەۋىگە ئوخشاش تەرىقەت پىرىشۋالىرىنىڭ يۇرت كېزىش جەريانىدا كېسەل داۋالايدىغانلىقى يازما خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئابداللاردىكى تېۋىپلىقنى تەرىقەت ئەھلىنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ئۇدۇملىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز). بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابداللار دورا سېتىش بىلەن بىللە تومۇر تۇتۇپ كېسەللەرگە دىياگنوز قويىدۇ ۋە ئالدىن تەييارلاپ قويغان دورىلارنى بېرىدۇ ياكى ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرىدىن نىسبىتى بويىچە تەڭشەپ تەييارلاپ، ئىچىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ. دورا تەييارلاش ئىشىنى بەزى ئاياللارمۇ قىلالايدۇ. دورىلار ئاساسەن كىشىلەرنىڭ مىزاجىغا ئاساسەن تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر ھەرقانداق بىر دورا-دەرمانچىنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، ئۇنىڭ يايمىسىدىن ئاقمۇچ، قارىمۇچ، زىرە، ئارپىبەدىيان، پىنىنە، پىلپىل، قەلەمپۇر، قوزاقداچىن، لاچىندانە، گۈلدارچىن، قاقىلە، كۆك لاچىندانە، قۇرۇتۇلغان يىلان، يىلان قاسرىقى، موزا، كاۋاۋىچىن، سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە، پەرگە دارچىن، خولىنجان، ئاق چاچكار، چامغۇر، زەنجىۋىل، سىرە، سورۇنجان، بوز يېغى، جويۇز، ئىتئۇزۇمى، غۇنچە ئۈزۈم، سانا، ئەپيۇن غوزىكى، ئىسپەغول، قىزىل قولتۇق پاقا، كېلە-كەسلەنچۈك، زەمچە، نۆشۈدۈر، ئادراسمان ئۇرۇقى، ئەقىل قارا، گۆشگۈرت، قارىغاي يېلىمى، بۇغا مۈڭگۈزى، سىماب، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئىپار، مېھرىگىياھ، زەيتۇن مېيى قاتارلىق ھەر خىل ئىسىق

بەلباغ دوريلىرى، خىلمۇخىل شىپالىق يوپۇرماق قاتارلىق دورىلارنى تاپقىلى بولىدۇ. دورىپۇرۇشلار يەنە پەسىل ۋە مىجەزنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ھەر خىل چاي دورىلىرىنى سوقۇپ بېرىدۇ.

جەمئىيەتتە ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ يامرىشى نەتىجىسىدە، خانئېرىقتىكى ئابداللارنىڭ دورىگەرلىكى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ، دورا تۈرلىرىگە يېڭى دورا تەركىبلىرى قوشۇلۇش بىلەن بىللە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كىرىمى تېزلىكتە ئاشقان. مەزكۇر جايدىكى بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 نەچچە ئائىلىدىن سىرت، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، خانئېرىقلىق ئابداللاردىن ئۈرۈمچىدە دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ 20 دىن ئارتۇق ئىكەن.

# بەشىنچى باب  ئابداللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى

«ئۆرپ ـ ئادەت» ئاتالغۇسى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى سۆزدىن ياسالغان قوشما سۆز بولۇپ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىرلەشتۈرگەندە، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى بىلىش، ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان ئۆدۆملىرىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەندەك مەنىلەرنى بىرىدۇ. دېمەك، ئۆرپ ـ ئادەت بىر مىللەتنىڭ خاس ئەنئەنىسى، مىللەتكە، مىللەت كىشىلىرىگە ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدىغان ئۆدۆمى؛ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان قائىدە ـ تەرتىپلىرى، رىئايە قىلىدىغان تۇرمۇش يوسۇنىدىن ئىبارەت.

ئۆرپ ـ ئادەت مىللەتنىڭ ئورتاق پەلسەپىۋى قارىشىنىڭ يىتەكچىلىكىدە شەكىللەنگەن ئەخلاقىي قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ، بىرلىككە كەلگەن تۇرمۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرى، تەرتىپ ـ بەلگىلىمىلىرىنىڭ نېگىزىنى بەلگىلەيدۇ.

مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دىنىي ئېتىقادمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، دىنىي ئېتىقاد بەزى جەھەتلەردە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بەزى جەھەتلەردە ناچار تەسىرلەرنى

كۆرسىتىدۇ.

ئۆرپ-ئادەت شەكىللىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىللىرى نىسپىي تۇراقلىشىپ، بىلىش تەرەققىياتى ۋە زامان، ئىشلەپچىقىرىش تۈر تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە تەرەققىي قىلىش يۈنىلىشىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەم مەلۇم كۆلەمدە تەرەققىي قىلىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئۇنى ئۆرپ-ئادەتنىڭ مۇكەممەللىشىش، بېيىش ھالىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۆرپ-ئادەت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ماكان، زامان ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. بىر رايون، بىر جۇغراپىيەلىك ماكاندا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن زامان ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە پەرق بولىدىكەن، ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ پەرق كېلىپچىقىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تۈرى بىر خىل بولۇپ، بېسىپ ئۆتكەن زامان تەرەققىيات قەدىمىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك پەرقى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆرپ-ئادەت تەرەققىيات قەدىمىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك پەرقىنى پەيدا قىلىدۇ. ئوخشاشلا بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈر تەرەققىياتىدا ئوخشىماسلىق بولىدىكەن، چوقۇم ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەرەققىياتى ھاسىل قىلىدىغان قەدىمى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە بىرى، ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئوخشاش زامان، ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش تۈر تەرەققىيات قەدىمى ئاستىدا، مىللەتلەرنىڭ پسىخىك تاللىشىدىكى پەرقىدە ئۆرپ-ئادەت تەرەققىيات قەدىمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەرەققىيات مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

بىرىنچىسى، ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئەسلىي مەزمۇن، شەكلىنى ئۆزگەرتمەي، تەرەققىياتقا ماس قەدەمدە ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىللىرىنى بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر

خىل تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ خىل تەرەققىياتنى ئۆرپ ـ ئادەت پىسخىكىسى ئورتاق، ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇش ئىگى بىرقەدەر كۈچلۈك مىللەت ھاسىل قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مەزمۇن، شەكىللىرىنىڭ تەرەققىياتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىسمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىدىن ئادەت ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل تەرەققىي قىلدۇرۇش. ئۇنىڭدا تەرەققىياتقا ماس كەلگەن مەزمۇن، شەكىللەر ساقلاپ قېلىنىدۇ. بۇ خىل تەرەققىياتنى ئۆرپ ـ ئادەت پىسخىكىسى ئىلغار، ئۆزىيۇشۇشچانلىقى كۈچلۈك بولغان مىللەتلەر بىلەن مەنۋى ساپاسى يۇقىرى مىللەتلەر ئورۇنلايدۇ.

ئۈچىنچىسى، تەرەققىيات داۋامىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىسىل، پايدىلىق ئادەتلىرىنى ئۆز ماكان ۋە پىسخىك تاللىشىغا ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىپ، مىللەت ئۆرپ ـ ئادىتىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ خىل تەرەققىياتنى مەنۋى ساپاسى يۇقىرى، باشلامچى كۈچلەرگە ئىگە مىللەت ئورۇنلايدۇ.

ئابداللارنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۇيغۇر ئومۇمىي مەدەنىيەت گەۋدىسى ئىچىدىكى بىر خىل ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئولتۇراق ئۆي، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، دىنىي ئېتىقاد، شۇنداقلا ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئابداللارنى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغىنى ئۇنىڭ بىر قىسىم ئۆزگىچە ئىگىلىك ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بولۇپ، ئاساسلىقى دەريجىدىن تاشقىرى بېكىنمىچىلىكى ۋە تۆي ـ تۆكۈن ئادەتلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

## §1. ئابداللارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

«ئامەت ۋە دۆلەتنى زاماندىن ئەمەس ماكاندىن ئىزدەش» شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بولغان ھاياتلىق پەلسەپىسىدۇر. ئۇلار نەچچە ئەسىرلىك بىكىنمىچىلىك ۋە ئەتراپتىكى مۇھىت تەرىپىدىن يەكلەش ھەم يەكلىنىش نەتىجىسىدە، ئۆزگىچە ياشاش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. «ئامەت ۋە دۆلەتنى زاماندىن ئەمەس ماكاندىن ئىزدەش» نىڭ تىپىك ئىپادىلىنىش شەكلى شۇكى، ئۇلار ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراپ، يۇرتنى تاشلاپ بىرىشكە رازىكى، جاننى تاشلاپ بەرمەيدۇ. ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان ئۇمۇمىي روھ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماسلىق. ئۇلار مەلۇم يۇرتتىن ياكى شۇ يۇرتتىكى باشقا كىشىلەردىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي قالسا، قىلىچە ئىككىلەنمەستىن ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر باغلام شاخ كۆمۈپ قويۇپ ياكى ئىشىك ئالدىنى چىتلاپ قويۇپ باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قالىدۇ. جاھان تىنچىپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندە قايتىپ كېلىپ ئەسلىي ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئۇلاردا جامەئەت ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك، باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۇرۇشكە ئامراق، شۇنداقلا پەسىل خاراكتېرلىك يۇرت ئارىلاپ ھۈنەر قىلىدۇ (ئاساسلىقى تىلەمچىلىك ۋە خەتنىچىلىك). ئۇلار ئىچىدە مەخپىي تۇردىكى يۇرت ئاقساقىلى مەۋجۇت بولۇپ، كىمنىڭ ئاقساقال ئىكەنلىكىنى ياتلارغا

بىلدۈرمەيدۇ[1]. ئۇيۇشۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئاقساقال پۈتۈن ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى باشقۇرۇشىنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ، شۇڭا مەيلى خوتەن رايونى ياكى قەشقەر رايونىدىكى ئابداللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەرگە چوقۇم ئۆز ئىچىدىن چىققان كىشىلەرنى كەنت باشلىقى ياكى سېكرېتارلىققا تەيىنلەش كېرەك. بولمىسا يات يۇرتتىن كەلگەن باشلىقنىڭ ئۇ يەردە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مەلۇم ئەمەلدار ياكى يات كىشىلەر ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە كەلسە، ئۇلارنى قارشى ئالغۇسى كەلمىسە ئارىدىن بىرى: «تەلپەك كەلدى پىنھان پىش» (خوتەندىكى ئابداللار تىلىدا «باشلىق كەلدى ئۆزۈڭنى دالىدىغا ئال» دېگەن مەنىدە) ياكى «كالاڭ كەس ھەس بولدى گاللايلى» (يېڭىشەھەردىكى ئابداللار تىلىدا: «ئەمەلدار كەلدى قاچايلى») دەپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشىدۇ.

ئابداللار پېشقەدەملەرنىڭ رايىغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ھامان ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالىدۇ. جۈملىدىن توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا، سەپەر تەرەددۇتىنى قىلغاندا، ناتونۇش كىشىلەر ۋە

---

① مۇھەممەت مىجىت ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇلاردا ئاشكارا ھالدىكى يۇرت ئاقساقىلى مەۋجۇت بولۇپ، ھەممە ئىشتا شۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىش ئادىتى بولغان. شېرىپجان قاسىم ئەپەندى ھازىرمۇ ئۇلاردا يوشۇرۇن ھالدىكى يۇرت ئاقساقىلى مەۋجۇت دەپ قارايدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار دەپ قارايمىز.

ياقا يۇرتلۇقلار بىلەن كوللېكتىپ پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە باشقا بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە دائىم دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئىجازىتى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ پېشقەدەملەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ ھەم ئۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار يەنە كىشىلەرگە قارىتا سىر ساقلاشقا دىققەت قىلىدۇ. چوڭلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا ۋە ياتلار بىلەن پاراڭلىششقا ئالدىرىمايدۇ[1]. بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچقۇچىلاردىن كەسكىن نەپرەتلىنىدۇ. كىشىلىك غۇرۇرىنى بىرلىكتە قەدىرلەيدۇ. بولۇپمۇ «ئابدال» سۆزىنى ھاقارەتلەش مەنىسىدە قوللانغانلاردىن ئاشكارا نارازى بولىدۇ. تىرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئېپى يوق ھەم خۇشمۇ يوق. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە نېنى قالمىسا قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قورساق تويغۇزىدۇ. ئەمما، سىرتتىن كەلگەنلەرگە ھەرگىز نان بەرمەيدۇ. ئەگەر بىرەر ناتونۇش كىشى مەلۇم ئىش ياكى خىزمەت بىلەن پايناپقا كەلسە، ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرى تېزلىكتە ئەجەبلىنىش كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ، بۇ ھەقتە پاراڭ

---

① بۇ خىل ئەھۋاللارنى بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا تامامەن دېگۈدەك يولۇقتۇردۇق. شەيخىل كەنتىنىڭ سېكرېتارى ئەنۋەرجان بىزنى ئۆيمۇ ـ ئۆي باشلاپ يۈرۈپ چوڭ ـ كىچىك كەنت ئەھلى بىلەن كۆرۈشتۈردى. بىراق بىز سوئال سورىساق ئەنۋەرجان ئېغىز ئېچىشتىن ئاۋۋال ئۇلار بىزنىڭ سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىز بار يەردە بىردەم ئارتۇق تۇرۇشنىمۇ خالىمىدى. ئەنۋەرجان بىزنىڭ مۇددىئايىمىزنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ ئۆز شېۋىسىدە «ئىشەنچلىك» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىزگە ئىنتايىن قىزغىن ماسلاشتى.

سىلىشىدۇ. بەزى كىچىك بالىلار ئۆزىنىڭ ئەجەبلىنىشىنى «ھەي چىكىرەي!» دېگەن بىر خىل قاراتما سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ. ئۇ «ھەي ئەخمەق، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلارسەن؟» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**1. يېمەك - ئىچمەك ئادىتى**

يېمەك - ئىچمەك ئادىتى بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم شارائىتى ۋە ئۇزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن، نۇرغۇن تاماق ئېتىش ھۈنەر-سەنئىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تائاملارنى ئىجاد قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە، ئۇنىڭدىن نېسىۋە قىلىپ، يېقىن قولۇم-قوشنىلىرىغا ئۆزئارا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش ئادىتى بار. شۇنداقلا بەزى يېڭى تائاملارنى، مەسىلەن، باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۈچۈرىسى، كۈدە مانتىسى، قاپاق مانتىسى، يالپۇز جۇۋاۋىسى قاتارلىق تاماقلارنى تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە «يېڭىلىق تۇتىدىغان» ئادەت بولۇپ، بۇ ياخشى كۆڭۈل ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلاردا تاماققا قوشۇپ ئىچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان. بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە

هاراقا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغاچقا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئەمرىمەرۇپلارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن. تاماق جەريانىدىكى ئۇسسۇزلۇقنا ئاساسەن چاي ئىچىش، قورىي يەتكەن ئەھۋال ئاستىدا تاماقتىن كېيىن قوغۇن ـ تاۋۇزغا ئوخشاش هۆل مېۋە ـ چېۋىلەرنى يېيىش كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنىڭ ئاساسلىق خام ماتېرىيالى بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق قاتارلىقلارنىڭ ئۇنى بولۇپ، بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان نان ھەربىر ئائىلىنىڭ كۈندىلىك غىزالىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكتۇر.

يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى جەھەتتە ئابداللار يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ كەتمەيدۇ. ئالاھىدە بىر تەرىپى خوتەندىكى ئابداللار ئۆپكە ـ ھېسىپنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، خوتەنلىكلەردە «تامئىغىلىقلار كانارىغا ئەمەس، بەلكى پەستىكى تېرىگە قارايدۇ» دەيدىغان تەمسىل بار. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا، بۇرۇنقى چاغلاردا تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقلىقىدىن گۆش ئېلىپ يېيىشكە قۇربى يەتمىگەنلىكتىن ئۆپكە ـ ھېسىپ ئارقىلىق روزغارىنى تەمىن ئەتكەن. چۈنكى ئۇلار ھەر ۋاقىت كۆچۈپ يۈرۈش ئەھۋاللىرىغا دۇچ كېلىدىغان بولغاچقا بەدىنىنى قۇۋۋەتلىك تۇتمىسا بولمايتتى. ئۆپكە ـ ھېسىپ قانداقلا بولمىسۇن قويىنىڭ ئىچكى ئەزاسى بولغاچقا بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ دەپ قارالغان.

ئابداللارنىڭ غىزالىنىش ئادىتىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك، غىزا ئۈستىدە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھەمداستىخان بولمايدۇ. ئاياللار ئاساسەن ئوچاق بېشى ياكى ئاشخانا ئۆيدە غىزالىنىشقا ئادەتلەنگەن. بىز ئابداللار توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىلىپ بارغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتۇق. ئابداللارنىڭ يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرىمۇ يەرلىكلەر بىلەن تامامەن ئوخشاش.

**2. توي - تۆكۈن ئادەتلىرى**

كىشىلىك جەمئىيەت ھەر خىل كىچىك تىپتىكى ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلاردىن ھاسىل بولغان. ئادەم، جۈملىدىن مىللەتمۇ شۇنداق ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلارغا مەنسۇپ. جەمئىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندا، شۇنداق كىچىك ئومۇملۇقلار ئۆز ئالدىغا بىر جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلار ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە سانسىز، ئەڭ تۆپكى بىرلىك — ئائىلىدىن تەركىب تاپقان. ئائىلە بولسا، نىكاھ ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەسىرلەر بويى ئەر ئاساس قىلىنغان ئائىلە تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. ئائىلە قۇرۇلمىسى ئاتا قان سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان بىر ئەر-خوتۇنلۇق چوڭ ئائىلىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

بىرىنچى، ئائىلە ئەزالىرى ئەر جەمەتنى ئاساس قىلغان ئۈچ ياكى تۆت ئەۋلادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار چوڭ دادا ۋە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان ئاكا - ئۇكا ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت. ئادەتتە ئۈچ ئەۋلاد بىللە ياشايدىغان ئاھالىلەر بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، چوڭ دادا ھايات ۋاقتىدا ئاكا - ئۇكىلار ئاسانلىقچە ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمەيدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەر جەمەتتىن بولغان چوڭ دادىنىڭ

ئاغزىغا قارايدۇ. ئائىلىنىڭ چوڭ ھوقۇقى چوڭ دادىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى، «ئۆيىنىڭ بەرىكىتى» دەپ ھۆرمەتلىنىدۇ، ئاسرىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئائىلە قانۇنى ھېسابلىنىدۇ، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئولتۇرسا ـ قوپسا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، ئۆزلىرى ھەرقانچە غورىگىل بولسىمۇ، ھەممە نەرسىنىڭ باش بۇرنىنى ئۇنىڭغا ئاتايدۇ.

ئىككىنچى، تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسى يۇقىرى. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تۇنجى ئوغۇل «ئىككىنچى ئاتا» لىق ھۆرمىتىگە سازاۋەر. ئۇ سىرتقا قارىتا ئائىلە باشلىقىغا ۋاكالىتەن بارلىق «تاشقى ئىشلار» غا؛ ئائىلە ئىچىدە بولسا، ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل. ئەمما، ئائىلىنىڭ بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرى، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مال ـ مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا بىر قارارغا كېلىشتە ئالدى بىلەن ئائىلە باشلىقىنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئائىلە ئەنئەنىسىنى ئەلا بىلىش، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش، ئائىلە ئىتتىپاقى، ئىناقلىقنى ساقلاش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئائىلە تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىندۇر. ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە بۇنىڭغا خىلاپ ئىشلار سادىر قىلىنسا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئاتا ـ ئانىغا ۋاپاسىزلىق، ئائىلە ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق دەپ قارىلىپ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئابداللاردىكى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئۇيغۇر ئومۇمى

جەمئىيىتى بىلەن تامامەن دېگۈدەك ئوخشاش. نىكاھ ۋە تـوي - تۆكۈن جەريانىدىكى بەزى ئـۆزگىچە قائىـدە - نىـزاملار ئابـداللارنى يەرلىـــك ئۇيغــۇرلاردىن پەرقلەنــدۈرۈپ تۇرغــان ئەڭ ئاساســلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ئاساسـلىقى ئـۆز گۇرۇھى ئىچىدىن نىكاھلىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئابــداللارنىڭ ئــۆز ئىچىـــدىن نىكــاھلىنىش ئــادىتى توغرىـــــسىدىكى يازمـــــا مەلۇمـــــاتلار يەنىـــــلا غەرب ئېكسپېدىتــسىيەچىلىرىنىڭ شــــىنجاڭ توغرىـــسىدىكى خاتىرىلىرىـــدە ئۇچرايـــدۇ. گىرېنـــارد ئــۇلار توغرىـــسىدا: «...تەخمىـــنەن 30 يىلنىـــڭ ئالدىـــدا ئــۇلار ئالىقــانچىلىكمۇ يەرگە ئىــگە بولالمىغــانىكەن. يەر - مــۈلكى بــار بولغــانلار ئاساسـەن ياقۇپبەگنىــڭ قوشـۇنىدا ياللانمــا ئەسـكەر بولــۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن كىچىككىنە يەرگە ئىگە بولغانىكەن. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغـان ھەم شـۇنداق چۈشەندۈرسىمۇ، شۇ يەرنىڭ قـانۇنى ۋە قـازىلىرىنى ئېتىــراپ قىلغـان بولـسىمۇ، شـۇنداقلا بـالىلىرىنى شــۇ يەرلەردىكـى مەكــتەپلەرگە بەرگەن بولـــسىمۇ، لــېكىن ئــۇلار شـــەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بىر نانىنى تەڭ ئۈلىشىپ يېيىــشنى، قىزلىرىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلىـشنى خالىمايدىكەن»[1] دەپ يازســا، پـــائۇل پېللىئـــوت دەل گىرېنارددىنــڭ ئەكـــسىچە پاينــاپتىكى ئابـــداللارنى «ئۇيغـــۇرلار بىـــلەن ئارىلىـــشىپ ياشايدىكەن ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزئـارا نىكاھلىنىـدىكەن»[2] دەپ

① F. Grenard, in: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890—1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet*. Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

② Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911. pp221-234.

يازىدۇ. ماننېرخېيىم بولسا، پايناپتىكى ئابداللارنىڭ نىكاھ ئىشى توغرىسىدا: «ئۇلار ئۇچۇن ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن باشقا كىشىلەر بىلەن توي قىلىش ھېچقانداق مەسىلە ئەمەس ئىكەن»[1] دەيدۇ. راكېۋېتتى 1906 ـ يىلى ئابداللار توغرىسىدىكى مەلۇماتىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئابداللار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياقا يۇرتلاردا ئايرىم ياشىغان ۋە ئاساسلىقى تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن. كېيىن ئۇلار تەدرىجىي مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە ئەتراپتىكى خەلقلەر بىلەن نىكاھلىنىشنى قوبۇل قىلىشنى باشلىغان»[2]. دېمەك، ئابداللار ئومۇمىي جەھەتتىن ئىچكى جەھەتتە نىكاھلىنىدىغان بولۇپ، سىرتقا ئاساسەن قىز چىقارمايدۇ، لېكىن قىز ئەكىرىش بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، پېللىئوتنىڭ مەلۇماتى ئازراق گۇمانلىق. بەلكىم پېللىئوت «ئۇيغۇر قوشنىلىرى بىلەن نىكاھلانمايدۇ» دېگەننى «نىكاھلىنىدۇ» دەپ چۈشىنىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ مەلۇماتىدىن بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئابداللار يەنىلا ئىچكى قىسمىدا نىكاھلىنىپ سىرتقا قىز چىقىرىش ئىشىنى ئەسلا قىلمايدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس باھانە ـ سەۋەبلىرى بار بولۇپ، ئەگەر سىرتقا قىز چىقارسا مەيلى ئۇ قىزنىڭ تۇرمۇشى قانچىلىك بەختلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ

---

① C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940, p11.

② G. Raquette: *Collection of Manuscipts from Eastern Turkistan—An Account of the Contents*, in C. G. Mannerheim: op. cit. (14), Band Ⅰ, pp3-15.

كېلىن بولۇپ كىرگەن ئائىلىدىكىلەرنىڭ بەزى كىچىك ئىشلاردىكى ئادەت سۆزلىرىمۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ ئۆيى ئۆي بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئۆيلىرىدە توخۇ، مۈشۈك ياكى ئىتقا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرى بولسا، ئۇلارنى مەقسەتسىز ھالدا ھويلا ـ ئارانلاردىن توسۇش ئۈچۈن «تاخ! دىۋانىنىڭ توخۇسى، پەش! قەلەندەرنىڭ مۈشۈكى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلسا بۇ سۆزنى شۇ ئۆيگە كېلىن بولغۇچى تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە قارىتىلغان دەپ قاراپ كۆڭلى پەرىشان بولىدىغان ياكى بىھۇدە رەنجىيدىغان ئىشلار بولۇپ ئۆي بۇزۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. مۇھەممەت مىجىت ئەپەندىنىڭ بىزگە چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىكاھلىنىشنىڭ يەنە مۇنداق سەۋەبلىرىمۇ بار ئىكەن: «بۇ يۇرتنىڭ نامى يامان، يەرلىكلەر بولسا قەلەندەرگە قىز بېرەمدۇق دەپ بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئەۋلادلار ئارىسىدا توي قىلدۇق. يۇرت دائىرىسىنىڭ كىچىكلىكىدىن نەۋرىلەر ئارىسىدا توي قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ».

بۇ خىل چۈشەندۈرۈش بەلكىم مەسىلىنىڭ قىسمەن بىر تەرىپى بولۇپ، ئاساسلىقى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى پەس كۆرۈپ قىزلىرىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماسلىقىدىن باشقا، ئۇلار ئىچكى جەھەتتىمۇ جەمەت ساپلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

بۇرۇنقى چاغلاردا خوتەندىكى ئابداللاردا قىز ـ يىگىت توي قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئېرىگە سادىق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى، تۇغىدىغان ـ تۇغمايدىغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادەت بولغان. ئەگەر تۇغماسلىقى بايقالسا ياكى

تويدىن كېيىن تۇغمىسا ئىنتايىن ئېغىر ئالىدۇ. ئۇلاردا پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك.

لايىق تاللاشتا ئاتا ـ ئانىلار تاللايدۇ ھەم ئۆزئارا پۈتۈشكەندىن كېيىن، چايغا قانچە ئادەم ئېلىپ كېلىش مەسىلىسىنى پۈتۈشىدۇ. ئاردا ئەلچى قويمايدۇ، ھەممە ئىشنى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى قىلىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنى لايىق كۆرمىسە «مەسلىھەتلىشىپ باقايلى» دەپ چىرايلىق ئۆزرە قويىدۇ.

قىز سوراپ بارغاندا يەرلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئادىتى، مەيلى ئۇ قىز قانداق ئائىلىنىڭ قىزى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «تۆت نان تاشلىدۇق» دەپ، تۆت ناننى داستىخانغا ئوراپ ئالىدىن بىر قېتىم ئەلچىلىككە بارىدۇ. چايغا قوي ئاپارسا، قوينىڭ پۇلىنى تويلۇقتىن چىقىرىۋېتىدۇ.

توي ئاساسەن ئىككى كۈن بولىدۇ، يەنى قىزنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن بولىدۇ. قىزنىڭ ئۆيىدە توي بولغان كۈنى مېھمانلارنى ئۇدۇللۇق ئۇزاتمايدۇ، بەلكى ھەممە يۇرت ـ جامائەت كېلىپ بولغاندىن كېيىن «داملاتقۇ» دەپ داستىخان ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا قىزلىق تەرەپكە رەخت، بىرەر داستىخان نان قاتارلىق سوۋغاتلارنى بېرىدۇ. ئارقىدىن قىز ئىگىسى ئوغۇل تەرەپ ۋە يۇرت ـ جامائەتكە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 30 ـ 40 يۈەنلىك، تۆۋىنىگە بىرەر لۆڭگە چاغلىق نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىدۇ.

نىكاھنى ئەڭ كىچىككەندە نامازدىگەر ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. نىكاھ ئوقۇغان ئىمامغا ئادەتتە پۇل قويىدۇ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 10 يۈەن، يۇقىرى چەك بەلگىلەنمەيدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە قىزنى ئوتتىن ئاتلاتمايدۇ. ئەمما، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا

قىز ـ ئوغۇل ئات مىنىپ ئوتنى ئايلىنىدىغان ئادەت بولغان. نىكاھ ئاخشىمى قىز تەرەپتىن تۆت ـ بەش ئايال يىگىتنىڭ ئۆيىگە بىللە بارىدۇ. لېكىن، قىزنىڭ يېنىغا يەڭگە قويماي يەنە قايتىپ كېلىدۇ. خانئېرىقتىكى ئابداللارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار مارالبېشىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن تويلاشقاندىن باشقا ئەھۋاللاردا، قىز كۆچۈرگەندە، ھارۋا ياكى ئات ـ ئۇلاغ ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى كەنت ناھايىتى كىچىك بولغانلىقتىن، قىزنى پىيادە كۆچۈرىدىغان ئادەت بولغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە، مەزكۇر كەنت ئىچىدە تويلاشقانلارمۇ قىزنى ماشىنا بىلەن كۆچۈرۈشكە يۈزلەنگەن.

تويدا قىزلار نېمىنى خالىسا شۇ خىل كىيىم كىيىدۇ. شەھەرلىكلەر كىيىۋاتقان ئاق رەڭلىك توي كىيىمىنى ئەسلا كىيمەيدۇ. يۆتكەپ ماڭغان ۋاقىتتا تويلۇققا ئېلىنغان كىيىمدىن بىر قۇرنى كىيىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئوغۇلغا بەلباغ باغلىسا ئۇنىمۇ تويلۇققا قوشۇپ ھېسابلايدۇ. يىگىتنىڭ ئاغزىغا پولۇ تىقىدىغان، ناۋات چاي قىلىدىغان ئادەت يوق.

تويدىن كېيىن ئەتىسى ئىسسىقلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئادەتمۇ يوق، «يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ» دەپ قۇدىلار ئۆزئارا مېھمانغا چاقىرىشىدۇ. قايسى تەرەپ بالدۇر چاقىرسا شۇ تەرەپكە بېرىۋېرىدۇ. ھەرگىزمۇ قىزلىق ياكى ئوغۇللۇق تەرەپ ئاۋۋال چاقىرىشى كېرەك دەپ تارتىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

قىزلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. قىز ـ يىگىتلەر مۇھەببەتلەشمەيدۇ، قىز ـ ئوغۇل بىللە تۇرىدىغان ئىشلارمۇ

يوق. قىز ـ يىگىتكە، بولۇپمۇ قىزغا يامان ئاتاق بولۇپ قالسا ئۇ قىز ئۆلتۈرۈپ قالىدۇ.

توينى ئاتا ـ ئانىلار پۈتۈشىدىغان بولغاچقا، ئاجرىشىش ئىشى بىرقەدەر كۆپ. پەرزەنتلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى ئۆزلىرى پۈتۈشىدۇ. ئابداللارنىڭ نوپۇس سانى چەكلىك، ئولتۇراقلاشقان دائىرىسى تار بولغاچقا، بىر ئەردىن چىقىپ مەھەللىدىكى يەنە بىر ئەرگە ياتلىق بولۇش ھادىسىسى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇرۇنقى ئەر ـ خوتۇنلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قالسا ياكى يېڭى ئەرلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ قالسا ئۆزئارا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەيدۇ. بىر ـ بىرىنى بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت قىلىپ ئۆتۈۋېرىدۇ.

يۇرت ئىچىدە مۇۋاپىق لايىقلارنىڭ ئازلىقى، شۇنداقلا يېقىن تۇغقانلارنىڭ توپلىشىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئازىيىشى قاتارلىق بىر قاتار ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، خانئېرىقتىكى ئابداللار ئاساسلىقى مارالبېشىدىكى ئابداللار بىلەن كۆپرەك قۇدىلىشىدۇ. شورباغدىكى ئابداللار بىلەن تامئېغىلدىكى ئابداللارنىڭ قۇدىلىشىشمۇ بىرقەدەر قويۇق.

بىزنىڭ ئابداللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ياشلاردا ئەتراپتىكى قوشنا يۇرتلۇقلار بىلەن توپلىشىشقا ئىنتىلىش ۋە بۇنىڭغا يۈزلىنىش خاھىشى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن جەمەت ئىچىدىكى مۇۋاپىق لايىقنىڭ كەم بولۇشى، يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىشنىڭ ئاسلىق ئامىللىرىدىن باشقا، ئۆز سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىش خاھىشىنىڭمۇ بارلىقىنى

چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

بۆرۆنقى مەزگىللەردە ئابداللار بىلەن تويلىشىشنى يەرلىك ئۇيغۇرلارمۇ خالاپ كەتمەيتتى ھەمدە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ئارازلىق كېلىپچىقىش ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خېلى يىللارغىچە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا باردى ـ كەلدى قىلىشماسلىق ياكى توي قىلغان قىز ـ يىگىت باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشكە ئوخشاش ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. خانئېرىقلىق يىگىتلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلار باشقا يۇرتلۇق قىزلار بىلەن تويلىششقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، قىزلار ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ تەكتىنى بىلىپ قالسا تويغا قوشۇلماسلىق ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن. شۇ سەۋەبلەردىن ئەگەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقەتەن چىڭ بولسا قىزنى ئېلىپ قېچىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇرىدىكەن. قىزنى ئېلىپ قېچىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە بىرنەچچە كۈن ساقلىغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن، ئىككى ياشنىڭ تويىنى رەسمىي رەۋىشتە قىلىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ خېلى كۆپەيگەن.

### 3. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى

ئۆلۈم ــ ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، يەنى ياشاش باسقۇچىنىڭ تاماملانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۆلۈمنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئىزىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان چوڭ يوقىتىش، ئەڭ قايغۇ ـ

ھەسرەتلىك ۋەقە سۈپىتىدە قاراپ، ئاخىرقى قېتىم ئۆلگۈچىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت - ئابروينى، ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ جۇدالاشقانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىشنى ئادەت قىلغان.

دەپنە مۇراسىمى تۆۋەندىكى جەريان - رەسمىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ھازا ئېچىش: ھازا ئېچىش، يەنى يىغا - زار قىلىش ئۇيغۇرلاردا مۇسىبەت بولغانلىقىنىڭ بىرىنچى بەلگىسى، بىر ئائىلىدە بىر كىشى ۋاپات بولغان ھامان ۋە شۇ ئائىلە ئەزالىرىدىن باشقا يۇرتتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەن ھامان پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى جۇدالىق ھەسرىتىدە يىغا - زار قىلىشىدۇ. يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن قولۇم-قوشنىلار پەتىگە كىرىدۇ. يىغلاش مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قولۇم-قوشنىلار، يار - بۇرادەرلەر ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەندە ۋە مېيىتنى ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا ھازىدارلار قوشاق قوشۇپ يىغلايدۇ.

خەۋەر قىلىش: ئۆلگۈچى جان ئۈزۈش بىلەن تەڭ يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرگە خەۋەر قىلىنىدۇ. خەۋەر قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن مۇنۇ رەسمىيەتلەر ئورۇنلىنىدۇ:

ئۆلگۈچىنىڭ پۇت - قولى تۈز قىلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ، ئاق ماتا (ھازىر ئاق خەسە) بىلەن ئېڭىكى تېڭىلىپ، كۆزى، ئاغزى يۇمدۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىپ قويۇلىدۇ. بۇ رەسمىيەتلەر ئورۇنلىنىپ بولغاندىن

كېيىن، دەرھال ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرگە خەۋەر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى يېرىم كېچىدە جان ئۈزگەن بولسا، كېچىنى كېچە دېمەي ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر بېرىلىدۇ. قولۇم ـ قوشنىلار يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن پەتە قىلىپ كىرىپ ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىدۇ. بەزىلەر، بولۇپمۇ ئەرلەر ھازىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. ئادەتتە مېيىت ئۆيدە ئۇزۇن تۇرغۇزۇلماي مۇمكىنقەدەر تېز دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر كەچتە جان ئۈزگەن بولسا، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە جامائەت ناماز بامداتتىن يېنىشىغا نامىزى چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە جان ئۈزگەن بولسا، پېشىن نامىزىدىن كېيىن دەپنە قىلىنىدۇ.

سۇغا ئېلىش: ئۆلگۈچى جان ئۈزگەندىن كېيىن، دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن پاكىز ئىلمان سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. بۇ سۇغا ئېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. سۇغا ئېلىشقا ئادەتتە مەھەللىدىكى ئۆزىنى توختاتقان تەجرىبىلىك بىر ـ ئىككى ئادەم ياكى مەھەللىنىڭ مەزىنى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى ئايال بولسا، ياشانغان ئاياللار ياكى بۇۋىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. سۇغا ئېلىش ئالدىدا بەدەندىكى مويلار تازىلىنىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشتا سوپۇنلاشقا توغرا كەلسە ئىلاجى بار يەرلىك سوپۇن ئىشلىتىلىدۇ. مېيىت سۇغا ئېلىنغاندىن كېيىن كېپەنلىنىپ يېڭى ئاق كىگىزگە ئوراپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىلىپ تاۋۇتقا سېلىنىدۇ. كېپەنلىك ئادەتتە ئاق ماتادا قىلىنىدۇ. يىڭنە بىلەن تىكىلمەي كېپەنلىك ماتانىڭ ئۆزىدىن يىپ چىقىرىپ، يۆمەپ چىگىپ قويىدۇ. ئەرلەر ئۈچ قات، ئاياللار بەش قات

كېيىنلىنىدۇ.

نامـاز چۈشـۈرۈش: مېيىـت تاۋۇتقـا سـېلىنىپ ئېلىـپ مېڭىـشنىڭ ئالدىـدا ئۆلگۈچىنىـڭ بالىچـاقىلىرى ئۆلگـۈچى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئاندىن تاۋۇت شـۇ ئەتراپتىكـى مەسچىتكە (ئەگەر ئۆلگۈچىنىـڭ مەھەللىـسى كەڭـرى بولـسا شـۇ جايـدا) ئېلىپ بېرىلىـدۇ، نامـاز چۈشۈرۈلۈشـتىن بـۇرۇن ئۆلگۈچىنىـڭ هايات ۋاقتىـدا ئورۇنلىيالمىغـان شـەرىئەت مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش هېسابىغا ئىسقات بېرىلىـدۇ. ئىمامنىـڭ سورىشى ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ يېقىنلىـرى تەرىپىـدىن ئۇنىـڭ هايـات ۋاقتىـدىكى نـام ـ ئەهـۋالى قىـسقىچە تەرىپلىنىـدۇ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ۋەكىلى جامائەتتىن ئۇنىڭ هايات ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغان ئۆتنە ـ يېـرىم، قەرز ـ مۇئامىلىـسى بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ، بار بولغان تەقدىردە ئۆزلىرىنىـڭ ئـادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دەپنە قىلىش: تاۋۇت قەبرىـستانلىققا ئېلىـپ بېرىلغانـدىن كېيىن، ئالـدىن كـولاپ قويۇلغـان يەرلىككە دەپـنە قىلىنىـدۇ. يەرلىك تاشقى يەرلىك، ئىچكى يەرلىك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تاشقى يەرلىـك تەخمىـنەن ئىككـى مېتىـر ئـۇزۇن، بىـر مېتىـر كەڭ، ئىككـى مېتىـر چوڭقۇرلۇقتـا چاسـا كولىنىـدۇ. ئىچكـى يەرلىك ئۇنىڭ يان تەرىپىدىن مېيىت ئـازادە پـاتقۇدەك كەڭلىـك ۋە ئۇزۇنلۇقتا لەخمە شـەكلىدە كولىنىـدۇ. مېيىـت ئىچىـدىكى يەرلىككە قويۇلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇشتا يۈزى قىبلىگە، پۇتى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلغانـدىن كېيىن، تـۇپراق بېـشىدىكى پېـشقەدەملەردىن بىـرى مـۇچەل هېسابى بويىچە ئۆلگۈچىنىـڭ يىلىنـى سـورايدۇ. يېـشى چـوڭ

توغقانلارنىڭ بەرگەن جاۋابى بويىچە مەرھۇمنىڭ قانچىنچى يىلى دۇنياغا كېلىپ قانچە يېشىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقى ئېيلان قىلىنىدۇ. ئاندىن يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەمەتلىرىدىن بىرى گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا توپا بېشىدا ئولتۇرغان جامائەت ئىچىدىن ئىمام ياكى قارىي قۇرئان كىشى تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا جامائەت ھەممىسى بىر سىقىمدىن توپا ئېلىپ ئايەت ئوقۇلۇپ بولۇشىغا ئۇنىڭغا سۈپكۈچلەپ، ئۇنى يىغقىلى كەلگەن ئادەمنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇنى گۆرگە تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن جامائەت قايتىدۇ.

ئابداللارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئادەتلىرىمۇ يەرلىكلەر بىلەن تامامەن دېگۈدەك ئوخشاش بولىدۇ. يەرلىكلەردىن پەرقلىنىدىغان بىر تەرىپى، خوتەندىكى ئابداللاردا ئۆيدە بىرەر پەرزەنت قازا قىلسا، ئوغۇل بولسا دادىسى، قىز بولسا ئانىسى مېيىت يۇيۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر قېتىم تولۇق كۆزدىن كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كېپەنلەپ يەرلىككە قويۇش ئادىتى بولغان. ئەر غوجايىن ئۆلۈپ كەتكەن ئۆيلەرگە بىرەر ئايغىچە يات ئەرلەرنىڭ ئاياغ بېسىشى چەكلىنىدۇ. ئون يىللارنىڭ ئالدىدا ئابداللاردىن بىرەر كىشى قازا قىلسا، قەبرە بېشىغا بىر دانە توغ قاداپ قويۇلاتتى. ھازىر دەرەخ شېخىنى سانجىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

### 4. كىيىنىش ئادىتى

كىيىم ـ كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى،

گۈزەللىك زوقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ـ ياسىنىش ئادەت ـ ئەنئەنىلىرىمۇ بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياساپ، رەڭگارەڭلىشىپ بارىدۇ.

مەلۇمكى، ياسىنىش ئىنسانلاردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، چۈنكى ياسىنىش ياكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇ ـ ھېسسىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىك، زوق ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەربىر ئىنسان تۇپىغا ئورتاق ئادەت. ئەمما، مىللەتلەرنىڭ ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ھەم تۇرمۇش پەلسەپىسى پەرقلىق بولغاچقا، گۈزەللىك ئېڭىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە ئادەت شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇر چوڭ ئائىلىسىدىكى رەڭگارەڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ئىچىدە، ئابداللار كىيىنىش ۋە ئۆزىنى ياساش جەھەتلەردىمۇ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاساسەن چەكمەن چاپان ياكى گاچا چاپان، يەكتەك قاتارلىقلارنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ھۈنەرگە چىققان ۋاقىتتا، ئۇزۇن كۇلاھ

ياكى سالۋار تۇماق، يوللۇق چەكمەن چاپان كىيىدۇ. بۇ خىل چاپانلار تۆگە يۇڭى، قوي يۇڭىدىن ئىگىرىلگەن يىپ ياكى ئالاھىدە توقۇلغان ماتادىن تىكىلىدۇ. تۇماقنىڭ گىرۋىكىگە ئادەتتىكى تۇماقلاردىن كەڭرەك تېرە گىرۋەك تۇتۇلىدۇ. ئاياللار ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە چاپان كىيىپ، بېشىغا گۇللۇك يىپ ياغلىق ئارتىدۇ. بۇرۇن ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى چاچ ۋە ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئۆستۈرۈۋېتەتتى، بۇ خىل ئەھۋال ياشلاردىمۇ بار ئىدى. ھازىر بۇ خىل ئەھۋال بىرئاز ئازىيىپ قالدى. ھازىر قىزلارمۇ دەۋرگە ماس كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان بولدى.

ئابداللار گەرچە مۇستەقىل مىللەت گەۋدىسى بولمىسىمۇ، ئەمما دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتنى ياتلىشىش ھادىسىسى كۈچلۈك. مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ياتلىشىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەب ئامىللىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ياتلىشىشنىڭ ئىچكى سەۋەب ئامىللىرى ئىچىدە، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ مەنبەلىك بولۇشى، ئۆرپ ـ ئادەت تۈرلىرىنىڭ خاسلىقى ئاجىز بولۇش ياكى خاسلىق شەكىللەندۈرەلمەسلىكى قاتارلىق ئامىللار بولىدۇ. بۇ ئىچكى ئامىللار ئىستىخىيەلىك يوسۇندا مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇپ، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت يىغىندىسىنى كۆپ قاتلاملاشتۇرۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قانۇنىي كۈچى ۋە رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ

ياتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئىچكى مەنبە مىللەت ئىچىدە تەسىر كۆرسىتىش رولى چوڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قاتلامدىكىلەرنىڭ يات ئادەت ـ قىلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ؛ مىللەت ئەزالىرى ئىچىدە يات ئادەت دورامچىلىقى يامرايدۇ. نەتىجىدە، مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۆزىنى ئۆزى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش يولىغا مېڭىشى پەيدا بولىدۇ ۋە تېزلىشىدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ياتلىشىش مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ۋە يەككە تۇرمۇش ئادىتى، ئەخلاق ئادىتى، سەنئەت ئادىتى ۋە ئېستېتىك زوقلىنىش ئوبيېكتىنى ئۆزگەرتىپ، ياتلىشىش ئاقىۋىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ياتلىشىشنىڭ تاشقى سەۋەب ئامىللىرى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى، زامان تەرەققىياتىنىڭ ئەكس تەسىرى، جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۇچۇر قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى ياتلىشىشقا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قاتنىشىپ، ياتلاشتۇرۇش ئامىلى بولۇش رولىنى ئۆتەيدۇ.

دېمەك، ئابداللاردىكى ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن ياتلىشىش ھادىسىسى ماكان، زامان، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى ۋە تەسىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

## §2. ئابداللارنىڭ مەدەنىيىتى

مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھازىرقى زاماندىكى بارلىق ئىجتىمائىي پەن ئىلمىنىڭ مۇھىم ئۇلتېشى. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا چېتىشلىق بولىدۇ. ئەمما، مەدەنىيەت مىللەتشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ يادرولۇق ئوبيېكتى بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى پەننىڭ مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا قارىتا تەتقىقاتى نىسبەتەن زور، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. گەرچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا بىرىدىغان تەبىرى بىردەك بولمىسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ[①].

مىللەتلەر بىر - بىرىدىن پەقەت تۇرمۇش شارائىتى بىلەنلا ئەمەس، مىللىي مەدەنىيەت خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىدىغان روھىي قىياپەتلىرىدىمۇ پەرق ئېتىدۇ. روھىي ھالەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلىمىغا مەنسۇپ، يەنى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى.

مەدەنىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ياراتقان ماددىي بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇشى

---

① 周明甫、金星华主编:《中国少数民族文化简论》，民族出版社 2006 年版，第 7、8 页。

بويىچە مەنىۋى دۇنياسىدا شەكىللەنگەن، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئادەت ھادىسىلىرىنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ماددىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ماددىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن كۆرۈپ، تۇتۇپ، تېتىپ، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇپ ھوزۇرلانسا، مەنىۋى مەدەنىيەتتىن مەنىۋى پائالىيەتتى ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىدا ھوزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «مەنىۋى ئادەت» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. دېمەك، مەنىۋى مەدەنىيەت ئىجتىمائىي ئاڭ، ئىجتىمائىي تەشكىلىي تۈزۈم، دىن، ئېتىقاد ـ ئەقىدە، ئەخلاق مۇراسىملار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ماددىي بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇشتىكى «ئىقتىدارى»، «ئۇسۇل شەكلى» ياكى شەكىلسىز «پىسخىك مەدەنىيەت ھادىسىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت ئەنە شۇنداق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ خۇددى بىر گەۋدە سۈپىتىدە زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا، مەنىۋى ئادەتلەر ھەممىشە ئىقتىسادىي ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەنىۋى ئادەت ئۇستىدە ئىپادىلىنىدۇ.

شىنجاڭ ئابداللىرى گەرچە مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شەكىللەندۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىجتىمائىي گۇرۇپپا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت

ھادىسىلىرىنى سىڭىشتۈرۈشچانلىق ۋە تەسىرچانلىقتا ئىنگە رەڭگارەڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بايان قىلىش ئارتۇقچە ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئابداللار تەرىققەت سۆلۈكىنىڭ سالىكلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرۇنقى مەزگىللەردە، ئۇلاردا شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. ھازىرقى مەزگىلگە كەلگەندە ھەر خىل بەزمىلەردە تەمبۇر ۋە ناغرا چېلىپ كۈن كەچۈرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلاردا شېئىرىيەتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بىراق، يەرلىكتىكى قوشنىلىرىدا ئۇلارغا بېغىشلانغان بىر قىسىم قوشاقلار مەيلى شىنجاڭ ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن يەرلىك فولكلور سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنداق بىر ھادىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىدېئولوگىيە ئېڭىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئابداللاردىن ئىبارەت بۇ بىكىنمە خەلق توپىمۇ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھىنىڭ تۈرتكىسىدە مەجبۇرىي مائارىپقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد مەدەنىيەت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشماقتا.

### 1. مەدەنىيەت ـ مائارىپ

بىز ئابداللارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئاساسلىقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى ئاساس قىلىشنى لايىق تاپتۇق. شۇنداق بولغاندىمۇ ھازىرغا قەدەر خوتەن ۋە

قەشقەردىكى ئابداللار ئىچىدە ئالىي مەلۇماتلىق بولغانلاردىن خوتەندىن يەتتە نەپەر، بۇلاردىن بىر نەپىرى ئۈرۈمچىدە، بىر نەپىرى قەشقەردە، يەنە ئۈچ نەپىرى كىرىيەدە، ئىككى نەپىرى لوپ ناھىيە بويا يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى (مەزكۇر كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىسمى ۋە تەپسىلىي ئادرېسىنى بەرمىدۇق). خانئېرىقتىكى ئابداللار ئىچىدە پېشقەدەم دۆلەت كادىرى مۇھەممەت مىجىتنىڭ ئوغلى يۈسۈپجان قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، 2007 ـ يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قوشۇلغان. ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم خانىم خانئېرىقتىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچى بولۇپ، پايناپ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى.

هازىر خانئېرىق بازىرىدىكى ئابداللار كەنتى بولغان پايناپتا (شەيخىل) ئالتە سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، 210 نەپەر ئوقۇغۇچى بار.

1990 ـ يىللارغىچە نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار سىرتقا ھۈنەرگە چىقماقچى بولسا، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە سۆھبىتىگە چىقىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى 60% تىن ئاشمىغانىدى. ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى جىق تارتىپ كەتكەن ئابداللار ھازىر بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىر قىسىم دورىگەر ئابداللار ئۆزلىرى رېتسېپ يېزىپ ئۆزلىرى بىلەلمەي كۆلكىگە قالغان ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەنلىكتىن، 500 ـــ 600 يۈەن خەجلىسەمۇ ساۋاتىمنى چىقىرىۋالسام دەيدىغان ئابداللار كۆپىيىشكە باشلىغان.

خوتەن رايونىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ھازىر

كېرىيەدىكى ئابداللارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن يەرلىكتىكى قوش تىل سىنىپلىرى، قاراماي قاتارلىق جايلاردىكى شىنجاڭ تولۇقسىز سىنىپلىرى ھەتتا ناھىيەلەردىكى خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلارمۇ، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقانلارمۇ خېلى كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، دەۋر تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ شەپقەتسىز رىقابەتلىرى ئابداللارنى پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغان①.

## 2. ئابداللارغا دائىر شېئىر ـ قوشاقلار ۋە رىۋايەتلەر

بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابداللارنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلىدە دىكىر، ساما، شېئىر ئوقۇش، كىلاسسىك شائىرلار، بولۇپمۇ «يەسسۋىيە» ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى «نەقشىبەندىيە» سۇلۇكلىرىنىڭ پېشۋالىرى ھەم مەزكۇر سۇلۇككە كىرگەن كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاش، دېكلاماتسىيە قىلىش ئابداللارنىڭ توختاۋسىز يۈرت كېزىش جەريانىدىكى خانىقا پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۇلارغا بېغىشلانغان ھەر خىل شېئىر ـ قوشاقلار مول فولكلور مىراسلىرى سۈپىتىدە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغانىدى. تۆۋەندە بىز

① بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابداللارنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىدىن چەتلەش خاھىشى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ نامى ۋە كىملىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغانلىرىنىڭ نام ـ شەرىپىنى ۋە ئادرېسىنى تەپسىلىي بەرمىدۇق.

ئابداللارغا بېغىشلانغان بىر قىسىم شېئىر-قوشاقلارنى مىسال ئورنىدا كۆرسىتىشنى لايىق تاپتۇق.

قۇل ھىممەت ئۇستادىم دېڭىزغا دالام،
كەتكەنلەر كەلمىدى بىر خەۋەر ئالام.
ئابدال بولدۇم شال كىيىندىم بىر زامان،
بىر دوست تاپالمىدىم كۈنمۇ كەچ بولدى.
— قۇل ھىممەت[1]

بىز رۇم ئابداللىرى
مەقسىتىمىز دوستلۇقتۇر.
تاشلىدۇق ھەيۋەت چۇشلەرنى،
جىسمىمىز باتۇرلۇقتۇر.
— بالىم سۇلتان

رۇم ئابداللىرى كېلىپ دوست دەيدۇ،
ئۇستىمىزدە تېرە كىيىملەر دوست دەيدۇ.
— قايغۇسىز ئابدال

ئابداللىقنىڭ ئەسلىنى سورىساڭ،
ئاللا بىر، مۇھەممەد ئەلى ئابدالدۇر.
ھەقىقەت ئىلمىدە ئەسلىنى ئىزدىسەڭ،
بارلىق ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغى ئابدالدۇر.
— شاھ ھاتايى

[1] Dr. Ejder Okumuş: *Türkiye'de Marjinal bir Grup Olarak Abdallar*, SBARD, Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 – 626.

تاپتى نىشانلار ئىچىدە نىشانىنى ئابداللار،
ماكانسىزلار ئىلىدە تۇتتى ماكان ئابداللار.
— شاھ ھاتايى

ئىچىشتى پەزىلەتلىك ئاللانىڭ بۇلاقىدىن مەدەت سۈيى،
تاشلىدى قايغۇلۇق ھاياتنىڭ غەملىرىنى ئابداللار.
ئۆلۈشتى ئۆلمەستىن فارىغ بولدى، مەڭگۈلۈك خۇشال،
بېرىشتى جان، تېپىشتى ئالاھىدە بىر جان ئابداللار.
— ھايرەتى

تۇغۇلۇشتىن ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىلگەنلەر،
ئاشىق بولسۇن ئابدالغا.
تەمەنناسى، ئەسلىسىن تاپقۇچىلار،
ئاشىق بولسۇن ئابدالغا.
— ئاگاھى

زەرىسگە ئۇچراپ ئابدال بولغۇچىلار كۆرمىدى ھېچقاچان،
مۇنداق كىيىم، مۇنداق ساز، مۇنداق كۆز، مۇنداق قاشلارنى.
— ھەزرەتى ئەلى دىۋانىدىن[1]

سۆيگۈنى تىرەيلى، سۆيگۈنى ئۇرايلى،
سىرتىنىڭ گۈزەللىكى، ئىچىنىڭ ئالدامچىسى.

[1] Ali Turan Gülcicek: *Abdalar*, www.hbektas.gazi.edu.tr

يۈرەكنى پاك قىلغان سۆيگۈدۇر سۆيگۈ،
قۇلغا ئاتا قىلغان جەننەتنىڭ خەلقى.

ھەق بىلەن ھەق قىلغان سۆيگۈدۇر سۆيگۈ،
سۆيگۈ تولسۇن ھەربىر نەپەسىدىن ئىچەيلى.
سۆيگۈ دۇنياسىغا يالغان كىرەلمىدى،
كۆڭۈلدىن سۆيمىگەن ئاللاغا ئېرىشەلمىدى.

قارايدۇ ئەمما پەردە بار كۆرەلمىدى،
پەردىنى كۆتۈرۈۋەتكەن سۆيگۈدۇر سۆيگۈ.
غېرىبمەن ئەقلىمنى ئالغان بىر كۆزدۇر،
يانار يۈرىكىمدە مۇھەببىتى بىر چوغدۇر.

ھايۋان دۇنياسىنىڭ نېمەتلىرى ئازدۇر،
ئىنسانغا ھەممىنى بەرگەن سۆيگۈدۇر سۆيگۈ.
سۆيگۈ تولسۇن ھەر نەپەستىن ئىچەيلى،
سۆيگۈنى تېرەيلى، سۆيگۈنى ئۇرايلى.

بۇ دۇنيا ئىنسان بولغۇچىغا جەننەتتۇر،
كۆزلىرى كور، قۇلىقى گاس ئەمەس.
بارلىق كائىناتنى بىلىدۇ ئىنسان،
جازاسى ئېغىر، جەھەننەمدە ھايۋاننىڭ.

ھۆرلەر ئىچىدە جەننەتتە ئىنسان،
جەننەتتۇر بۇ دۇنيا ئىنسان بولغۇچىغا.
جەھەننەمدۇر بۇ يەر ھايۋان بولغۇچىغا،
كۆڭۈل كەھرىۋادۇر قىممىتىنى بىلگۈچىگە.
ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئالماقتا ئىنسان بولغۇچى.

تازىلانغان روھى ئاق بولغانىكەن،
ئاللاھنىڭ ئالدىدا پاك بولغانىكەن.
روھى جان بىلەن، جان ھەق بولغانىكەن،
نېمە ئۇچۇن باشقىسىغا مىننەت قىلسۇن ئىنسان.

شۈبھىسىز ئاللانىڭدۇر، كۆك ۋە يەرلەر،
غېرىبلىقىنى بىلىدۇ گاس ۋە كورلار.
ئىزدىگەنلەر مەۋلاسىنى تاپىدۇ دەرلەر،
ئىزدەپ يۈرۈپ تاپىدۇ، ئۆزىنى ئىنسان.

مەن خالايمەن بۇ دۇنيادا،
ھېچكىم نادان قالمىسۇن.
ئوقۇسۇن بىلىمنىڭ كىتابىنى،
ناداندىن ئەقىل ئالمىسۇن.

ئۆزىنى ئۆزى بىلگەنلەرگە،
بىلىم ئېلىپ ئۆگەنگەنلەرگە.

بىلىمگە قاراپ ماڭغانلارغا،
جاھالەت توسالغۇ بولمىسۇن.

بىلىم ئالغانلار نۇرغا تولىدۇ.
بىلىم ئالمىغانلار كورلىشىدۇ.
بىلىم بىلەن دۇنيا بىرلىشىدۇ،
سەن دېگىنە نېمە ئۇچۇن بولمايدۇ.
— نەشەت ئەرتاش

لەڭگەردىن شامال چىقتى سايىباغدىن جۇدۇن،
قايناقتىن ئابدال چىقتى ئۆشنىسىدە خۇرجۇن.
— كىبرىيە

ساغاندىن سامان ئالماق ماڭشىندىن خوتۇن،
لەڭگەردىن ئېشەك ئالماق[1]، سىتىملدىن ئوتۇن.
— يېڭىسار

**خەلق ئىچىدىكى ئابداللارغا دائىر رىۋايەتلەر**

خۇددى ئابداللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا دائىر بىر قىسىم رىۋايەتلەر تارقالغىنىغا ئوخشاش، يەرلىكتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئابداللارغا دائىر بىر قىسىم

① لەڭگەر — يېڭىسار ناھىيە شەھەر يېزىسىدىكى ئابداللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاينىڭ نامى بولۇپ، ئابدالنىڭ ئېشىكى ئۆيمۇئۆي قاتراپ كۆنۈپ قالغاچقا ئىشقا يارىمايدۇ دەپ قارالغان.

رىۋايەتلەرمۇ تارقالغان. بۇ خىل رىۋايەتلەر ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى تاشلىماسلىقتەك تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مەركىزىي ئىدىيە قىلغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇ خىل رىۋايەتتىن بىرنى تونۇشتۇرىمىز:

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ شىكارغا چىقىش ھەۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ دائىم شىكارغا چىقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ شىكار ئۈستىدە ئابداللار يۇرتىدىن ئۆتۈپتۇ ۋە ئېرىق بويىدا سۇ ئېلىۋاتقان ساھىبجامال ئابدال قىزى ئۇنى مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ ئوردىسىغا قايتقاندىن كېيىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئابدال قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ. پادىشاھ بۇ خانىشىغا ئىنتايىن ئامراق بولغاچقا ئۇنىڭ ھەممە تەلىپىنى ئورۇنلاپ بېرىدىكەن. شۇ قاتاردا ئابدال خانىش پادىشاھتىن ئۆزىگە ئايرىم بىر ئۆي سېلىپ بېرىشنى ھەمدە بۇ ئۆيگە نۇرغۇن تەكچە ياسىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، خانىشنىڭ ئوردىغا كەلگىنىگىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ. خانىش بەزى كۈنلىرى پادىشاھ سالدۇرۇپ بەرگەن ئۆيىدە تەنھا تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. پادىشاھ بۇ ئىشقا قىزىقىپ بىر كۈنى مەخسۇس خانىشنى كۆزىتىپتۇ. خانىش بۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ قويغاندىن كېيىن، ھەربىر تەكچىگە نان، تەڭگە ۋە باشقا نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇپ، ھەربىر تەكچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە «ھەق! بالاگەردەن نەخشىبەندى پىرىم!» دەپ تىلەيدىكەن ھەمدە بەلگىلىك مىقداردىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ خالتىسىغا سالىدىكەن. پادىشاھ بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ، «ئادەم ئۆزگەرسىمۇ ئادەت ئۆزگەرمەيدىكەن» دەپتۇ.

قوشۇمچە:

# ئابداللارنىڭ «تىلى» دىكى ھەل بولمىغان سۆزلۈكلەر

بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ ئاتالمىش «تىلى» قانداقتۇر مۇستەقىل بىر تىل بولماستىن، بەلكى مەزكۇر كىشىلەر توپى ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي تىل ھادىسىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ لېكسىكىدىكى كۆپلىگەن سۆزلۈكلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئالىملار تەرىپىدىن ئاساسەن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ئەبجەش لېكسىكىسىمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ توختاۋسىز قەدەم ئىزىغا ئوخشاش كۆپ مەنبەدىن ئوزۇق ئالغان بولغاچقا، ھازىرچە بىر قىسىم سۆزلۈكلەر تېخى ئېنىق بولمىدى. بىز بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى شىمالىي ۋە شەرقىي ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتا مىراس كىستە كاسىسى پەقەت شەرقىي ئافرىقىدىلا ئۆسىدىغان دېڭىز كوكۇسىدىن ياسالغان.

ئابداللارنىڭ ئالاھىدە «تىلى» بۈگۈنكى كۈندە بەزى مەلۇم ساندىكى سۆزلەر ۋە جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ۋە جۈملىلەر بىلەن ئۇلارنى تولۇقلىغىلى ھەم ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. ئابدال «تىلى» دىكى

سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى خۇددى نورمال يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ قىسىم كىرمە سۆزلەرگە ئوخشاش ئىران تىللىرىدىن كەلگەن. ئەمما، ئىرانچىدىن ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنغان ئوخشاش سۆزلۈكلەر بىلەن شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. هازىرغىچە مەنىسى مەلۇم بولمىغان زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى مەنىسى تېخى گۇمانلىق بولغان ئەرەبچە ياكى ئىرانچە قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە بۇ سۆزلۈكلەر تىزىمى كۆرسىتىلدى.

بىز بۇ سۆزلەرنى ئادەتتە تۈركولوگىيەدە قوللىنىلىۋاتقان ترانسكرىپسىيە ئۇسۇلى بىلەن ترانسكرىپسىيەلەپ چىقتۇق①.

a, b, č, d, ä, e, f, g, ġ, ğ, γ, h, x, ı, ï, k, l,
m, n, ŋ, o, ö, p, q, r, s, š, t, u, ü, v, y, z, ž

قوش چېكىتتىن كېيىن [Lemma]، ئەگەر بۇ سۆز مەۋجۇت بولسىلا خاتىرىلىگەن يىل تەرتىپى، ئەمەلىي مىساللار مەنە جەھەتتىكى ئىزاهات، بىرىكمە سۆز، ياسالما سۆز، شۇنداقلا مىسال جۈملىلەر بېرىلدى. بۇ ئىزاهاتلارنىڭ ئارقىسىدىن باشقا تىللاردىكى سېلىشتۇرما ماتېرىياللىرى ۋە ئېتىمولوگىيەلىك ئانالىز بېرىلدى.

قىسقارتىلمىلار: Gr ـ گىربنارد، L ـ لىكوك، T\L ـ ئوتتو لەدشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، M ـ مۇتەللىپ سىدىق، P ـ پېللىئوت، Š ـ شېرىپجان قاسىم، A\Z ـ

---

① ئابدال سۆزلۈكلىرى مەسىلىسىدە ئوتتو لەدستەتتىر بىلەن ئاندراس تېتسىنىڭ «شىنجاڭدىكى ئابدال (ئەينۇ) لار» دېگەن ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئاساس قىلدۇق.

جاۋ شىياڭرۇ، ھاشىم تۇردى. بۇ يەردە يەنە تىرناق ئىچىدە پايناپ، كىرىيە، خوتەن، گىربوز، تامئىغىل دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ. بۇ تۆۋەندە كۆرۈلگەن سۆزلەرنىڭ خاتىرىلەنگەن جايىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: (پايناپ) دېگەندەك.

**alap**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 136 ـ بەت]. alap «بېدە»، بۇ سۆز يەنە qourouq alap «بېدە» بىلەن dout alap «بېدە» بىلەنمۇ مۇناسىۋەتتى باردەك كۆرۈنىدۇ. بەلكىم بۇ سۆز ئەرەبچە ۋە پارسچە alaf «يېشىل يەم ـ خەشەك»، «قۇرۇق بېدە» بىلەن، شەرقىي ئىران تىللىرىدىكى alaf [trava] دېگەن مەنىدىكى سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. قاراڭ: [بارتاڭنىڭ ئەسىرى، 1960 ـ يىلى، 72 ـ بەت].

**arčin**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 134 ـ بەت]. Artchin (پايناپ). بۇنى پېللىئوت «تۈركلەرنىڭ خۇرجۇنى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يېڭى ئۇيغۇرچىدا xurğun دېيىلىدۇ [پېللىئوت]. artchin شەكلى پەقەت پېللىئوت تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن (ئوتتو لادشتەتتېر، ئاندرياس تىتىسى گىربوز يېزىسىدا پەقەت xorğun دەپ ئاڭلىغان). بۇ سۆز ئىران ۋە تۈركىي تىللاردا تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە كېلىدىغەن. يېڭى پارسچىدا xurğin، xorğin، تاجىكچىدا [1954 ـ يىلى، 434 ـ بەت] xûrğīn، ياگنوب تىلىدا [1957 ـ يىلى، 363 ـ بەت] xurğın، شۇگنان تىلىدا [1960 ـ يىلى، 265 ـ بەت] xirğin، سارىكولچە [1971 ـ يىلى، 206 ـ بەت] xirğin، xïrğīn، جازگۇلجام تىلىدا [1971 ـ يىلى] xärğän. بۇ بەلكىم ئىران دىيالېكتىكىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. Rushan نىڭ ئەسىرىدە [1959 ـ يىلى، 149 ـ بەت] burğin شەكلىدە ئۇچرايدۇ. لېكىن بىز بۇنداق ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان شەكلىنى تېخى باشقا يەردە

ئۇچراتمىدۇق.

**atäš**: جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى [1976 ـ يىلى، 270 ـ بەت] دە atäš نىڭ مەنىسى «ئوت» دېيىلگەن. atäš xorla «ئوت يېمەك، ئوتلىماق» دېگەن بۇ سۆزدە (گىربوز) بىر خاتا چۈشىنىش باردەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدىكى «ئوت» بىلەن شەكىلداش بولغاچقا، خاتا چۈشىنىش بولغان. ئەينۇلارنىڭ تىلىدىكى پارسچىدىن قوبۇل قىلغان «ئوت» مەنىسىدىكى atäš سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدۇ[1].

**ati**: جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى [1976 ـ يىلى، 270 ـ بەت] دە ati «چىرايلىق» (گىربوز): ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتسىنىڭ ئەسىرىدە [1986 ـ يىلى] âti «چىرايلىق» (بىرىدىن ئاڭلىغان: تامئىبغىل، گىربوز). لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتسىنىڭ ئەسىرىدە [1976 ـ يىلى، 269 ـ بەت] áti xana «چىرايلىق ئۆي، ھۇجرا، زال» مەنىسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى تەركىب يېشى پارسچىدىكى xâna «ئۆي» دېگەن سۆز. بىرىنچى تەركىبنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**basta**: [پېلليئوت، 1906 ـ يىلى، 138 ـ بەت]. basta «كۆمەك، دەپنە قىلماق» (پايناپ) دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ كېلىدۇ. بەلكىم تۈركچە سۆز bastïr «كۆمەك، دەپنە قىلماق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك. (مەسىلەن، ئەزەربەيجان تىلىدا [1966 ـ يىلى، 201 ـ بەت] بۇ سۆز basdïrma دېيىلىدۇ).

**bayä**، **bayät**: [پېلليئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت]،

---

[1] بۇ يەردە ئاۋسترىيەلىك بۇ ئىككى ئالىم ئۇيغۇر تىلىدا ئاتەش سۆزىنىڭ داۋاملىق ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن.

yek bayeh .«تىنگا؟» مەنىسىدە. wayeh ,bayeh, bayet «تىنگا ئەمەس» [بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس] (پايناپ). بۇنىڭغا قارىتا پېللىئوت «بەلكىم پىرسان (پىرسان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تېپىلمىدى) بولۇشى كېرەك، wayeh نىڭ مەنىسى قىسىم، بۆلەك دېگەن مەنىدە» دەيدۇ. ئەمما، ئېنىق ئەمەس.

**bazăk**: جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردى [1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] نىڭ ئەسىرىدە، bazăk «بىر خىل يۇمىلاق نان» دېيىلگەن. (گىربوز). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئاناتولىيەدە تارقالغان «زوۋۇل» مەنىسىدىكى pezi، bezi، mezi دېگەن سۆزلەر يېقى ئۇيغۇرچىدىكى mάza ، mazí «توم نان ياكى پوم نان» دېگەن سۆزدىن كېلىپچىققان. (تىتسى، 1955 ـ يىلى، 21 ـ بەت، 172 ـ سان [Nr]).

**băla ğey**: مۇتەللىپ سىدىق [1983 ـ يىلى، 137 ـ بەت] نىڭ ئەسىرىدە băla ğey نى «ئۆگزە» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەمما 139 ـ بەتتە بولسا بۇ سۆزنى «جەننەت» دېگەن. (بۇ ئىككىسى پايناپتا ئاتالغان سۆز). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆزنى يېقى پارسچىدىكى bâlâ «ئۈستى» ۋە ئىران تىللىرىدىكى ğäy «يەر، جاي» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان دەپ قارىغان. بۇ سۆز توغرىسىدا پېللىئوتمۇ [1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] توختالغان بولۇپ، bâlâ نىڭ مەنىسى «ئېگىز، كۆنچىقىش تەرەپتىكى ئېگىزلىك» دېگەن مەنىسىدە بولۇپ، بۇ سۆز ھەم «تورۇس» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەن (پايناپ). Abdoltili palak [1945 ـ يىلى، 272 ـ بەت] دېگەن ئەسەردىكى «kryša, nebo» بىلەن سېلىشتۇرۇلۇق. («ئۆگزە» يەنە «ئاسمان» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان). شۇگنان تىلىدا [1960 ـ يىلى،

.«vysšaja instancija» مەنىسى .bôlô ـ zô [115 ـ بەت]

**buq**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 132 ـ بەت] bâghboug «كەپتەر» (پايناپ). [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت] bûq دە «كەپتەر» (خوتەن). [مۇتەللىپ سىدىق 1983 ـ يىلى، 142 ـ بەت] bayuq نى «كەپتەر، پاختەك، تۇرۇلغۇ قاتارلىق ئوتتۇراھال قۇشلار» دەپ چۈشەندۇرگەن. بۇ سۆز يېڭى پارسچە bâγ بىلەن buq دېگەن سۆزنىڭ (پېللىئوت بىلەن لىكوكنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ كىلىپچىقىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەسكەن) قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. بەلكىم بۇ سۆز نورمال (ئومۇمىي تۈركچىدىكى) buǵa\ puǵa «بۇقا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. سېلىشتۇرۇڭ: kök puǵa«كۆك بۇقا». [رادلوف: «تۈرك دىيالېكتلىرىدىكى بىرقانچە سۆزلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»، سان ـ پېتىربۇرگ، 4 ـ توم، 1362 ـ بەت].

**burayät**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 138 ـ بەت] burayet «بۇيرۇق قىلماق» (پايناپ). بۇ سۆز تۈركچىدىكى buyur «بۇيرۇماق» تىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟.

**čaγar**: (I). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] čaγar «خالتا، تاغار». (خوتەن). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] čaγar «سامان تاغىرى، تاغار». لىكوكنىڭ پىكرىچە، بۇ سۆز تۈركچىدىكى taγar دىن كېلىپچىققان. يېڭى ئۇيغۇرچىدا [1968 ـ يىلى] taγar «تاغار» نىڭ مەنىسى «يۈز كىلوگىرام بۇغداي سىغىدىغان چوڭ خالتا». بولىدۇ. t بىلەن č نىڭ ئالمىشىشى بەلكىم يېڭى ئۇيغۇرچىنىڭ تەسىرىدىن بولغان فونولوگىيەلىك ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

**čaγar**: (II). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت]

tchaghar «ئوچاق» (پايناپ). [مۇتەللىپ سىدىق 1983 ـ يىلى]
čaγar «تونـۇر» (پايـناپ). بۇنىڭغـا ئوخـشايدىغان تـۈركچە سـۆز
(يېڭى ئۇيغۇرچىدا مەلۇم ئەمەس) taγar نى رادلوفنىڭ پىكـرىچە،
«تاۋاقـقا ئوخـشايدىغان، ساپالدىن ياسالغان قىـزىتىش ئۈچـۈن
ئىشلىتىلىدىغان ئوت داس، ئىـدىش» دەپ چۈشـىنىش كېـرەك
ئىـكەن [رادلـوف: «تـۈرك دىيالېكتلىرىـدىكى بىرقـانچە سـۆزلەر
ھەققىدە ئىزدىنىش»، سـان ـ پېتىربـۇرگ، 3 ـ تـوم، 796 ـ بەت].
بۇ سۆزنى يەنە شەرقىي ئىران تىلىـدىكى شـۇگىنانچىدىن كـۆرۈڭ
[1960 ـ يىلى، 237 ـ بەت].
čambur: [لىكـــــــوك، 1906 ـ يىلـــــــى، 222 ـ بەت]
ambúr «بېـدە» (خـوتەن). لىكوكنىـڭ قارىـشىچە بـۇ سـۆزنىڭ
كېلىـپچىقىش مەنبەسـى ئېنىـق ئەمەس. بەلكىـم ئىرانـدىكى
سـىگانچە [1921 ـ يىلـى، 288 ـ بەت] semer, samar «ئـوت،
بېـدە، چـۆپ» دېـگەن سـۆز بىـلەن باغلىنىـشلىق بولۇشـى
مۇمكىن. ئىۋانوفنىـڭ قارىـشىچە، ئەرەبچىـدىكى tamar «مېـۋە»
دېـگەن سـۆزدىن كەلـگەن بولۇشـى مـۇمكىن. بـۇ توغرىـسىدا،
ئىشكاشىم (Ishkashim) [1959 ـ يىلى، 191 ـ بەت] توختىلىپ،
čambur نـى «urjuk, sušenyji abrikos» دەپ چۈشـەندۈرىدۇ.
ۋاخانچىـــــدا [1976 ـ يىلـــــى، 321 ـ بەت] čimbîr شـــەكلىدە
ئۇچرايدۇ.
čarmaq: [لىكـوك ، 1906 ـ يىلـى، 223 ـ بەت] čârmâq
«ياغاق» (خوتەن). [شېرىپجان قاسىم، 1981 ـ يىلـى، 6 ـ بەت]
čarmaq «ياغاق» (گىربوز، تامئېغىل). لىكوكنىڭ قارىـشىچە،
بـۇ سـۆز بەلكىـم يېڭـى پارسـچىدىكى čarmak «تـۆۋرۈك يـاكى
ئوقنىڭ ئۇچى» دىن كەلگەن بولۇشى مـۇمكىن. بـۇ سـۆز يېڭـى
پارسچىدىكى دىيالېكتلاردىن بولغـان دەرى ۋە پوشـتۇ تىللىرىـدا

«تۆت مىغىز» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. [ئىشكاشىم čâr-maγz (Ishkashim)، 1959-يىلى، 191-بەت] čormáγz، شوگنان تىلى [1960-يىلى، 122-بەت] ۋە ياگنوب تىلىدا [1957-يىلى، 240-بەت]، čarmák. يېڭى ئۇيغۇرچىدا بۇ سۆز ئۇچرىمايدۇ.

čăman (I) : [پېللىئوت، 1906-يىلى، 135-بەت] tcheman «قۇياش» (پايناپ). مىسال جۇملىدە بۇ سۆز مۇنداق كەلگەن. tcheman tchiqdy «قۇياش چىقتى»، nis tcheman «كۈن ئولتۇردى». بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

čăman (II) : [پېللىئوت، 1906-يىلى، 135-بەت] tcheman «كىتاب، ھېسابات دەپتىرى» (پايناپ). مىسال جۇملىدە بۇ سۆز مۇنداق كەلگەن: kalaŋ tcheman «بۇ كىتابنى ئوقۇماق». [مۇتەللىپ سىدىق 1983-يىلى، 148-بەت، 1985-يىلى، 31-بەت] čimän، xät «يازمىلار، خەت» (پايناپ). جۇملىدە مۇنداق كەلگەن: čimän kolavatidu bätčilä «باللار خەت ئوقۇۋاتىدۇ». بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

čeγir: [جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976-يىلى،] čeγir «ئۈزۈم» (گىربوز). گەرچە بۇ سۆز يېڭى ئۇيغۇرچىدا بوگۈنكى كۈنلەردە ئىشلىتىلمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆز قەدىمكى تۈركچە سۆز بولۇپ، رادلوفنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆزنىڭ تارانچىلاردا čäγir «كۆيدۈرۈلگەن ئۈزۈم» دېگەن ۋاقىتنى بايقىغان. رادلوف: «تۈرك دىيالېكتلىرىدىكى بىرقانچە سۆزلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»، 1958-يىلى، سان-پېتىربۇرگ، 3-توم].

čilva، čilba: [گىرېنارد، 1893-يىلى، 314-بەت] tchilba «چاي» (كېرىيە). [لىكوك، 1906-يىلى، 223-بەت] šilwa،

čilwa «چاي». گىرېنارد ۋە لىكوك بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس دەپ كۆرسەتكەن.

**čiltän** : [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] čiltän «تۇخۇم» (خوتەن). [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] (گىربوز، تامئىبغىل). لىكوك بۇ سۆز «بىر بىرىكمە سۆز، مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ قارىغان. يېڭى پارسچىدا cihal tan، مەنىسى «قىرىق ئادەم، قىرىق هايات». [ف. شتاينگاس (F. Steingass): «كىلاسسىك ئېغىز تىللىرىدىكى يېڭى پارسچە، قىسقىچە ئىنگلىزچە ـ پارسچە لۇغەت» [لوندون، 1930 ـ يىلى] تە مۇنداق ئىزاهلانغان ــ «موسا (Moses) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە قايتا تىرىلگەن 40 كىشى». ئۆزبېكچە [1959 ـ يىلى، 521 ـ بەت] čiltan «تەبىئەتتىن هالقىغان، پەيغەمبەردەك مېھىر ـ شەپقەتكە ئىگە، ئۆزىنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتقان، بۆلگىلى بولمايدىغان قىرىق كۆڭۈل». ئوخشاشلا يەنە قىرغىزچىدا [1965 ـ يىلى] čilten «كىششىلەرنىڭ ئارىسىدا مەخپىي ياشايدىغان، تەبىئەتتىن هالقىغان ئاجايىپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىرىق خاسىيەت (هايات، ماهىيەت)»①. بۇ سۆزنىڭ «تۇخۇم» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە بولسا ئېنىق ئەمەس.

**čobdän** : [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] čöbdän «Eleagnus دەرىخى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى» (خوتەن). يېڭى پارسچىدىكى بىرىكمە سۆز [ف. شتاينگاس (F. Steingass) «كىلاسسىك ئېغىز تىللىرىدىكى يېڭى پارسچە، قىسقىچە

---

① بۇ سۆز هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۆزبېكچە ۋە قىرغىزچىدىكىگە ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

ئىنگلىزچە ـ پارسچە لۇغەت» لوندون، 1930 ـ يىلى، 401 ـ بەت] čûb ، čob ، تاجىكچە [1954 ـ يىلى، 135 ـ بەت] čûb «دەرەخ» ۋە يېڭى پارسچىدىكى [ف. شتايىنگاس (F.Steingass) «كىلاسسىك ئىبغىز تىللىرىدىكى يېڭى پارسچە، قىسقىچە ئىنگلىزچە ـ پارسچە لۇغەت» لوندون، 1930 ـ يىلى، 500 ـ بەت] dân «زىرائەت». تاجىكچىدىكى [1954 ـ يىلى، 135 ـ بەت] «zerno». يېڭى پارسچىدىكى čûbdâne، džida [ئا. روبىنسىك (A. Rubinčik) «ھازىرقى زامان تىلىدىكى يېڭى پارس تىلى: پارسچە ـ رۇسچە لۇغەت»، 1 ـ توم، 1970 ـ يىلى، موسكۋا، 479 ـ بەت] «Eleagnus angustifolius».

čor : [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] tchor «ئوغرى، يانچۇقچى» (پايناپ). [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] čor «ئوغرى» (گىربوز). čur (تامئىبغىل). پېللىئوت بۇ سۆزنى«بۇ سۆز پارسچىدا بار بولۇپ، ھىندىچىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئىزاھلىغان. [داملى (Damelh)1942 ـ يىلى، 164 ـ بەت] čur، čor «ئوغرى». [سىگانچە، 1870 ـ يىلى، 545 ـ بەت] tchor «ئوغرى». پوشتۇچە [1950 ـ يىلى، 198 ـ بەت] čûr «grabëž» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

čosla : [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 275 ـ بەت] cos «ئالدىراش، مەشغۇل بولماق»، بۇ سۆزنىڭ ـ cosla دېگەن ياسالما شەكلى بار «ئالدىرىماق، ئىنتىلمەك» (گىربوز). يېڭى پارسچىدا čust، čost، تاجىكچىدا čust «ئەپچىل، چاققان». سېلىشتۇرۇڭ: [V. S. Sokolova: «روشەن ۋە چۇفتىكى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ دىيالېكتىكىلىرى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1959 ـ يىلى،

158 ـ بەت] ، شـــۆگنان تىلـــدا [1960 ـ يىلـــى، 127 ـ بەت] čust، سـارىكولچە [1971 ـ يىلـى، 44 ـ بەت] čīst، [V. S. Sokolova: «بارتاڭـــدىكى شـــەرقىي ئىـــران تىلىنىـــڭ دىيالېكتىكىلىرى»، مـوسكـۋا ـ لېنىنـگراد، 1960 ـ يىلـى، 97 ـ بەت] čust, čêgôw «prikrepljat».

dadaγa: [گىرېنـارد، 1893 ـ يىلـــى، 314 ـ بەت] dadagha «مول، باي، كۆپ» . جۈملـــدە sowa dadagha «بـاي، مـول» (كېرىيە) بولـۇپ كېلـدۇ. ناهـايىتى ئېنىقكـى، بـۇ سـۆز يېڭـى ئۇيغۇرچـــــــدىكى [1964 ـ يىلـــــــى، 79 ـ بەت] daγdïγar «هەشـەمەتلىك» دېـگەن سـۆز بىـلەن مۇناسـىۋەتلىك. بـۇ سـۆز ئەسـلىدىنلا ئەرەبـچە كـۆكتىن كېلىپچىققـان بولـۇپ، كېـيىن تېخىمـۇ ئىلگىـرىلىگەن هالـدا مەنە جەهەتـتىن ئـۆزگىرىش ياسىغان. يەنى قوزغاش، غىدىقلاش ، ئىچكى بىئارامىسىزلىق، دېلىغۇل بولۇش، هاياجانلىنىش ، مول، باي، هەشەمەتلىك.

daγa، deγa: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلـى، 314 ـ بەت]dagha «قەشقەردىكى تـۈركلەر» (كېـرىيە). [پېللىئـوت، 1906 ـ يىلـى، 130 ـ بەت] dagha [بۇنىـڭ هەمـمىـسى يـاكى ئابـدالچە، يـاكى بولمىسا خەنزۇچە] (پايناپ). depa (sic!) käs «يات ئادەم، يـات كىـشى» (گىربـوز). (depa خاتـا هالـدا dagha بولـۇپ قالغـان بولۇشى مۇمكىن. käs ئىـران تىلىـدا «كىـشى، ئـادەم» دېـگەن مەنىدە). [ئوتتـو لادشـىتەتتىر ، ئانـدرىياس تىتـسى، 1986 ـ يىلى] deγa «يات، مۇسۇلمان سۈننىيلەر» (گىربوز). پېللىئوت بىلەن گىرېنارد بۇ سـۆزنى ئېتىمولوگىيەسـى ئېنىـق بولمىغـان تەركىبلەر قاتارىغا قوشۇپ قويغان. بۇ سـۆز ئۇزۇكـسىز ئۆزگىرىپ تۇرغـان: [ئابـدال تىلـى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلـى، 256 ـ ، 270 ـ بەتـلەر] deγo «ne svoj، mužčina čužoj»، [ساسـىيان

(Sâsiyân)، 1922 ـ يىلى، 383 ـ بەت] diγa (difa) دەپ ئوقۇلۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار) «تۈرك»، [دەرۋىش ـ يارگون (Derwisch ـ Jargon)، 1928 ـ يىلى، 244 ـ بەت] dogha «كىشى، ئادەم»:. [دژۇگى (Džugi)، 1983 ـ يىلى] deγo «مۇسۇلمان» (ئۆزبېكچە ياكى تاجىكچە). ئەڭ كەڭ تارقالغان مەنىسى «čužak، čelovek ne našego plemeni». ئاخىرىدا ئاناتولىيەدىكى ئابداللاردىن بولغان تابارلاردا (Täbär) daγa دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «كىشى، ئابدال ئەمەس». بۇ سۆزنىڭ يېڭى پارسچىدىن كېلىپچىققان شەكلى dagha «ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق» توغرىسىدا ئىرانشۇناس ئورانىيسكى ئىككىلىنىپ قالغان.

**dayayin**: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] daghaghin «ياۋروپالىق» (كېرىيە). بۇ سۆز نامەلۇم بىر مەنبەدىن كەلگەن. پېللىئوت [1906 ـ يىلى، 130 ـ بەت] بۇ سۆزنى پايناپتا ئۇچراتمىغانلىقىنى ئىسپات بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ سۆز بىز بايا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، كېلىپچىقىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان سۆزلۈكلەر دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

**danap**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 124 ـ بەت] dinab «ئايال، خوتۇن». (پايناپ). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 139 ـ بەت] danap «ئايال». بۇ سۆز كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆزگىرىش ياسىغان: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت] danap، dana «ena، ina ens». ئەرەبچە [1945 ـ يىلى] danax، danap، danam. بۇ سۆزلەر danapim momo havosi «قېيىنئانا، خوتۇننىڭ ئانىسى»، danapboz «خوتۇنباز»، danap paras «kobyla» دېگەن جۈملىلەردە كەلگەن. [Kavol 1983 ـ يىلى، 172 ـ بەت]

[دژوگى (Džugi)، 1983 ـ يىلى، 124 ـ بەت] ، danam ،danap
،danap danax [Čistonï 1983 ـ يىلى، 172 ـ بەت] danawak،
[Sogutari 1983 ـ يىلى، 182 ـ بەت] ، danap[Magati 1986 ـ
يىلى، 137 ـ بەت] (danam) donom، [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ
يىلى، 450 ـ بەت] denew، daneu «ئايال». [Sâsîyân 1922 ـ
يىلى، 379 ـ بەت] dana «ئايال». شەرقىي ئاناتولىيەگە ئانچە
يېقىن بولمىغان بىر مەخپىي كەسىپ سۆزلىرىدىن (Acar
1985 ـ يىلى، 15 ـ بەت. 21 ـ ، 27 ـ مىسال جۈملە) dünah
«خانىم، خوتۇن» دېگەن سۆزنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قانداقلا
بولمىسۇن بۇ سۆز ئاناتولىيەدىكى بۇ گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ سۆزى
بولۇشى مۇمكىن.

dä، dänä: [لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] dân,dâni
«ئېغىز» (خوتەن). [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 29 ـ
بەت]dä, dänä «ئېغىز، ئىشىك» (گىربوز). لىكوك بىلەن
مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆزنى يېقى پارسچىدىكى dahân «ئېغىز»
دىن كېلىپچىققان دەپ قارىغان. سىلىشتۇرۇڭ: [ئابدال تىلى
(Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت]dahan «rot»،
[سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 250 ـ بەت] degŋô «ئېغىز،
كالپۇك قاتارلىقلار». ئىۋانوف بۇ سۆزنى يېقى
پارسچىدىكىdahân بىلەن سېلىشتۇرغان. ئىۋانوف بۇ سۆزنى
14 ـ ئەسىردىكى ئارگوتلارنىڭ سۆزلۈكىدىكى [Sâsîyân 1922 ـ
يىلى، 379 ـ بەت] d(ä)gni «ساقال» بىلەن باغلىغان.

dägä: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ
بەت]، dägä dägi « تەمبۇرى» (گىربوز).

däx: [گىرىنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت]degh
«ياخشى» (پاينىاپ). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 127 ـ بەت]

dakh «ياخشى، ئوبدان» (پايناپ). [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] dăx «ياخشى، ئوبدان» (خوتەن). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 145 ـ بەت] dăx «ياخشى» (پايناپ). [جاۋ شياڭرۇ \ هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت]dăx «ئوبدان» (گىربوز). [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] dăx «ئوچۇق» (هاۋا، ئاسمان)، «ئوبدان ئۆسكەن، ئوبدان چوڭ بولغان، مول هوسۇل ئالماق» (گىربوز). بۇ سۆز ناهايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت] «chorošij، krasivyj، čistyj» : پېللىئوت 1906 ـ يىلى 127 ـ بەتتە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان dax دېگەن سۆزنىڭ ئابدالچە ئىكەنلىكىنى تىروپىسكايانىڭكىدىن پايدىلانغان. [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 449 ـ بەت] dah،dakh «ياخشى، ئوبدان». [سىگانچە (ئىران) 1921 ـ يىلى، 287 ـ بەت]. dakh «ياخشى، ئوبدان، كېلىشكەن، چىرايلىق، تەملىك، كۈچلۈك» (نىشاپۇر، سابزاۋار، كائىن، بىرجاند قاتارلىق رايونلاردا). [سىگانچە (ئىران) 1902 ـ يىلى، 246 ـ بەت] dah khάbeh«ياخشى». تېخىمۇ يىراقراق بولغان تىللاردا بولسا تۆۋەندىكىدەك ئۇچرايدۇ:[Sâsîyân 1922 ـ يىلى ، 379 ـ بەت] d(a)kh «ياخشى». [دەرۋىش ـ يارگون (Derwisch ـ Jargon)، 1928 ـ يىلى، 244 ـ بەت] dah ،dakh «توغرا، ئۇدۇل، پاكىز قاتارلىق». هەتتا ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاز سانلىق خەلقلەرمۇ بۇ سۆزنى بىلىدىكەن. [Kavol1983 ـ يىلى، 83 ـ بەت] dak، dax «chorošij، chorošo». [Džugi)، 1983 ـ يىلى، 124 ـ بەت] dax«، chorošij، chorošo، zdorovyj، paravil'nyj». مۇتەللىپ سىدىق 1983 ـ يىلى بۇ dax تىن ياسالغان ياسالما

سۆزلەرنىمۇ خاتىرىلەپ چىققان. 146 ـ بەتتە däxlä دېگەن ياردەمچى پېئىل ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، hezim däxlävatimiz «بىز ئوتۇن يىغىۋاتىمىز» ياكى piranni avda däxlivät «كۆڭلەكنى يۇيۇۋەت» (سىلىشتۇرۇڭ: [سىگانچە (ئىران) 1902 ـ يىلى، 347 ـ بەت] dacha «قىلماق») ياكى مەجھۇل دەرىجىدىكى شەكلى däxlän، bad däxländi «شامال كۆتۈرۈلدى، شامال چىقىشقا باشلىدى». پېللىئوتمۇ 126 ـ بەتتە daxla دېگەن شەكلىنى تىلغا ئالغان. zil dâkhlamâq «ئېگەرنى قويماق\ئېگەرلىمەك» (پايناپ). بۇ سۆزنىڭ ھەرىكەتنام شەكلى däxši «ئېچىلماق، ئۆرلىمەك» بولۇپ، مۇنداق جۈملىدە كەلگەن: hazir qeli däxšip kätti «ھازىر سودا خېلى ئېچىلىپ قالدى». خۇددى لىكوكنىڭ [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى يېڭى پارسچىدىكى [1930 ـ يىلى، 504 ـ بەت] dax «ياخشى، ئوبدان، ھەرقانداق بىرنەرسىنىڭ تاللانغان ساپ قىسمى» بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ سۆز ئىشلىتىلمەيدىغان بولغان.

dän: [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 35 ـ بەت] dän «بىر نەرسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆي» (؟)، xayninïñ dänigä xizlap «ئۆينىڭ ئالدىغا چىقماق (بەلكىم ئىشىك ئالدىغا چىقماق)». يەنە 36 ـ بەتتە مۇنداق بىر جۈملە بار: polo äkälduq dänigä sipt mačal gilap «بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا پولو ئەكەلدۇق (قويدۇق)» (پايناپ). سىلىشتۇرۇڭ: [Boĵnurdi 97 ـ بەت] يېڭى پارسچىدىكى چەتتىن قوبۇل قىلغان سۆز dämindä «ئالدىدا، يېنىدا»، däminä «ئالدىغا، يېنىغا»، تاجىكچە [1954 ـ يىلى] dam «kraj».

därvän: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 265 ـ بەت] därvän، däwaza «ئىشىك، دەرۋازا». 269 ـ بەتتە مۇنداق بىر مىسال بار: ـ därvän xurd «دېرىزە، كىچىك ئىشىك». [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 6 ـ بەت] därvän «ئىشىك» (گىرىبوز، تامئىغىل ). بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ناھايىتى ئېنىقكى يېڭى پارسچىدىكى ۋە تاجىكچىدىكى dar «ئىشىك» ئىدى. ئىككىنچى بوغۇمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم يېڭى پارسچىدىكى darbân، darvân «ئىشىك باققۇچى» ياكى يېڭى پارسچىدىكى darvand, darband «ئىشىك ئىلمىكى، لوكا» دېگەن سۆزنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان سۆز بولۇشى مۇمكىن.

däs: [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 5 ـ بەت]däs «ماڭماق، بىر يەردىن مېڭىپ كەلمەك» (گىرىبوز). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] däs «يول يۈرمەك، يول ماڭماق». بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ياسالما سۆزى ـ däsla «ئايرىلماق، يۈرۈپ كەتمەك» (گىرىبوز).

dät: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 275 ـ بەت] dät «بارماق». بۇنىڭدىن ياسالغان سۆز [274 ـ ، 276 ـ بەتلەر] dätlä «بارماق». سېلىشتۇرۇڭ: شۇگنان تىلىدا [1960 ـ يىلى، 132 ـ بەت] dêd «vstupa، vchodit». مىسال جۈملىدىكى مەنىسى «vchodit». شۇگنان تىلىدا [1960 ـ يىلى، 244 ـ بەت].

diri: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 140 ـ بەت، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت]diri «پارتىيەلىك كىشى». بۇ سۆز تۆۋەندىكىدەك سۆزلەردە كەلگەن: diri kägälik «ئىشچى، ئىشلەيدىغان كادىر» diri xana، «كادىر ئۆيى» diri suxun،

«كادىر سۆزى» (پايناپ). بۇ سۆز قارىغاندا يىڭى پارسچىدىكى ۋە تاجىكچىدىكى darí «خانلىق جەمەتكە تەۋە بولغان، ئوردىنىڭ، ئوردىدىكى» دىگەن سۆزدىن كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كىيىن «ھۆكۈمەتنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، رەسمىي» دىگەندەك مەنىلەرگە كىڭەيگەن بولۇشى مۇمكىن.

dongay، dunguy: [گىرىنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت]dongai «قوغون» (كىرىيە). [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] dúŋgui «تاۋۇز» (خوتەن). [جاۋ شىياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] donŋγj «تاۋۇز» (گىرىوز). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] dongay «تاۋۇز» (تامئىبغىل ). گىرىنارد بىلەن لىكوك بۇ سۆز نامەلۇم بىر مەنبەدىن كەلگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

duŋciz: [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى] kalaŋ duŋčiz «زەمبىرەك» (پايناپ). سىپايە ياسىلىشى بولسا kalaŋ «چوڭ» ۋە ئىسلىق سۆز بولغان duŋ ، ئۇنىڭغا يىڭى پارسچە čîz «نەرسە» قوشۇلۇپ ياسالغان. سۆز مەنىسى بويىچە ئىيتقاندا «چوڭ بۇم نەرسە» دىگەنلىك بولىدۇ. duŋciz يالغۇز كەلسە «مىلتىق» نى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاپ كىتىدىغان سۆزلەردىن يەنە poŋčiz بولۇپ، مەنىسى «مىلتىق»، يەنى «پوڭ نەرسە» دىگەنلىك بولىدۇ. [لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] (خوتەن).

dut: (I) [پىللىئوت، 1906 ـ يىلى، 131 ـ بەت]dout «گۆش» (پايناپ). بۇ سۆزدىن ياسالغان سۆز doutkech «قاسساپ» دىگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى تەركىبى بولسا يىڭى پارسچىدىكى kaš ـ «كۆتۈرمەك، تارتماق»

بولىدۇ. (پېللىئوت تەرپىدىن كۆرسىتىلگەن ئابدالچە سۆزلۈكلەر
ئىچىدە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان كەسپىي ناملاردىن ápkech «سۇ
توشۇغۇچى»، kerakech «كىرا قىلغۇچى» قاتارلىقلار بار). dut
نى [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 125 ـ بەت] دىكى duhut، daγut
«mjaso» بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ
سۆزنىڭ ئوخشاشمىغان ۋارىيانتلىرى لۇلى [Luli] دەك ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى سىگانلارنىڭ تىلىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: [1893 ـ
يىلى، 308 ـ بەت] dougout «گۆش»، [سىگانچە (ئىران)
1902 ـ يىلى، 348 ـ بەت] dohút «گۆش».

**dut**: (II) [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 136 ـ بەت] بۇ سۆز
dut alap «يۇمران بېدە، يېڭى بېدە، ساپ بېدە، مايسا بېدە»
بىلەن بىللە كەلگەن (پايناپ). بۇ سۆز «گۆش» مەنىسىدىكى dut
بىلەن ئوخشاش سۆز ئەمەس. بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى
ئېنىق ئەمەس.

**düt**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 128 ـ بەت] düt «ئىس،
مورا». بۇ سۆز düt khormàk «ئىسلىماق، ئىس بەرمەك، ئىس
يېمەك» دېگەن سۆز بىلەن بىللە كەلگەن. بۇ سۆزدىن ياسالغان
سۆزدىن dütkach بولۇپ، مەنىسى «غاڭزا» بولىدۇ (پايناپ).
كېيىن [ 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت] بۇ سۆزنىڭ يەنە بىر خىل
شەكلى käš ـ tût بولۇپ، مەنىسى «سۇ غاڭزىسى؟» ئىكەن. بۇ
سۆز بەلكىم يېڭى پارسچىدىكى dûd «چەكمەك، تاماكا
چەكمەك» تىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆزنى سىگانچە
سۆز [Paspati 1870 ـ يىلى، 522 ـ بەت] tuv «تاماكا ئىسى»
شۇنداقلا هازىر قوللىنىلىۋاتقان [Täbär1983 ـ يىلى 34 ـ بەت]
tuh «تاماكا» ۋە سىگانچە ـ ئەرەبچىدىكى [ Seetzen 1806 ـ
يىلى] tíffy «تاماكا» بىلەن هېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك
تۇرىدۇ.

abil، ävil: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 125 ـ بەت] ebil، ewil «ئەمىر، بەگ» (پايناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. پېللىئوت بۇ سۆزنى ئەرەبچە ۋە يېڭى پارسچىدىكى evliya «ئەۋلىيا» بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرمەكچى بولغان. ئەمما ئىشەنچلىك ئەمەس.

ärabä: [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 32 ـ بەت] ärabä «سەھرا، يېزا» (پايناپ). بۇ سۆزنىڭ باشقا ئىسپاتلىرى يوق. مۇتەللىپ سىدىقنىڭ پىكرىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچە ئىكەن. يېڭى پارسچىدا بۇ مەنىدىكى سۆز بولمىغاچقا، بۇ سۆزنى بىز بىر خاتالىقمىكىن دەپ قارىدۇق.

ärgala: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] ergalamak «قارىماق» (كېرىيە). [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 276 ـ بەت] ägala kör «كۆرمەك». بۇنىڭدىن ياسالغان سۆزى ägalašti «كۆرۈشتى، بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشتى». Ägalap baq «قاراپ باقماق، قارىماق» (گىربوز). بەلكىم يېڭى پارسچىدىكى nigâh «نەزەر» گە تۈركچە پېئىل شەكلى la ـ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. سېلىشتۇرۇڭ: nigala.

Äynu: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 308 ـ بەت] heynou «بىر قىسىم ئابداللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتايدىغان نامى» (كېرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 123 ـ بەت] Heinou (پايناپ). [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 259 ـ بەت]Äynu (گىربوز). [ئوتتو لادشتەتتېر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] Äynu (تامئېغىل ، گىربوز). لىكوك بۇ سۆزنى ناهايىتى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان. بۇ ناملار تېخى مەلۇم بولمىغان [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت]. بۇ سۆزنى

[ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 269 ـ بەت] ayno «موللا» ۋە [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 122 ـ بەت] aino «niščí، vyprašivajuščij molivoj podajanie na ulicach I po domam» بىلەن سېلىشتۇرۇڭ. تىروييىسكارا بۇ سۆزنى ئەرەبچىدىكى ąyân «ئاقساقال، يۇرت چوڭى، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغان كىشى» دىن كەلگەن دەپ قارىغان. ئەمما، ئورانىسكى بۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ ئىككىلىنىپ قالغان.

ečiγ : [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت] eci «ناھايىتى، كۆپ» ۋە 271 ـ بەتتە ečiγdin «تولىدىن» (گىربوز). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] (گىربوز) بۇ سۆز ئۇيغۇرچىنىڭ مەلۇم بىر دىيالېكتىكىسىدىكى ečiγ «ئاچچىق» تىن كەلگەن.

gald: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] galid «كېسەل، ئاغرىق» (كېرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى،125 ـ بەت]goloud «كېسەل، ئاغرىق» (پايناپ). [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] بۇ سۆز جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: gâlid bolúp dur «ئۇ كېسەل بولۇپ قاپتۇ (بۇ يەردە بىر سوئال بەلگىسى بار ئىكەن)» (خوتەن). [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 261 ـ بەت] gald «كېسەل، ئاغرىق». بۇ سۆز يەنە (269 ـ بەتتە) iškam ـ gald «جىم، تىنچ» دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىپمۇ كەلگەن (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 149 ـ بەت] golut. بۇ سۆز جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: bisyar kästä häskän golutlar «بۇ كىشىنىڭ ناھايىتى كۆپ كېسىلى بار ئىكەن». بۇنىڭدىن باشقا يەنە: sär gultlaš، dändan gultlaš، iškan gultlaš، pay gultlaš «باش ئاغرىش، چىشى ئاغرىش، قورساق ئاغرىش، پۇت ئاغرىش».

شۇنداقلا يەنە: nisdašturuš üčün ištik čiyib xulaš gulutni lazim «ئاغرىقنى توختىتىش ئۈچۈن ۋاقتىدا دورا ئىچىش لازىم» (پايناپ). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986-يىلى] gald، galud «كېسەللىك». بۇ سۆز يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرىككەن شەكىلدىمۇ كېلىدۇ: päy-galt «پۇت ئاغرىقى» (تامئېغىل، گىربوز). بۇ سۆز يەنە باشقا يەردىمۇ كەڭ تارقالغان: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945-يىلى، 250-بەت] gaulud، golud «bol'noj». Bŭlmak gaulud «zabolet» [Džugi]، 1983-يىلى، 126-بەت] gohlud «bol'noj». گىرېنارد بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ئەرەبچىدىكى djalîd «ئورۇق، ئۇستىخىنى شىلىنىپ كەتكەن، گۆشى شىلىنىپ ئۇستىخىنى قالغان» دىن كەلگەن دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، بۇ سۆز ناھايىتى سىرلىق ھالدا قوبۇل قىلىنغان بولسا كېرەك. يەنە شۇنداقمۇ مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ سۆز بەلكىم يەنە ئەرەبچىدىكى ğalîz «سېمىز، ماي، قېلىن، توم» دىن كېلىپچىققان بولۇشى مۇمكىن. سۈرىيەدىكى ئەرەبچىدە بۇنىڭ «ئاسان ھەزىم بولمايدىغان» دېگەن مەنىسى بار. بۇ سۆز شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان ۋاخى تىلىدا [1976-يىلى، 353-بەت] γälîz «bol'noj، nezdorovyj، bolezn» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇڭىنىسى بۇ سۆزنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىكى مەلۇم بىر باسقۇچ چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ.١ بۇ سۆزنىڭ ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر زەنجىرىدە مەلۇم بىر ھالقا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. يەنى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: بۇ سۆز ئەسلىي مەنبەدىن ئابداللارنىڭ تىلىغا ئۆتكىچە بولغان پۈتكۈل ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ مەلۇم بىر ئۆزگىرىش باسقۇچى بىرگە تېخى مەلۇم ئەمەس.

gäl: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 129 ـ بەت] gel «ساراڭ، كالۋا» (پايناپ). پېللىئوت بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. بۇ سۆزنى تۆۋەندىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىلى بولىدۇ. [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت] Jazguljam] «sumasšedšij ،vljublennyj ،jurodivyi»gelmon ،gluchonemj ،nemoj» gäl [1971 ـ يىلى، 95 ـ بەت] ،nenormal'nyj ،duračok». [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 126 ـ بەت] gel « sumasšedšij ». لۇلى [Luli] gel ،gelmon، gelota شۇنداقلا [Acar1985 ـ يىلى، 15 ـ بەت]gäl «ناچار، بۇزۇق».

gidä: (II) [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 6 ـ بەت] gida «پېشاب، سۈيدۈك» (گىربوز، تامئېغىل). شېرىپجان قاسىمنىڭ پىكرىچە، بۇ بىر ئىرانچە سۆز ئىكەن، ئەمما ئىران تىلىدا بۇنداق بىر سۆز يوقتەك تۇرىدۇ. بۇ بەلكىم ešäk دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئەرەبچە يېزىقتىكى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان pišäb نى خاتا ھالدا بىر سۆز دەپ قاراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا ešäk دېگەن سۆزنى خاتا ھالدا باشقا تۈركىي تىللىرىدا (مەسىلەن، قىرغىز تىلىدا) ئۇچراپ تۇرىدىغان شەكىلداش ۋە ئاھاڭداش بولغان išäk سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ قاراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىلى خىل ئەھۋال ئاستىدا «ئېشەك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن gidär دېگەن سۆزنى بىر قاتارغا قويغىلى بولىدۇ.

gidär: [گىرىنىارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] gidä «ئېشەك» (كېرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 127 ـ بەت] gedar «ئېشەك» (پايناپ). [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ

بەت] gídär «ئېشەك» (خوتەن). [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] gidä «ئېشەك». بۇنىڭدىن ياسالغان سۆز (268 ـ بەت) gidäči «ئېشەكچى، ئېشەك قاتارلىق هايۋانلارنى ساتىدىغان ئادەم» (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 139 ـ بەت] gidä kalaŋ «قېچىر» [سۆز تەرجىمىسى بولسا چوڭ ئېشەك دېگەن بولىدۇ] (پايناپ). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] gidä، gidär «ئېشەك» (تامئېغىل، گىربوز). بۇ بىر كەڭ تارقالغان سۆز: [گىرنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] بۇ سۆزنى سىگان تىلىدىكى gadar، ھىندىچە ghoda بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. ئورانىسكى 1983 ـ يىلى بۇ سۆزنىڭ (Džugi]، 1983 ـ يىلى، 125 ـ بەت] gadar «osjol» ئىكەنلىكىنى خاتىرىلەپ قويغان ھەم بۇ سۆزنىڭ لۇلى [Luli] چىدىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. [istoni 172 ـ بەت] gadar. بۇ سۆز يەنە باشقا يەرلەردە مۇنداق ئۇچرايدۇ: [Magati 1986 ـ يىلى، 137 ـ بەت] gadar «ئېشەك». كاپىر ۋە داردارى تىللىرىدا [Nuristan 1952 ـ يىلى، 130 ـ بەت] gad'å، gad'â «Wôtapur»، [Waigali 1954 ـ يىلى، 254 ـ بەت] gad'â، [شەرقىي جەنۇبىي داردىش تىلى Südost_Dardisch 1958 ـ يىلى، 123 ـ بەت] géda (گاۋرى)، gåda (تورۋالى). بەلكىم بۇ سۆز ئىراندىكى سىگان تىلىدىكى [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 450 ـ بەت] gerâ «ئېشەك» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىۋانوف بۇ سۆزنى ھىندىچىدىكى gadhâ «ئېشەك» ۋە سىگانچە [سىگانچە (ئىران) 1921 ـ يىلى، 287 ـ بەت] gerâ، girô «ئېشەك، قېچىر» بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن. (بۇ سۆز ئىراننىڭ نىشاپۇر، سابزاۋار، قايىن، بىرجاند

ئۆلكىلىرىدە ئۇچرايدۇ). بۇ سۆزنىڭ ئاناتولىيەدىكى تارقىلىشى تۆۋەندىكىدەك: [Täbär 1983 ـ يىلى، 525 ـ بەت] gädär «ئېشەك»، [epni 1989 ـ يىلى، 362 ـ بەت] geder. ئەگەر بىز بۇ سۆزنى گىرېنارد، پېللىئوت ۋە ئىۋانوف دېگىنىدەك، ھىندىچە مەنبەدىن كەلگەن دېگەن كۆزقاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا بۇ سۆزنىڭ سىگانچە بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بولسا بۇ سۆز نامەلۇم بىر مەنبەدىن كەلگەن سۆز دەپ قارىغان. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ سۆز يېڭى گىرېكچىدىكى gáidaros، gaïdoúri «ئېشەك» بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەتتا ۋېنېتسىيەچىدىكى cargatore بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

**gila**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 126 ـ بەت] gilamâq «ئالماق، ئەكەلمەك». مىسال جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: gilap keleng «ئالغاچ كېلىڭ» (پايناپ). [جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 274 ـ بەت] «ئالماق، سېتىۋالماق». بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: gilä post «بىر نەرسىنىڭ پوستىنى ئالماق، شۆپۈكلىمەك» (گىرېبوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى] جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: gändümdin bisyar gilidi «بۇغداينى جىق ئالدى» (پايناپ). جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردىلارنىڭ پىكرىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى giriftan «ئالماق، تۇتماق» سۆزىنىڭ تومۇرى بولغان gir بىلەن يېڭى ئۇيغۇرچىدىكى ياردەمچى پېئىل la نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، بوغۇم ئاخىرىدا r نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئۇيغۇرچىدا نورمال ئەھۋال. سېلىشتۇرۇڭ: [Jazguljam 1971 ـ يىلى، 97 ـ بەت] gír keg، «zaderživat، svjazyvat». بۇ سۆزدىن پەيدا بولغان ياسالما سۆزنىڭ ئىسپاتلىرى ئىشەنچلىك.

**giyaŋla:** [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 274 ـ بەت] giyanla ـ «يىغلىماق» (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 144 ـ بەت] giyaŋlidi «يىغلىدى» (پايناپ). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] giyaŋlaptu «ئۇ هازىر يىغلاپتۇ» (گىربوز). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى giryân «يىغلىغان» دىن كېلىپچىققان، بۇنىڭدىكى r تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، ئاخىرىغا تۈركچە پېئىل شەكلى بولغان ـ la ـ قوشۇلغان دەپ ئىنىقلاپ چىققان.

**govän:** [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] gauwänd «ئىنەك، كالا؟» (خوتەن). [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 264 ـ بەت] gowän «كالا» (گىربوز). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] «ئۆكۈز» (گىربوز). بۇ سۆزنىڭ ئىرانچە مەنبەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق.

**goyt:** [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 312 ـ بەت] gouyed «ناخشا، غەزەل» (پايناپ). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 125 ـ بەت] goïd (پايناپ). [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 261 ـ بەت] gojt «ناخشا، غەزەل، بېيىت» (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر] guytči «ناخشىچى» (پايناپ). گىرېنارد ۋە پېللىئوتنىڭ پىكرىچە بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى gûyad «ئۇ سۆزلىدى» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئەمما، ئىشەنچلىك ئەمەس. بۇ سۆزنى ئەرەبچىدىكى qâida «ئاساس، شەرت، قائىدە، تۈزۈم» دىن چىققان، ئاندىن ئاناتولىيە تۈركچىسىدە kayda، kayde «ئەڭ ياخشى (مېلودىيە، مۇزىكا، ئاهاڭ)» [DS) Türkiye'de halk ağzïndan derleme sözlüğü) 8 ـ توم، 2698 ـ بەت] شەكلىدە

ئۆزگەرگەن دېسەك، بۇنى چۈشىنىش ئاسانغا توختايدۇ.

**goz**: [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 268 ـ، 260 ـ بەت] goz «قىغ، پوق»، gozluq «ئۇچەي، پوقلۇق ئۇچەي» (گىربوز). [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] goz «قىغ، پوق» (تامئىبغىل). سىبلىشتۇرۇڭ: يېڭى پارسچە gûh: «قىغ، پوق»؛ ساركولچە [1971 ـ يىلى، 68 ـ بەت] gav «ekskrementy»؛ [1959 Ishkashim ـ يىلى، 200 ـ بەت] gŭ «ispražnenija، ekskrementy»، [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 210 ـ بەت] koz «grjaznyj»؛ [1957 Yagnob ـ يىلى، 255 ـ بەت] gu «ispražnenija، navoz»؛ [1957Yagnob ـ يىلى، 256 ـ بەت] guz «ispuskanie vetrov». داردىش (داملى) [1942 ـ بەت، 169 ـ بەت] gû «پوق، گەندە». سىبلىشتۇرۇڭ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت] goz، «vyručka» (پايدا، كىرىم): تىرويىسكايا بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكى gaz «تۇتماق، ئېلىپ كەتمەك» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ، ئەمما ئىشەنچلىك ئەمەس. [1976Bosworth ـ يىلى، I ـ توم، 176 ـ بەت] دە بۇ سۆزگە ئەرەبچە ئېتىمولوگىيە بېرىلگەن. ئىممىرىك بۇ سۆزنى خوتەن ساك تىلىدىكى gû «فىرانسۇزچە ياكى گېرمانچە؟» [1982Chotanese ـ يىلى، 38 ـ بەت] غا باغلاپ ئەسلىگە قايتۇرغان.

**gu**: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 138 ـ بەت] gu «كالا» (پايناپ). يېڭى پارسچە gow دىن كەلگەن. [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 202 ـ بەت] γu، [1971Jazguljam ـ يىلى، 97 ـ بەت] gow «byk، korova» (ھاقارەت سۆزى)؛ [Shugnan 1960 ـ يىلى، 146 ـ بەت] gôw، [1957Yagnob ـ يىلى،

γuyi [84 ـ بەت، يىلـــــــى ـ 1983 Kavol] ،γow [258 ـ بەت] «korova».

ـ gumšutla: [پېللىئـــوت، 1906 ـ يىلـــى، 139 ـ بەت] goumch(u)tlamâq «قۇرۇقلىمـــاق، بىكارلىمـــاق» (پاينـــاپ). سىلىـشتۇرۇڭ: يېڭـى پارسـچىدىكى gum šud kilîd «ئـاچقۇچ تارتىـــپ چىقىرىلـــدى». [1978Darî ـ يىلـــى، 610 ـ بەت] gomšu «provalilaj».

Gurug ،guruk: [گىرېنـــارد، 1893 ـ يىلـــى، 312 ـ بەت] gourouk «ئىت» (كېـرىيە). [پېللىئـوت، 1906 ـ يىلـى،125 ـ بەت] gourk «بۆرە» (پايناپ): [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] gurúk «ئىت» (خـوتەن). [جـاۋ شـياگرۇ، هاشـىم تـۇردى، 1976 ـ يىلـــى، 262 ـ بەت] gurug ،gurg «ئـىـــت، ئەمەلـــدار، دۈشمەن» (گىربوز): [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلـى، 142 ـ بەت] gök، [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 29 ـ بەت] guk «بۆرە، يولۋاس، ئېيىق قاتارلىق يىرتقـۇچ هـايۋانلار» (پاينـاپ): [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلـى] guruk «ئىت» (گىربـوز). لىكـوك بۇنىڭغا سـوئال بەلگىـسى قويـۇپ گۇمانلانغاندىن باشقا كۆپ قىـسىم ئـاپتورلار قۇرۇلمـا شـەكلى ۋە كۆچمە مەنىسى جەھەتتىن بۇ سۆزنى يېڭى پارسچە سـۆز gurg، gorg «بۆرە» دىن كەلگەن سۆز دەپ قارىغان.

ـ gurux: ـ guruxla [گىرېنـــارد، 1893 ـ يىلـــى، 313 ـ، 314 ـ بەت] groukhlamak «كەتـــمەك، بارمـــاق»، بـــۇ ســـۆز grouxlang «ســــز كېتىـــــڭ» (كېـــرىيە). [پېللىئـــوت، 1906 ـ يــىلــى، 126 ـ بــەت] gouroukhmâq gouroukhlamâ، «قاچماق، قۇتۇلماق» (پاينـاپ): [مۇتەللىپ سـىدىق، 1983 ـ يىلـــــى، 138 ـ بەت] goroh ـ qač «قاچمـــــاق» (پاينـــــاپ).

گىرىنارد تەخمىن هالدا بۇ سۆزنىڭ كېلىپچىقىشىنى پارسچە gurîxtan «قاچماق» دېگەن سۆزگە باغلىغان.

**guruk**: [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] guruk «بۆشۈك، مەنبە؟». بەلكىم بىر خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

**gušnä**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 130 ـ، 131 ـ بەت] gouchnia ichkan (توغرىسى ichkam) «مېنىڭ قورسىقىم ئاچ (نى)» بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. ئەمما، بەزىدە يەنە gouchnia «ئاچ، كەمبەغەل، نامرات» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ (پايناپ). [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 269 ـ بەت] gušnä «بۇزۇق، ئەسكى»، يەنە äšm-güšnä «ماراش، ئوغرىلىقچە قاراش» [سۆز مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلسا «كۆزى يامان» دېگەنلىك بولىدۇ] ـ xilwa güšnä «پاناق» [سۆز مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلسا «بۇرنى بۇزۇق، ئەسكى بۇرۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.]. ياسالما سۆز [275 ـ بەت] güšnilä «كەمستمەك» (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 29 ـ بەت] güšna «قىيىنچىلىق» (پايناپ). [ئوتتو لادشىتەتتىر ، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] gušnä «ئەسكى، ناچار، ۋەھشىي» (گىربوز). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى يېڭى پارسچىدىكى gûša «بۇلۇڭ، دوقمۇش» دېگەن سۆز دەپ كۆرسەتتىدۇ، ئەمما قايىل قىلارلىق ئەمەس. بۇ سۆز يېڭى پارسچىدە كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: gušna، gošne «ئاچلىق». شۇ نۇقتىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەككى، بۇ سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق ئۆزگىرىشى ئىشەنچلىك بولۇپ، مىسال ئۇچۇن ئالساق شەرقىي ئىران تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىدىن بولغان شۇگنان تىلىدا

gurgi gušna بۇ سۆز پەقەت [1960Shugnan ـ يىلى، 147 ـ بەت] «ۋەھشىي، شەپقەتسىز، ئاچ بۆرە» دېگەن سۆز بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ.

gūšnāk: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] gūšnak «ئەسكى، ناچار بىر ئادەم» (تامئىبغىل). ئالدىنقى بىز سۆزلەپ ئۆتكەن سۆزلەردىن بۇنىڭ ياسالما شەكلى پەيدا بولغان.

güz: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 137 ـ بەت] güz «ئارپا». كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

ğibğäk : [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى،132 ـ بەت]djibdjek «قۇشقاچ» (پايناپ). بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىللاردا تارقالغان شەكلىنىڭ ئالامەتلىرى بار (čimčik, ğubğuq). مۇتەللىپ سىدىقمۇ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 141 ـ بەت] دە ğivğik «توخۇ، قۇش» (پايناپ) دەپ كۆرسەتكەن. يېڭى ئۇيغۇرچىدا [1968 Neuuigur ـ يىلى، 406 ـ بەت] čipčiq «قۇشقاچ» بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

ğiyib : [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 149 ـ بەت] ğiyib «دورا» (پايناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

γar: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] بۇ سۆز تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە بىرىكىپ كەلگەن. qoy ـ γar «ئوسۇرماق» (تامئىبغىل). سېلىشتۇرۇڭ: [Yagnob 1957 ـ يىلى، 257 ـ بەت] kun γart «ispuskat، gromkie vetry». بەلكىم يېڭى پارسچىدىكى [1930Neupers ـ يىلى، 882 ـ بەت] ـ γur «ئاغزىغا ھاۋانى سۈمۈرۈپ بۇرۇندىن چىقىرىش ئۈچۈن پۈۋلەش». [1970 Neupers ـ يىلى، 2 ـ توم، 203 ـ

بەت] zädän γar «vorčat، bormotat». [Gîläk 1980 ـ يىلى،
287 ـ بەت]γor-γor kudän «vor at».

**γänäp**: [گىربنـــارد، 1893 ـ يىلـــى، 313 ـ بەت] ghanab
«قـــوي» (كىـــرىيە). [پېللىئـــوت، 1906 ـ يىلـــى،127 ـ بەت]
ghanab «قوچقار» (پايناپ). [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ
بەت] γänäp «قـوي»، بـۇ سـۆز läxmäsi γänäp «قـوي گۆشـى»
(خوتەن) بىلەن بىللە كەلگەن. [جاۋ شـياڭرۇ، ھاشـىم تـۇردى،
1976 ـ يىلـــى، 267 ـ بەت] γänäp «قـــوي»، γänäp kiri
«قوچقـــــار» ، شـــــۇنداقلا (268 ـ، 278 ـ بەتـــــلەر) γänäpči
«چارۋىچى» (گىربوز). [شـېرىپجان قاسـىم 1981 ـ يىلـى، 6 ـ
بەت] γinäp «قوي» (گىربوز، تامئېغىل). [ئوتتو لادشـىتەتتىر،
ئانـدرىياس تىتـسى، 1986 ـ يىلـى] γanäp, γänäp «قـوي»
(گىربوز، تامئېغىل ). بـۇ سـۆز كەڭ تارقالغـان: [ئابـدال تىلـى
(Abdoltili)، 1945 ـ يىلـــــــــى، 257 ـ بەت] γanip، γanit
«baran»، [ Arapča 1945 ـ يىلـــى، 273 ـ بەت] γanam,
γanap، γanaw «baran» : [Sâsîyân1948 ـ يىلى، 265 ـ بەت]،
[Sâsîyân 1922 ـ يىلـــــى، 380 ـ بەت] anama) «قـــــوي» :
[Džugi)، 1983 ـ يىلـــــى، 126 ـ بەت] γanab، γanap، γanap
«قوزا». بـۇ سـۆزنى ئاساسـىي جەھەتـتىن ئەرەبچىـدىكى ganam
«قوي» دېگەن سۆزگە باغلاشقا بولىدۇ. پەقەت لىكوكلا بۇ سـۆزگە
كەلگەندە سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان.

**γiya**: [لىكـــــوك، 1906 ـ يىلـــــى، 223 ـ بەت] γiang
«چوجگون قوناق، سۆك» (خوتەن). لىكوك بـۇ سـۆزنى نـامەلۇم
بىر مەنبەدىن كەلگەن سۆز دەپ قارىغان. بـۇ سـۆزنىڭ خەنـزۇچە
سـۆز gaoliang «سـۆك، چوجگـون قونـاق» قـا مۇناسـىۋەتلىك
بولۇش ئېھتىمـاللىقى بولۇشـىمۇ مـۇمكىن. بـۇ سـۆز شـۇنداقلا

شـــــنجاڭدىكى ئۇيغـــــۇرلار تەرىپىـــــدىنمۇ قوللىنىلىـــــدۇ [Neuuigur1974 ـ يىلى، 256 ـ بەت].

**γildir**: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 142 ـ بەت] γildir «ئەلگەك، غەلۋىر تۆرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى» [ئۇيغۇرچىدا بۇنداق نەرسىنى بىلدۈرىدىغان بەش خىل ئىپادىلەش شەكلى بار] (پايناپ). سېلىشتۇرۇڭ: [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 127 ـ بەت]γildir «ماشىنا، ھارۋا، پويىز» ۋە γäldär «تۆگمەن»، بۇنى ئورانىسكى تاجىكچە ئېغىز تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان γildirak «چاق» تىن كەلگەن دەپ قارىغان. سىمانتىكا جەھەتتىن بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى galbûr، [Darî1978 ـ يىلى، 531 ـ بەت] γalbêl، شەرقىي ئىران تىلىدىكى [Bartang1960 ـ يىلى 114 ـ بەت] γalbir، [Jazguljam1971 ـ يىلى، 100 ـ بەت]، [Shugnan 1960 ـ يىلى، 148 ـ بەت] γalbêl، [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 201 ـ بەت]. [Yagnob1957 ـ يىلى، 256 ـ بەت] γalpil، γalpir، «rešeto»، [Wachî1976 ـ يىلى، 353 ـ بەت] γälbil، [Paschto1955 ـ يىلى، 807 ـ بەت] γalbêl «sito» شۇنداقلا يېڭى ئۇيغۇرچىدىكىγälvir بىلەن يېقىن كېلىدۇ. رەسمىي ئاڭلىنىۋاتقان دىيالېكتلاردىن دەپ قارىلىۋاتقان ئاناتولىيەدىكى دىيالېكتلىرىدا γïldïr «قول تۆگمىنى» (ئەسكى شەھەر) ۋە gildirik، gïldïrïk، gïldirik «يۇمىلاق» [شەرە ئۇچۇن] (Malatya، Artvin، Erzincan، Sivas) قاتارلىق تىل پاكىتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ [Türkiye'de halk ) DS ağzïndan derleme sözlüğü) 2039 ـ، 2076 ـ بەت]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنەkïldïrïk «يۇمىلاق» مەسىلەن: kïldïrïk masa «يۇمىلاق شىرە» (Giresun، Malatya، Erzincan، Sivas ).

kïldïrlamak «يۇمىلاقلىماق»، kïldïr mïldïr «يۇمىلاپ - يۇمىلاپ»، kildirik «يۇمىلاق، چەمبەر» (Erzincan) شۇنداقلا كۇردچە ياكى ئەرمەنچە ئەركىلەتمە قوشۇمچىلىرىدىن بولغان - ïk\ik لار قوشۇلغان شەكىللىرى ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئومۇمىي شەكلى بىزگە بۇ سۆزنى ئەرەبچە-ئىرانچە مەنبەدىن كەلگەن دېگەن قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئاساسىي مەنىسى «يۇمىلاق» بولغان، مەلۇم بىر ئېنىق بولمىغان مەنبەدىن كەلگەن سۆزگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ: [Chaladsch 1980- يىلى، 118- بەت] gildir «يۇمىلاق شەكىللىك، يۇمىلاق»، [Bo nurdi 364- بەت] γïrxïrrï «يۇمىلاق هالقا، چەمبەر [ئويۇن ئوينىغان چاغدىكى چەمبەر]»، [Gilăk 102- بەت] gilgili daan «krutit»، بۇنى يەنە لاتىنچە circulus بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

**(I) γilman**: [پېللىئوت، 1906- يىلى، 133- بەت] ghilman «بۆرۆن» (پايناپ). كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**(II) γilman**: [لىكوك، 1906 - يىلى، 223 - بەت] γïlmán «زىغىر مېيى». بۇ سۆز لىكوك تەرىپىدىن كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس دەپ كۆرسىتىلگەن.

**γissa**: [پېللىئوت، 1906- يىلى، 135- بەت] khicha «سەۋزە» (پايناپ). [لىكوك، 1906- يىلى، 223- بەت] γissa «سەۋزە» (خوتەن). بۇ سۆزنى لىكوك نامەلۇم بىر مەنبەدىن كېلىپچىققان دەپ كۆرسەتكەن. سېلىشتۇرۇڭ: تاجىكچە [Tadschik 1954- يىلى، 479- بەت] γissa «rod، sornoj travy، molodye probegi tutuvogo dereva».

**γula**: [گىرېنارد، 1893- يىلى، 314- بەت] ghoulong

«ئــۆرۈك» (كىــرىيە). [پېللىئــوت، 1906 ـ يىلــى، 128 ـ
بەت]gholang (پايناپ). [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت]
γulúng «ئۆرۈك» (خوتەن). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى،
149 ـ بەت]γula «شاپتۇل»، بۇنىڭدىن ياسالغان سۆز γula lïq
«مېۋىلىك باغ» (پايناپ). گىرېنارد، پېللىئوت ۋە لىكوك baγ
بۇ سۆزنى نامەلۇم مەنبەدىن كەلگەن دەپ كۆرسەتكەن.
[1978Darî ـ يىلى، 534 ـ بەت] γôleng، [1957Yagnob ـ
يىلى، 259 ـ بەت] γulîng، تاجىكچە γulung «ئۆرۈك».

γuya: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 270 ـ
بەت] γuja «يىپ، تالا، ئارغامچا»، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ
كەلگەن: qisla γuya «توقۇماق، ئەشمەك» (گىربوز). كېلىش
مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

hal: [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] hal
«كاسا، ئىستاكان». بىللە كەلگەن سۆز بولسا: čiz halliq
«سەندەل، ئورۇندۇق». ئەمما سۆز مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا
«كاسا قويغۇچ» دېگەن مەنىدە (پايناپ). سېلىشتۇرۇڭ:
[Džugi، 1983 ـ يىلى، 127 ـ بەت] hal «ۋوتكا».

haphap: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 128 ـ بەت] hâphâp
«تاۋۇز» (پايناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

has: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى،129 ـ بەت] has bolmaq,
has(b)olmaq «ئۆتمەك، بارماق، كەتمەك» (پايناپ).
[مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 148 ـ، 150 ـ بەت]
häs häsvol ـ , bol ـ «كەلمەك». جۈملىدە مۇنداق كەلگەن:
Sänni ğäydin häs bolγan käs? «سەن قەيەردىن كەلگەن
ئادەم؟» ۋە يەنە: Bügün biznï xaynigä Pasidin käs häsvoldi
«بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە يەكەندىن مېھمان كەلدى» شۇنداقلا يەنە

150 ـ بەتتە: häs qïl «كەلتۈر». بۇنىڭ مىسال جۈملىسى مۇنداق: Bu käslinixaynigä häs qïlduq «بىز كېسەلنىڭ ئۆيگە باشلىدۇق\كىرگۈزدۇق» (پايناپ). بۇ جۈملىلەردىكى پېئىللاردىن بولغان bol «بولماق» دېگەن رولىنى ئۆتىسە، qïl «قىلماق» دېگەن رولنى ئۆتەيدۇ.

hasa: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 149 ـ بەت] hasa «ئاموت». hasa häs «ئاموت بار» (پايناپ). isar بىلەن سېلىشتۇرۇڭ. مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

hasir: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت] hâsir «تۆگمەن» (پايناپ). پېللىئوت بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكى âsiyâ گە باغلايدۇ.

hatt: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت]etta «شەھەر» (كېرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 129 ـ بەت]

Hatta: (پايناپ). [لېكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] hátta «شەھەر» (خوتەن). [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] hatta «بازار» (گىرېوز). گىرېنارد بىلەن لېكوك بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سۆزنىڭ تارقىلىشى تۆۋەندىكىدەك: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 272 ـ بەت] otar.otor «بازار، خاتىرە كۈن، توي»: [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 133 ـ بەت] ot(t)or «بازار، بازار مەركىزى». بۇ سۆزنىڭ يەنە باشقا يەردە كۆرۈلۈشى مۇنداق: [Arapča1945 ـ يىلى، 257 ـ بەت] otar.oto «بازار، توي».

hä'inä: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] heynalé «شاپتۇل» (كېرىيە). [ لېكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] hä'inä «شاپتۇل، شاپتۇل دەرىخى» (خوتەن). گىرېنادنىڭ

قارىشىچە، بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى نامەلۇم ئىكەن. heynalé نىڭ ئاخىرقى قىسمى ئىنىقكى يېگى پارسچىدىكى âlu «ئامۇت» ئىدى. بۇ سۆز ئوخشاشمىغان شەكىللەردە بىرىكىپ كېلىدۇ (ئۇچرايدۇ). لىكوك hä'inä دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنى يېگى پارسچە ۋە تۈركچىدىكى ainâlû ناھايىتى ئېنىقكى بۇ heynalé بىلەن ئوخشاش بىر سۆز، «ئامۇتنىڭ بىر تۈرى» دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇ سۆز لۇغەتتە كۆرسىتىلمىگەن.

**häsit**: [گىربىنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] aassut, arsut «نان، بولكا» (كىرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى،127 ـ بەت] aasit (پايناپ). [لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] häsïd, häsïd «نان، بولكا»؛ [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] häsüt «ياپىلاق نان، ھەمەك نان، ئاق نان» (گىربوز). [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] häsit, häsut, häst «نان» (تامئىبغىل، گىربوز). häst شەكىلدىكى ۋارىيانتى ئۇچۇن suruq ئىچىدىكى suroγäst گە قاراڭ. بۇ سۆز كەڭ تارقالغان بولۇپ، بىرىنچى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدا ھەمىشە r بىلەن ئۇچرايدۇ. گىربىنارد بۇرۇنلا بۇ سۆزنى [گىربىنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] سىگانچە charsit «نان» دىن كەلگەن دەپ قارىغان. گىربىنارد: «بۇ سۆزنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەسى بەلكىم ھىندىچىدىكى cha «يېمەك، تاماق يېمەك» بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 256 ـ بەت] harsit «chleb»: [Arapča1945 ـ يىلى، 256 ـ بەت]، [سىگانچە (ئىران) 1921 ـ يىلى، 287 ـ بەت] harsît، harsîd، arsi، kharsît «نان»؛ [Sâsîyân1922 ـ يىلى، 380 ـ بەت] harsît: (Džugi]، 1983 ـ يىلى، 127 ـ بەت] harsit، harset، xarsit «chleb، lepeška»:

[Sogutari 1983 ـ يىلى، 182 ـ بەت] harsit «chleb»؛ [Täbär 1983 ـ يىلى، 527 ـ بەت]: härsit [Çepni 1989 ـ يىلى، 362 ـ بەت] hersit «نان». بۇ سۆز ئاساسىي جەھەتتىن مەنبەسى ئېنىق بولمىغان سۆز دەپ قارالدى. گىرىناردىنىڭ بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى ھىندىچىدىن كەلگەن دەپ قارىغاندىن باشقا يەنە ئورانىسكى [1983 ـ يىلى، 127 ـ بەت] بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئەرەبچىدىكى harîsa «bljudo iz mjasa i pšenicy: mu noj prog» باغلاپ بېقىش ئۇچۇن تىرىشىپ باققان.

häst, häs: «بار، مەۋجۇت، ھازىرقى». مەسىلەن: [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 279 ـ بەت] xanida mikä häsmu? «ئۆيدە ئۆچكە بارمۇ؟» (گىربوز). بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى häst دىن كەلگەن.

hurri: [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 269 ـ بەت] hurri «چىشى». جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: hurri γänäp «چىشى قوي، ساغلىق» (گىربوز). سېلىشتۇرۇڭ: بەلكىم [Džugi)، 1983 ـ يىلى، 127 ـ بەت] γurra «vulva، samka».

xapiš ـ: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 138 ـ بەت] khap(i)chmâq «ساقلىماق، كۈتمەك، توختىماق» (پايناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، سۆزنىڭ ياسىلىشى تۈركچە.

xïblï: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] xïblï «بورۇن» (خوتەن). لىكوك بۇنىڭغا بىر سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان. بۇ بەلكىم xilva نىڭ مىتاتىتىس شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

xilva: [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1986 ـ يىلى، 267 ـ

بەت] xilwa «بـۆرۆن»، 269 ـ بەتـتـە xilwagüsnâ «پانـاق بۆرۆن» (گـىربوز).

xisla, qisla: [ئوتتـو لادشـتـەتتـىر، ئانـدرىياس تىتـسى، 1986 ـ يىلى] xisla «قىلماق» (يارەمچى پېئىل) (گـىربـوز). تۆۋەندىكى بىرىككەن شەكىللىرى بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنى كۆرسـىتـىپ بېرىـدۇ: [جـاۋ شـياگرۇ، هاشـىم تـۇردى، 1976 ـ يىلـى، 270 ـ بەت] ـ γuya qisla «توقۇمـاق» [سـۆز مەنـىسى: يـىپ قىلمـاق]، ـ qumpa qisla «پاختـا تارىمـاق»، mija xisla «تاقىماق» [سۆز مەنىسى: قۇلـۇپ قىلمـاق]. ئۇنىڭـدىن باشـقا يەنە 275 ـ بەتتە: ـ xakta xisla «قويماق، بىر نەرسىنى (يەرگە) قويماق» [سۆز مـەنـىسـى: يـەر قىـلماق، يـەرلەشتۈرمـەك]، ـ xisla ـ raγa «يول قويماق، رۇخسەت قىلماق» [سـۆز مەنـىسى: يـولـغـا قـىلـمـاق]؛ يـاكـى يـېـڭـى پـارسـچـە: rahâ kardan «قۇيـۇۋەتمەك، بوشـاتماق، رۇخـسەت قىلمـاق، يـول قويمـاق»، atäštä qisla «كۆيـدۈرمەك» [سـۆز مەنـىسى: ئوتتـا قىلمـاق]، ـ däxni qisla «تاللىمـاق، سـايلىماق» [سـۆز مەنـىسى: ياخـشىنى قىلمـاق]، ـ xislap bol «تاماملىمـاق، تـۈگەتمەك» [سـۆز مەنـىسى: قىلىـپ بولمـاق]، ـ xislap qoj «قويماق، بوش قويۇۋەتمەك، ئورۇنلاشـتۇرماق» [سـۆز مەنـىسى: تۇرغۇزۇپ قويماق، تىكلەپ قويماق] شۇنداقلا يەنە 279 ـ بەتـتـە: badqislidi «شـامال چىقتـى» (گـىربـوز): [مۇتەللىـپ سـىدىق، 1983 ـ يىلـى، 149 ـ بەت] ـ xizla، بـۇ سـۆز جۈملـىدە مۇنـداق كەلگەن: Ähmät xayndin xizlaptivä kovliγini kätti «ئەخمەت ئۆيدىن چىقىپ ئەمگەك قىلغىلى كەتتى» (پايىناپ). بۇنىڭدىكى xisla ـ بىلەن ـ xizla نىڭ بىر ـ بىرىدىن ئـايرىم سـۆز بولـۇش ئېهتىماللىقى بار.

**xišni**: [جاۋ شىياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 275 ـ بەت] xišni «ئاشنا، دوست» (گىرېوز). يۇقىرىقى ئاپتورلار بۇ سۆزنى ئۇيغۇرچىدىكى پارسچىدىن كىرگەن سۆز ašna «تونۇش، يېقىن دوست» دېگەن سۆزنىڭ بىر ۋارىيانتى دەپ قارىغان (شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان بارتاڭ [Bartang 1960 ـ يىلى] ôšnô ، شۇگنان (1960Shugnan ـ يىلى، 196 ـ بەت) شۇنداقلا يەنە ئابداللارنىڭ تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 151 ـ بەت] پارسچىدىن كىرگەن سۆز xiš «تۇغقان» دېگەن سۆزمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. سىلىشتۇرۇڭ : [1959Ishkashim ـ يىلى، 249 ـ بەت] xeš «rodstvennik»; [1957Yagnob ـ يىلى، 358 ـ بەت] : [1960 Bartang ـ يىلى 172 ـ بەت] xiš : [1960 Shugnan ـ يىلى، 264 ـ بەت] : xeš [ Wachî 1976 ـ يىلى، 479 ـ بەت] xiš.

**xola**: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] khourlamak «يېمەك، تاماق يېمەك» (كېرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 126 ـ بەت] khourlamâq ،khourmâq ،khormâq «تاماق يېمەك ـ ئىچمەك»، ئەمما khoroumâptè âp «ئۇ يېمەپتۇ» (پايناپ)؛ [جاۋ شىياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت] xor «يە» (گىرېوز)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ، 33 ـ بەت] xola «ئىچ، يە»، ib. xolaydïγan «دورا» [سۆز مەنىسى: رەڭلىك ئىچىملىك] شۇنداقلا يەنە 33 ـ بەتتە: xolidi «ئۇ يېدى» (پايناپ). بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى xurdan ،xordan «يېمەك، يېيىش» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى r چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۈركچە بۇيرۇق پېئىل قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ خىل

ئۇيغۇرچە پېئىل قوشۇمچىسى يوق ھالەتتىكى پېئىل شەكلى xor ـ «يېمەك، ئىچمەك» (گىربوز) پېللىئوت (ئالدىنقى سۆزگە قاراڭ)، شۇنداقلا جاۋ شياگرۇ ۋە ھاشىم تۇردى [جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت]لار تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن. سېلىشتۇرۇڭ: [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 453 ـ بەت] okyôlγîden «يېمەك، باقماق» (قايىنات، شەرقىي ئىران): [Džugi)، 1983 ـ يىلى، 133 ـ بەت] ۋە [istoni 1983 ـ يىلى، 172 ـ بەت] oxol ـ «kusat، jest». بۇ سىممېت (ئەرەب؟) تىللىرىدىكى kl' دىن كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 269 ـ بەت] aklamoq، axlamoq «pit، jest». سېلىشتۇرۇڭ: [سىگانچە (ئىران) 1921 ـ يىلى، 287 ـ بەت] khoy(ـ be) «يېمەك» (نىشاپۇر). ئەينۇلارنىڭ تىلىدىكى بۇ سۆز ئېھتىمال ئىرانچە مەنبەدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

xorok: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 132 ـ بەت] khorouk «چوشقا، چوشقا گۆشى» (پايناپ). [جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] xok «چوشقا» (گىربوز): [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 151 ـ بەت] xorok «توڭگۇز» (پايناپ). بۇ سۆز بەلكىم يېڭى پارسچە، دارى تىلى ۋە تاجىكچىدىكى xûk تىن ياكى بولمىسا بۇلار بىلەن تۇغقان بولغان ئىرانىي تىللىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. سېلىشتۇرۇڭ: شەرقىي ئىران تىللىرىدىكى شۇگنان تىلى [Shugnan 1960 ـ يىلى، 270 ـ بەت] xûg «kaban، svinja»: [Yagnob 1957 ـ يىلى، 362 ـ بەت] xug. بۇ سۆزدىكى r نىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە ئىككى بوغۇملۇق بولۇپ قېلىشىنى بۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق توغرىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن

(xûk>*xurk>xorok) كېلىپچىققان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

xouläd: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] xullät «سۈت» [سوئال بەلگىسى قويۇلغان] (خوتەن)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 30 ـ بەت] xullät «قايماق». بۇ سۆز تۆۋەندىكىدەك بىرىكىپ كەلگەن: xullätni̇ roγini «قېتىقنىڭ قايمىقى» (پايناپ)؛ [ئوتتو لادىشتەتتېر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] xouläd «قېتىق» (تامئىبغىل). بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

xumγan: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت] khoumghan «چاقچۇق چۆگۈن» (پايناپ)؛ پېللىئوت بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىن كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئىزدىنىپ باققان. qumγan «چاقچۇق چۆگۈن» دېگەن بۇ سۆز تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىدا كەڭ تارقالغان (Raesanen). لېكىن يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا بۇ سۆز (پېللىئوتمۇ شۇنداق دەپ قارىغان) مىتال چۆگۈن ۋە چەينەك قاتارلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

xunuk: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 312 ـ بەت] khounouk «سوغۇق» (كېرىيە)؛ [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 125 ـ بەت] khönuk. بۇنىڭدىن ياسالغان شەكلى (138 ـ بەت): «سوغۇق بولماق» (پايناپ)؛ [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت]، xunúk «شامال» (خوتەن). بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى يېڭى پارسچىدىكى سۆز xunuk «سوغۇق». [Yagnob 1957 ـ يىلى، 362 ـ بەت] ۋە [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 250 ـ بەت] دا xi̇ni̇k. سىبلىشتۇرۇڭ: [Bonurdi 417 ـ بەت] xonok ol ـ «سوغۇق بول(ماق)».

ila، yila، hila: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] ila «تاماكا» (كېرىيە)؛ [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] hílâ

«تاماكا» (خوتەن) : [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] yila «بۇرنىغا سۇمۇرۇپ چېكىدىغان تاماكا» (تامئېغىل ). گىرېنارد ۋە لىكوك بۇ سۆزنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس دەپ كۆرسەتكەن. پېللىئوت بۇنداق سۆز پايناپتا قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس دەپ ئېنىق ئېيتقان. ئەمما بۇ سۆز كەڭ تارقالغان سۆزدەك تۇرىدۇ: [Džugi)، 1983 ـ يىلى، 127 ـ بەت] hela «vodka، evatel'nyj tabak ، aj». بۇ سۆزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن لۈلى تىلىدىكى hela «kurevo» [چېكىدىغان تاماكا، دورا، ناركوتىكا]، شۇنداقلا سوئال بەلگىسى بىلەن بېرىلگەن تاجىكچە مەنبەسى بولغان سۆز hila «سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر» نى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

isar: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] isar «ئاموت، نەشپوت» (كېرىيە). سېلىشتۇرۇڭ: hasa.

iškap: [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 29 ـ بەت] iškap «قورساق» (پايناپ). ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە يەردە iškam. بۇ سۆز يېگى پارسچىدىكى iškam «قورساق». سېلىشتۇرۇڭ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 271 ـ بەت] iškamb «ivot».

izar: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت] izâr «ئىشتان» (پايناپ) : [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت]izâr «ئىشتان» (خوتەن). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە لىكوك ئۆزىنىڭ تاپشۇرغان سۆزلۈك جەدۋىلىدە «خاتا ھالدا» بۇ سۆز izin دەپ خاتىرىلىنىپ قالغان. ناھايىتى ئېنىقكى، لىكوك بۇ سۆزنى خۇددى پېللىئوتقا ئوخشاش يېگى پارسچىدىكى [1930 ـ يىلى] izâr «ئىشتان، قىسقا ئىشتان، ئاياللارنىڭ قىسقا ئىشتىنى» بىلەن باغلاشتۇرۇپ قويغان. ئەمما izän نى نەزەردىن ساقىت

قىلىشقا بولمايدۇ.

**izän**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتتىسى، 1986 ـ يىلى] izän «ئىشتان» (گىربوز). بۇنىڭدىن باشقا يەنە izán گە قاراڭ. كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**ka**: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى] ka «گىلەم» (گىربوز)؛ [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 5 ـ بەت] ka «گىلەم» (گىربوز). كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**kalamp**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتتىسى، 1986 ـ يىلى] kalámpa «هۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم، هۆرمەتلىك كىشى» (تامئىغىل). سېلىشتۇرۇڭ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 271 ـ بەت، 256 ـ بەت] kalampo، kalonpo «mnogo، bol’šoj، staršij، načal’nik»، بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى ئىسپاتى kalanpo «načal’nik، glavnyj». بەلكىم بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى kalân «چوڭ» بىلەن pâ «پۇت» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەنىسى «يوغان پۇت» دېگەنلىك بولىدۇ.

**kalaŋğay**: «ئىدارە» [سۆز مەنىسى: يوغان جاي] (پايناپ). سېلىشتۇرۇڭ: kalampa، kalaŋpris: بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى يېڭى پارسچىدىكى kalân «چوڭ، يوغان». [Darî 1978 ـ يىلى، 587 ـ بەت]، شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان شۇگنان تىلىدا [Shugnan 1960 ـ يىلى، 160 ـ بەت] kalůn «bol’šoj»؛ [Jazguljam 1971 ـ يىلى، 122 ـ بەت] kalón «staršij، glavnyj».

**kalaŋpris**: «هۆرمەتكە سازاۋەر ئايال، خانىم» (گىربوز). بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بۆلىكى يېڭى پارسچىدىكى kalân «چوڭ» بولۇپ، بىرىنچى بۆلىكىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئېنىق ئەمەس.

سىلىشتۇرۇڭ: piris.

kägā: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 140 ـ بەت]، [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] kägā (بۇ سۆزگە چۈشەندۈرۈش بېرىلمىگەن). بۇ سۆزدىن ياسالغان سۆز kägālik «ئىشچى» (پايناپ). بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى kârgar «ئىشچى» دىن كەلگەن. (شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان شۇگنان تىلىدا [1960Shugnan ـ يىلى، 166 ـ بەت] kôrgâr («rabočij»).

kälpik: [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] kälpik «Dârôgha» (خوتەن)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى]kälpik «ئىت» (گىربوز). لىكوك 1906 ـ يىلى خاتىرىلىۋالغان مەنىسى بەلكىم ھاقارەت مەنىسى بولسا كېرەك. بۇ سۆز كەڭ تارقالغان: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 271 ـ بەت] kalpak «sobaka, svin'ja» (ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ سۆز بۇ يەردە ھاقارەت مەنىسىدە كەلگەن)؛ بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى ئىسپاتى مۇنداق: kalpak، kamnik «sobaka»؛ [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 451 ـ بەت] kalpik «بىر ئىت»؛ [1992 Sâsîyân ـ يىلى، 379 ـ بەت] kalbā «ئىت»؛ بىرىكمە جۈملە سۆزى «بۇ سۆزلەر بوگۈنكى كۆنلەردە ئاساسلىقى دەرۋىشلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ» (ئەمما، قانداق بىر شەكىلدە بۇ نۇقتا ئېنىق ئەمەس). ئورانىسكى بۇ سۆزنى يەنە [1983Kavol ـ يىلى، 172 ـ بەت] دىكى kalpak، kalpak، kamlak، kablak، kablaka «sobaka»: بۇ سۆزنىڭ لۇلى تىلىدىكى پاكىتى: kalpak. [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 124 ـ بەت] kalpak ① «sobaka» ② «milicioner» (بۇ يەردىمۇ ھاقارەت مەنىسىدە كەلگەن)؛ [istoni 172 ـ بەت]kalpak

[Magati 1986 ـ يىلى، 137 ـ بەت] kalpuk : «sobaka» «ئىت». ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ سۆز خۇددى لىكوك خاتىرىلىگەندەك ئەرەبچىدىن كەلگەن. (ئورانسكى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بۇ سۆزنى «سىمىتىك» تىلىدىن كەلگەن دېگەن. بەلكىم زاغرا تىللىرىدا كەڭ تارقالغان «ئوغرى» مەنىسىدىكى anav، ginou، ginob، ginop دىن كەلگەن بولسا كېرەك). يەنى: (قوشۇمچە) kalb + ik.

**käpil**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] käpil «كېپىنەك» (تامئىبغىل). سېلىشتۇرۇڭ: يېڭى ئۇيغۇرچە. kepinäk.

**kiri**: [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت] kiri «ئەركەك» : kiri γänäp «قوچقار\قوشقار» ؛ يېڭى پارسچىدىكى kîr «ئەركەك قىسمى، ئەركەك تەرىپى». سېلىشتۇرۇڭ: hurri.

**kolos**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] kolos «قورۇق» (تامئىبغىل). بەلكىم golos بولۇشىمۇ مۇمكىن. كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**kovla**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] ـ kala، بۇ سۆز مۇنداق شەكىلدە بىرىكىپ كەلگەن: kalang tcheman «خەت ئوقۇماق\كىتاب ئىشلىمەك» (پايناپ). روشەنكى، بۇ سۆز بولسا kolang نىڭ خاتا يېزىلىشى ئىدى. [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 148 ـ بەت] ـ kola «ئوقۇماق، ئۆگەنمەك». بۇ سۆز جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: kolavatidu čämän bätčilä «بالىلار خەت ئوقۇۋاتىدۇ» (پايناپ): [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ 33 ـ بەت] ـ kovla «ئىشلىمەك، ئوقۇماق، يادلىماق، ئوقۇماق». بۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك

بولـــۇپ كەلـــگەن ســـۆز بىرىكمىــــسى: ğay kovlaydiγan «مەكتەپ» [سۆز مەنىسى: ئوقۇش ئورنى].guyt kovlidi «ناخشا ئوقۇدى». «خەت يازدى» imän kovlidi. «ئەمگەك قىلدى». (پايىناپ). مۇتەللىپ سىدىقنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچە سۆز kardan «قىلماق» دېگەن پېئىلدىن كەلگەن، يەنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، kardan «قىلماق» پېئىلىنىڭ هازىرقى زامان شەكلى ـ kon دىن كەلگەنىكەن.

**kšum**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 126 ـ بەت] kchoum bolmâq «ئۆلۈم، ئۆلمەك». kchoum boldy «ئۇ ئۆلۈپ كەتتى» (پايىناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**kuh**: [ لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] kuh «قوشۇق» (خوتەن). لىكوكنىڭ پىكرىچە بۇ سۆزنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى مەلۇم ئەمەس ئىكەن.

**kumpa**: [ لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] kŭmpa «پاختا» (خوتەن). [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ 270 ـ بەت] kumpa «پاختا»، ـ kumpa xisla «پاختا تارىماق (بەلكىم پاختا ئاتماقتۇر ـــ ئاپتور» (گىربوز). بەلكىم pumba نىڭ ئۆزگەرگەن (بۇزۇلغان) شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

**kurka**: [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت] kurka «تاشپاقا» ۋە 269 ـ، 278 ـ بەتتە: bačča kurka «قۇمچاق» [سۆز مەنىسى: بالا پاقا]. بۇ سۆز جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: häs kurka bačča eriqta «ئېرىقتا قۇمچاق بار». سىلىشتۇرۇڭ: سىگانچە ـ ئەرەبچە [Zigeunerarabisch 1806 ـ يىلى، 187 ـ بەت] gŭrka «پاقا»: لىتمان (Littmann) نىڭ پىكرىچە، بۇ سۆز [Zigeunerarabisch 1920 ـ يىلى، 94 ـ بەت] سىگانچە ـ ئەرەبچىدىكى qurra دىن كەلگەنىكەن. ئاناتولىيەدە

2199 ـ بەت] (Türkiye'de halk ağzïndan derleme sözlüğü)DS] kurbağa ،gurka «پاقــا، چــار پاقــا» (خەســەن ئــوغلان، ئەنقەرە). بەلكىم ئىملىق سۆز بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

layа: [گىرىنــــارد، 1893 ـ يىلــــى، 312 ـ بەت] lâgher «كونا، بۇزۇق، ئەسكى». بۇنىڭدىن ياسالغان سۆز (314 ـ بەت) lagharlach «بـۇزۇپ قويـۇش، ئەسـكەرتىپ قويـۇش». مىـسال جـۈملە: Itchim lagharlachté «قورسىقىم ئـاچتى» (كېرىيە)؛ [پېللىئــوت، 1906 ـ يىلــى،125 ـ بەت] laghár «بۇزۇلمــاق، نـامرات، ئـورۇق» (پاينـاپ)؛ [ لىكـوك ، 1906 ـ يىلـى، 224 ـ بەت] lâγár، بۇ سۆز مۇنداق بىر جۈملىــدە كەلـگەن: lâγár boldí «بۇ بىر ئەسكى نەرسە بولۇپ قالـدى» (خـوتەن)؛ [جـاۋ شـياڭرۇ، هاشــىم تـۇردى، 1976 ـ يىلــى، 269 ـ بەت] laγär «ئـورۇق»، مۇنــداق بىــر ســۆز بىرىكمــىسى بولــۇپ كەلـگەن: pärmä ـ laγär «بەدەن ئايلانمــــسى، بەدەن ئەترابــى چــوڭ، ســېمىز» [ســۆز مەنىسى: سېمىز ـ ئورۇق]. ئەمما laγa «ئەقىللىـك»، بۇنىڭـدىن ياسالغان سۆز: laγalïq مەنىسى «ئەقىللىكلىـك». ئۇنىڭـدىن باشقا يەنە: pay ـ laγa «ئـايىغى چاققـان»، بـۇ سـۆز pay «پـۇت، ئايـاغ» بىـلەن laγa «ئىـشچان، ئىلـدام، دادىـل» نىـڭ ئۆزئـارا قوشۇلۇشىدىن ياسالغان (گىربوز)؛ [مۇتەللىپ سـىدىق، 1983 ـ يىلى، 145 ـ بەت] laγa «قېرى، كونـا، ناچـار، ناچـار ئەھـۋال»؛ 139 ـ بەتتە: laγa čiz «دۈشمەن» [سۆز مەنىسى: ناچـار نەرسـە] (پايناپ). ئەگەر بۇ سۆز خۇددى لىكوكنىڭ دېگىنىدەك ئوخـشاش بىـر مەنىلىـك سـۆز دەپ قارىـساق، ئـۇ هالـدا بـۇ سـۆز يېگـى پارسچىدىكى lâγar «ئورۇق» تىن ئابدالچىدىكى «بۇزۇق، ناچـار، ئىتتىك، ئەقىللىـك» دېگەنـدەك مەنە ئـۆزگىرىش ياسىغان دەپ

قاراشقا بولىدۇ.

**laŋ**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت]lâng «بىلىق» (پايناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**laŋ pay**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 129 ـ بەت] lang «ئاقساق، توكۇر». [1930Neupers ـ يىلى، 1129 ـ بەت] paï «نېپىز ياپراقچە (ئەينەك، مېتال ۋە ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ نېپىز ياپراقچىسى)». بۇنىڭغا pây «پۇت، ئاياق» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ياسالغان.

**läx**: [گېرىنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] lekh «سارالڭ، كالۋا» (كىرىيە). مەنبەسى مەلۇم ئەمەس. پېللىئوت بۇ سۆزنى پايناپتا ھېچ ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتقان. سېلىشتۇرۇڭ: [Džugi، 1983 ـ يىلى، 130 ـ بەت] teda «sumasšedšij».

**läxmä**: [گېرىنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] lakhm «ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشى، گۆش تۇرىدىكى نەرسە» (كىرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 126 ـ بەت] lakhm « ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشى، گۆش تۇرىدىكى نەرسە» (پايناپ: بۇ سۆز پايناپتا بار ئىكەن، ئەمما دائىم ئىشلىتىلمەيدىكەن.)؛ [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 224 ـ بەت] läxmä «گۆش» (خوتەن)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] lama (گىربوز). بۇ بىر كەڭ تارقالغان سۆز: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 271 ـ بەت] lahm ،lahim «mjaso»؛ [دەرۋىش ـ يارگون (Derwisch ـ Jargon)، 1928 ـ يىلى، 244 ـ بەت] lahmegi «گۆش، ئەت»؛ [1983Kavol ـ يىلى، 85 ـ بەت] lomaki «mjaso». بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى lahma «بىر پارچە گۆش» دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

**lăŋ**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت] lăng «ئاق،

ئاق رەڭ» (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 140 ـ بەت] läŋ av «سۇلۇق»؛ بۇ سۆز ئابداللارنىڭ تىلىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولسا كىرەك (پايناپ). [سۆز مەنىسى: ئاق رەڭلىك سۇ]. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆز «ئاقسۇ» دېگەن نامنىڭ تەرجىمىسى. län «ئاق» دېگەن سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

lip: [گېرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] ilip «كىگىز، يۇڭدىن توقۇلغان نەرسىلەر» (كىرىيە)؛ [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 260 ـ، 268 ـ بەت] lip ـ ilik «كىگىزچىلىك، يۇڭ توقۇمىچىلىق» (گىربوز)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] lip «كىگىز، يۇڭ گىلەم» (گىربوز). پېللىئوتنىڭ دېيىشىچە، پايناپتىكى كىشىلەر بۇ سۆزنى بىلمەيدىكەن. بۇ بىر كەڭ تارقالغان سۆز بولۇپ، بىر بولسا ئەرەبچىدىكى lîf «تالا، يىپ، دەرەخنىڭ قوۋزىقى» دېگەن سۆزدىن پارسچە ۋە تاجىكچە lîf «چوتكا، يۇڭ چوتكا، يۇڭ قەلەم، يۇڭدىن ياسالغان سۈپۈرگە» ([Jazguljam 1971 ـ يىلى، 147 ـ بەت] lif «močalka iz travy» (ئارقىلىق ئابداللارنىڭ تىلىغا كىرگەن ياكى بولمىسا خۇددى ئورانىسكى ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك (1983 ـ يىلى 85 ـ بەت)، ئەرەبچە ـ پارسچىدىكى lihâf «يوتقان كىرلىكى، داستىخان، كارىۋاتقا قويۇلغان يۇمشاق كەڭ ياپقۇ» دىن كىرگەن. ([Ishkashim 1959 ـ يىلى، 213 ـ بەت] lêf «يوتقان ـ كۆرپىلىك، كارىۋات ياپقۇچى ياكى بولمىسا كىرلىك»؛ [Shugnan 1960 ـ يىلى، 170 ـ بەت] lêf «postel، odejalo»؛ [Kavol 1983 ـ يىلى، 85 ـ بەت] lep، lef «steganoe vatnoe odejalo». بۇ سۆزنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى:

istoni] 173 ـ بەت].
loxän: [لېكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] lôxän «ياشانغان كىشى، قېرى كىشى» (خوتەن). لېكوك بۇ سۆزنى خەنزۇچىدىن كەلگەن دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بولسا خەنزۇ تىلىدىكى lao han «قېرى ئادەم، ياشانغان كىشى».
lom: [گېربنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] lôm «خەنزۇ» (كېرىيە)؛ [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 130 ـ بەت] (پايناپ)؛ [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 224 ـ بەت] lôm «خەنزۇ» (خوتەن)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 140 ـ بەت] lum «خەنزۇ» (پايناپ)؛ [ئوتتو لادشتەتتېر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] lom «خەنزۇ»، بۇنىڭدىن ياسالغان سۆز: lomča «خەنزۇ تىلى» (تامئېغىل، گىرىبوز). سېلىشتۇرۇڭ: [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 131 ـ بەت] l'um، lum «len gruppy par'ja» (پاريا دېگەن كىشىلەر توپىغا مەنسۇپ بولغانلار). بۇ سۆز يەنە باشقا يەرلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز ئاساسىي جەھەتتىن مەنبەسى ئېنىق بولمىغان سۆز دەپ قارالغان. پەقەت ئورانسكى بۇ rom «muščina» دېگەندىن كەلگەن دەپ، بۇ سۆزنى مۇنازىرىگە قويىدۇ.
mačal: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 150 ـ بەت] av mačal «سۇيۇقئاش» :sipit mačal «پولۇ». سېلىشتۇرۇڭ: [دەرۋىش ـ يارگون (Derwisch ـ Jargon)، 1928 ـ يىلى، 245 ـ بەت] machal «ماي، ياغ». بۇ سۆزنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى بېرىلمىگەن.
matla: [گېربنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] mât ـ lamaq «ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق» (كېرىيە)؛ [لېكوك، 1906 ـ يىلى،

224 ـ بەت] mätläp ـ dur «ئۇ ئۆلۈپ كەتتى» (خوتەن)؛ [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 268 ـ بەت] mätläm «ئۆلۈم»، mätlän ilik «قاسساپلىق» (گىربوز)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] mätlä: «ئۆلتۈرمەك» (تامئىغىل، گىربوز)؛ بۇ سۆزنىڭ تارقىلىشى كەڭ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 256 ـ، 272 ـ بەت] met «smert، mertvec، mërtvyj، pokojnik». بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى پاكىتى: metidan «umirat، svoeju smert'ju» : [Kavol 1983 ـ يىلى، 85 ـ بەت] šud met «umirat»، ku(n) met «udarjat، drat'sja، tolo» : [Džugi. 1983 ـ يىلى، 124 ـ بەت] ـ metis(i)j «umirat» : [istoni 1983 ـ يىلى، 173 ـ بەت] ـ majtid «umirat» : maytund ـ «ubivat» [سىگانچە(ئىران)، 1902 ـ يىلى، 347 ـ بەت]، mayti «ئۆلمەك»، maytundan «ئۆلتۈرمەك» : [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 452 ـ بەت] meyti(den) «ئۆلمەك» : [Sâsîyân1992 ـ يىلى، 381 ـ بەت] majt «ئۆلۈك، ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل» : [Zigeunerarabisch1920 ـ يىلى، 104 ـ بەت] mayti «ئۆلتۈرمەك» : [Täbär1983 ـ يىلى] mätan ـet، mätländir «ئۆلتۈرمەك، ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەك، ئىتىۋەتمەك» : [Acar1985 ـ يىلى] metlen ـ dur «قورال بىلەن ئۆلتۈرمەك»، metlen «ئۆلمەك»، metlet «ئۆلتۈرمەك». بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئەرەبچىدىكى mait «ئۆلۈم، قاتىل».

mäyzap: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] meyzap «ئۇزۇمدىن ئىشلەنگەن هاراق» (گىربوز). بۇ سۆزنىڭ تەركىبىدە z تاۋۇشى بولمىغان شەكلى كەڭ تارقالغان: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 245 ـ، 272 ـ

بەت] mayob «vino، voda». بۇ سۆزنىڭ تىل پاكىتلىرى
ئابدالچىدا ئۇچرايدۇ. [(Džugi)، 1983 ـ يىلى، 131 ـ بەت]
mayob، mayor mayo «voda، čaj»: بۇ سۆزدىن ھاسىل
بولغان ياسالما سۆزلىرى ۋە باشقا تىللاردا ئۇچرايدىغان
شەكىللىرى: [istoni 1983 ـ يىلى، 173 ـ بەت] madau،
madow «voda». يەنە باشقا تىللاردىكى ئىپادىلىنىشى:
[Sogutari 1983 ـ يىلى، 182 ـ بەت] mayob «voda، čaj»؛
بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ياسالما سۆز: mayobé «ajnik»؛
[سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 452 ـ بەت] monew، pônew
«سۇ»؛ [سىگانچە (ئىران) 1921 ـ يىلى، 288 ـ بەت] punew،
panew، punow «سۇ». بۇنىڭدىن باشقا يەنە: [ئابدال تىلى
(Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت] puni، ponu «voda،
čaj». بۇ سىگانچە سۆزنىڭ باشقا تارقالغان پاكىتلىرى،
مەسىلەن: [1893Luli ـ يىلى، 308 ـ بەت] pâni «سۇ»؛
[سىگانچە (ئىران) 1902 ـ يىلى، 348 ـ بەت] ponú «سۇ»
(350 ـ بەت: < ھىندىچە pâni)، [Zigeun 1870 ـ يىلى،
105 ـ بەت] pani. گەرچە بۇ تۆردىكى سۆزلەرگە مەنسۇپ
بولمىغان شەكىللىرىدىن شەرقىي ئىران تىللىرىدىكى
[Shugnan 1960 ـ يىلى، 209 ـ بەت] pûnô «ispol، zovannaja
voda، osatok vody posle orošenija verchnego polja»
دېگەن سۆز بار بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنى ئوخشاشمايدىغان
ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى سۆز دەپ قاراش كېرەك. بۇ
سۆزنىڭ mayob قاتارلىق ۋارىيانتلىرى تىروسكايا ۋە ئورانىسكى
تەرىپىدىن ئەرەبچە mâ «سۇ» ۋە يېڭى پارسچىدىكى âb «سۇ»
دېگەن سۆزدىن كېلىپچىققان دەپ ئىزاھلاندى (ئەمما، بۇ سۆزگە
يەنىلا سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان). بۇ سۆز يەنە

ئاناتولىيەدىكى تىللاردىمۇ ئۇچرايدۇ: [Täbär] چەدە: mayaf «قەھۋە» [Tsakyroghlou 1891 - يىلى]؛ [Çepni 1989 - يىلى] moya «سۈت»، moy «سۇ، يامغۇر»: [ [Träne?] moyamak «يىغلىماق». بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئېنىق ئەمەس. بۇ سۆز بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**mičala**: [گىرېنارد، 1893 - يىلى، 314 - بەت] micala «ئاسمان، ھاۋا» (كىرىيە). پېللىئوتنىڭ پىكرىچە [پېللىئوت، 1906 - يىلى، 129 - بەت] بۇ سۆز پايناپتا مەلۇم ئەمەسكەن (پايناپتا قوللىنىلمايدىكەن). كېلىپچىقىشى نامەلۇم.

**mikä**: [جاق شىياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 - يىلى، 267 - بەت] mikä «ئۆچكە\ئۆشكە». بۇ سۆزنىڭ مىسال جۈملىسى (279 - بەت): xanida mikä häsmu «ئۆيدە ئۆچكە\ئۆشكە بارمۇ؟» (گىربوز).

**mizaq**: [لىكوك، 1906 - يىلى، 224 - بەت] mîrzáq «موللا، مۇللام» (زىيالىي، مەلۇماتلىق كىشى) (خوتەن): [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 - يىلى، 140 -، 141 - بەت] mizaq «ئۇيغۇرلار، مۇسۇلمان، موللا». بۇ سۆز بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بىرىكمە: kalaŋ mizaq ğey «ئابداللار قەشقەر شەھىرىنى مۇشۇنداق ئاتىغان» [سۆز مەنىسى: چوڭ موللىلار (زىيالىيلار بار شەھەر\جاي)، mizaq lum «مۇسۇلمان خەنزۇلار [بەلكىم خۇيزۇلار بولۇشى مۇمكىن]» (پايناپ). پېللىئوتنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى mîrzâ «شاھزادە» دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. سېلىشتۇرۇڭ: [Shugnan 1960 - يىلى، 179 - بەت] mîrzô «ئوغۇل» «pisec، deloprozvoditel».

miyaŋ (I): [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 224 ـ بەت] mîáng «مۈشۈك» (خوتەن)؛ [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 269 ـ بەت] miyan «مۈشۈك». Miyaŋ ـ däk «مۈشۈكتەك، مۈشۈككە ئوخشاش» (گىربوز)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] miyaŋ «مۈشۈك» (گىربوز). ئىملىق سۆز. سېلىشتۇرۇڭ : يېڭى ئۇيغۇرچە [1968 Neuuigur ـ يىلى، 728 ـ بەت] miyaŋlimaq «مىياڭلىماق».

miyaŋ (II): [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى،1976 ـ يىلى] ـ miya xisla «قۇلۇپلىماق، ئەتمەك، سولىماق» (گىربوز)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] miyaŋ «قۇلۇپ» (گىربوز). كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

mourgh: «قۇش، ئۆي قۇشلىرى» (كېرىيە)؛ [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 124 ـ بەت] mourough «خوراز» (پايناپ)؛ [لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 224 ـ بەت] murx «توخۇ» (خوتەن)؛ [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] muxa «توخۇ، مېكىيان» (گىربوز)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 29 ـ بەت] muruk «توخۇ، قۇش» (پايناپ). بۇ سۆزنىڭ muxa شەكلىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. باشقىلىرى بولسا يېڭى پارسچىدىكى murγ «قۇش» ۋە تاجىكچە «قۇش، مېكىيان» دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

nadax: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 146 ـ بەت] nadax «توۋلاش، ھۆركىرەش، قاۋاش، ۋارقىراش، گۈلدۈرلەش»؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «باتۇر، نوچى، قەھرىمان، پاراسەتلىك، كۈچلۈك» دېگەن مەنىسىمۇ بار. بۇ سۆزدىن ياسالغان بىرىكمە سۆز: nadax nigalidi «يامان كۆردى» (پايناپ). بۇ سۆزنىڭ

ئىككى خىل ئېتىمولوگىيەلىك مەنبەسى بار دەپ قارىغىلى بولىدۇ. مۇتەللىپ سىدىق تەرپىدىن كۆرسىتىلگەن ئېتىمولوگىيەلىك مەنبەسى بولسا يېڭى پارسچىدىكى nidâ «تووۋلىماق، توۋلىماق، ھايۋاننىڭ چىقارغان ئاۋازى، ناخشا ئاۋازى» بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى مەنىسىگە ماس كېلىدۇ. بۇ سۆزگە ماس كېلىدىغان ئىككىنچى مەنىسى بولسا بەلكىم [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 272 ـ بەت] «peč ،prokaza» nadax، [سىگانچە (ئىران) 1902 ـ يىلى، 346 ـ بەت] nádakh «يامان، ئەسكى» : [1983Kavol ـ يىلى، 85 ـ بەت] nodak «vrednyj ،plochoj» : [Džugi]، 1983 ـ يىلى، 132 ـ بەت] nodax «nexorošij ،nepravil» لار بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئىككىنچى مەنىسى بولسا no dax «ياخشى ئەمەس» دېگەندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

nigala: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 124 ـ بەت] negalamâq «كۆرمەك، تېزىمغا ئالدۇرماق»، 139 ـ بەتتە: negalamâq «مەشىق قىلماق، تەربىيەلىمەك» (پايناپ): [جاۋ شياگرۇ \ ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 274 ـ، 277 ـ بەت] ـ nigarla «كۆرمەك» : بۇ سۆز بىلەن كەلگەن بىرىكمە سۆز: ـ nigalap qal «ئۇچرىماق، كۆرۈشۈپ قالماق» (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى] ـ niga «قارىماق»، 144 ـ بەتتە: ـ nigala بۇ سۆز مۇنداق شەكىلدە كەلگەن: nigalidi «قارىدى» : 145 ـ بەتتە: nurčiz nigalandi «يۇلتۇز كۆرۈندى» (پايناپ). ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكىnigâh «نەزەر، قاراش، باقماق» تىن كەلگەن. شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان شۇگنان تىلىدا [1960 Shugnan ـ يىلى، 187 ـ بەت] nigô «prismotr ،nabljudenie ،vzgljad».

شــېرىپجان قاســـم [1981 ـ يىلــى] بــۇ ســـۆزنى يېـــگى پارسچىدىكى nigâr «مـەھـبـۇبـە» دىـن كەلـگـەن دەپ قارىغـان. سىلىشتۇرۇڭ: ـ ärgala.

**nis، nist:** [گىرىنارد، 1893 ـ يىلى، 312 ـ بەت] nîst «ئۇ بۇ يەردە ئەمەس\ يـوق» (پاينـاپ)؛ [پېللىئـوت، 1906 ـ يىلـى، 124 ـ بەت]nis «پاينــاپ)؛ [جــاۋ شــياگرۇ، هاشــىم تــۇردى، 1976 ـ يىلـــى، 262 ـ بەت] nist، nis «يــوق، ئەمەس». يەنە 275 ـ بەتــتە بــۇ ســۆزدىن ياســالغان ســۆز ئۇچرايــدۇ: ـ nisla «يوقاتماق، يىتتۈرمەك». شۇنداقلا يەنە: ـ nisla radin «يولدىن ئېزىپ قالماق، يولنى يوقىتىپ قويماق» (گىرىبوز). بـۇ سـۆز يېڭى پارسچىدىكىnîst «يوق، مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن سـۆزدىن كەلگەن. سىلىشتۇرۇڭ : [Rushan 1959 ـ يىلـى، 215 ـ بەت] čigôw nest «uni to at»؛ [Bartang 1960 ـ يىلـى 135 ـ بەت]: ســـارىكولچە [Sarikol1971 ـ يىلـــى، 114 ـ بەت] nist čäyg(äw)، [Shugnan 1960 ـ يىلــــــــى، 186 ـ بەت] nest čîdôw.

**nor:** [پېللىئوت، 1906 ـ يىلـى، 129 ـ بەت] nour، nouri «ئەمـا، كـور» (پاينـاپ)؛ [مۇتەللـىپ سـىدىق، 1983 ـ يىلـى، 149 ـ بەت] binur، بۇ سۆز تۆۋەندىكىدەك بىرىكىپ كەلگەن: yäk binuri čäšmä «بىــر كــۆزى قــارىغۇ» (پاينــاپ)؛ [ئوتتــو لادشــىتەتتىر، ئانــدرىياس تىتــسى، 1986 ـ يىلـى] nor «كـور، ئەما» (گىرىبوز). پېللىئوت بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكىnûr ـ bî «يورۇقــسىز، يــورۇقى يــوق» دېــگەن سـۆزگە باغلايـدۇ. (شـەرقىي ئىران تىلىدىكى [Jazguljam1971 ـ يىلـى، 41 ـ بەت] bi ـ núr «nevyrazitel’nyj، bessvetnyj»). مۇتەللــىپ ســىدىق binur دېــگەن سـۆز ئـارقىلىق يـۇقىرىقى كۆزقاراشـنى قوللىغـان. بـۇ

سۆزنىڭ تارقىلىشى تۆۋەندىكىدەك: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 272 ـ بەت] nuhur «slepoj» : [Sogutari 1983 ـ يىلى، 182 ـ بەت]. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ سۆز يەنە مۇنداق مەنىدىمۇ كەلگەن: [Džugi)، 1983 ـ يىلى]: 1. nuhur، nuhůr؛ 2. «glaz»؛ 3. «kamešek v kol'ce»؛ 4. slepoj، brovi. شۇنداقلا لۇلى [Luli] سىگانچىسىدا، 1. nuhůr؛ 2. «glaz»؛ 3. «slepoj» [istoni 1983 ـ يىلى، 174 ـ بەت] nuruki «glaz». بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتتىكى مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ: [سىگانچە Zigeun (ئىران) 1902 ـ يىلى، 345 ـ بەت] nuhůr «كۆز». [سىگانچە (ئىران) 1914 ـ يىلى، 452 ـ بەت] nuhu(r) «كۆز»: [Sâsîyân 1922 ـ يىلى، 380 ـ بەت] nûr «كۆز». (ئىۋانوف بۇ سۆز دەرۋىش ۋە سىگانلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان سۆز دەپ ئېيتىدۇ). بۇنىڭدىن باشقا يەنە: [istoni 1983 ـ يىلى، 174 ـ بەت]nuruki «glaz» : [Zigeunerarabisch 1920 ـ يىلى، 106 ـ بەت] ۋە لۇلى [Luli 1893 ـ يىلى، 308 ـ بەت] تىلىدا Noughour «كۆز».

noš، nůš: [پېلىئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] noch «پىياز». [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] دىمۇ ئوخشاش.

nûš: «پىياز» (خوتەن): [جاۋ شياگرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت] nüš «پىياز» (گىربوز). شەرقىي ئىران تىللىرىدا بۇ سۆز nûš، nôš بولۇپ، مەنىسى «ئۆرۈك» بولىدۇ. ([Rushan 1959 ـ يىلى، 219 ـ بەت]، [Bartang 1960 ـ يىلى 137 ـ بەت]، [Shugnan 1960 ـ يىلى، 191 ـ

بەت]، ساربکولچە [Sarikol 1971 ـ يىلى، 116 ـ بەت].

östi: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] östi «هوسۇل». مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

parok: [گىرىنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت]parok «كور، ئەما» (كىرىيە). پېللىئوت [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 129 ـ بەت] بۇ سۆز پايناپتا مەلۇم بولمىغان سۆز دەيدۇ. كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

pasa: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] pâsa «پوقاق» (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 140 ـ بەت] pasa «پوقاق». بۇ سۆز مۇنداق بىرىكمە كەلگەن: pasa ğey «پوقاقلار ماكانى، پوقاقلار يېرى». ئابداللار يەكەننى مۇشۇنداق ئاتايدىكەن.

pämäk: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 128 ـ بەت] pa(r)mak «شاپتۇل» (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 149 ـ بەت]pämäk «شاپتۇل» (پايناپ). مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

pärmä: [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى 269 ـ بەت] pärmä «ياغ، سېمىز»، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكمە كەلگەن: pärmä ـ laγar «بەدەن ئەتراپ، بەدەن سىغىمى، بەدەن چوڭ، سېمىز» (گىربوز). [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 30 ـ بەت] fämä «سېمىز» (پايناپ). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكى farbih دىن كېلىپچىققان دەپ قارىغان. سېلىشتۇرۇڭ: شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان Shugnan] ،farbíh: چىدا] 251 ـ بەت] [Yagnob 1957 ـ يىلى، 1960 ـ يىلى، 140 ـ بەت] farbí، [Jazguljam 1971 ـ يىلى]، [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 198 ـ بەت]، [Rushan 1959 ـ

يىلى، 176 ـ بەت] ۋە ساربكولچە [Sarikol 1971 ـ يىلى، 61 ـ بەت] چىدە farbé.

**päšmur**: [لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] päšmúr «يۇڭ» (خوتەن). لىكوك بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكى päšm دىن كەلگەن دەپ قارىغان، ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەھلىل قىلغاندا سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان.

**päylä**: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 275 ـ بەت] päylän، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: däst ـ päyläŋ «ناكار، مەجرۇھ» (گىربوز). بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى pây «پۇت» بىلەن lang «ئاقساق، مەجرۇھ» نىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. سېلىشتۇرۇڭ : pay laŋ.

**pikä**: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 269 ـ بەت] pikä «ئۇستىرا». سېلىشتۇرۇڭ: [Darî1978 ـ يىلى، 147 ـ بەت] pâkî، پۇشتۇچە [Paschto1955 ـ يىلى، 59 ـ بەت] pâkí ، تاجىكچە [Tadschik1954 ـ يىلى، 310 ـ بەت] pokú ، [Yagnob1957 ـ يىلى، 308 ـ بەت] pokí «britva».

**pilaγa**: [گىربنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] pilagha «ئاقساق، تۇرغۇن ئەمەس» (كېرىيە). لىكوكنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز پايناپتا ئۇچرىمايدىكەن. بۇ سۆزنى pay lañ مەنىسىدە كەلگەن päylañ دېگەن سۆزنىڭ خاتا ئاڭلانغان شەكلى بولسا كېرەك دەپ قارىساق بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

**piris، pirs**: [لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت]pirs «موماي، ياشانغان ئايال» (خوتەن)؛ [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت] piris «قېرى، ياشانغان»، 268 ـ بەتتە بۇ سۆزدىن ياسالغان سۆز بار: pirisla «مەنىسى

ئېنىق ئەمەس» [ئەسلىي ئەسەردە بۇ يەرگە سوئال بەلگىسى قويۇلغان] (گىربوز)؛ [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 5 ـ بەت] pirs käs «چال، ياشانغان كىشى» (گىربوز، تامئېغىل). بۇنىڭدىكى käs نىڭ مەنىسى «كىشى، ئادەم» بولىدۇ. [ئوتتو لادشتەتتېر، ئاندرياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] pris «قېرى، ياشانغان ئادەم، ياشانغانلار» (گىربوز). يەنە قارالڭ: kälänpris، بۇنىڭدىكى pîr دېگەن سۆز يېڭى پارسچىدىكى «قېرى، ياشانغان» مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ، ئەمما بۇ سۆز ئىچىدىكى s نى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بەلكىم بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى pîzar «قېرى ئادەم»، pîrzan «قېرى ئايال» دېگەندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟.

**pisä**: [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 260 ـ، 271 ـ بەت] pisä «ھەمراھ، يولداش» (گىربوز). ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكىpisar «ئوغۇل، ئۆسمۈر، كىچىك بالا، كىچىك بالىلار» دىن ياسالغان سۆز.

**pumba**: [پېلىئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] poumbah «پاختا» (پايناپ). پېلىئوتنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى pounbah (توغرىسى panba) دىن كەلگەنىكەن. بۇ سۆزنى يەنە kumpa بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

**qäriš، qärš**: [پېلىئوت، 1906 ـ يىلى، 136 ـ بەت] qarich «ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىرتاق». تۆۋەندىكىدەك بىرىكىپ كەلگەن: âp \âv qarich «تۇز، شور، تۇز سۈيى» ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىرتاق (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 142 ـ بەت] qäriš «تۇز، شور»، 151 ـ بەتتە بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: qäršγulä «غەنۇيلا» [سۆز مەنىسى: تۇزلۇق

ياكى ئاچچىق ئۆرۈك]. شۇنداقلا يەنە [مۇتەللىپ سىدىق، 1985-يىلى، 30-بەت] qärš «تۈز» (پايناپ). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى qahr «كۈچ، زوراۋانلىق، مەجبۇر» دىن كېلىپچىققان دېگەن. بۇ سۆز يېڭى پارسچىدا بولسا qahrî مەنىسى بولسا «بىرىنى جازالايدىغان ھوقۇقتا ئىگە بولماق، ئۆچ ئالماق، ئۆزىنى ئاقلىماق» دېگەن بولىدۇ.

**qelï**: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983-يىلى، 148-، 149-بەت] qelï «بازار». بۇ سۆز جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: hazir qelï däxšip kätti «ھازىر بازار ئاۋاتلىشىپ كەتتى»، qelïdä här xil čizlar bisyarkän «بازاردا ھەر خىل ماللار كۆپكەن». بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**qinap**: [پېللىئوت، 1906-يىلى، 137-بەت] qinâp «قىيىن، تەس» (پايناپ). پېللىئوت بۇ سۆزنى يېڭى ئۇيغۇرچىدىكى qïyïn دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرغان، ئەمما ئۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئېھتىمالى ئاز.

**quy**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986-يىلى] quy «قۇرۇق، بوش»، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: iškan quy «ئاچ» [سۆز مەنىسى: ئاشقازىنى قۇرۇق، بوش، قورسىقى بوش، قورسىقى قۇرۇق] (گىربوز). سېلىشتۇرۇڭ: [Radloff W·B 2-توم، 887-بەت] quy «ئۆڭكۈر» (جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى ھەر خىل تىللار).

**rakäštä**: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983-يىلى، 151-بەت] rakäštä «ئېشەك ھارۋىسى» (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985-يىلى، 31-بەت] rah-käštä. بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى râh «يول، كوچا» بىلەن gäštä «قايتىش، قايتىپ كېلىش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن كېلىپچىققان.

سىلىشتۇرۇلۇق: [Zigeunerarabisch1806 ـ يىلى، 185 ـ بەت] hrátik ـ káschta «ساپان»، بۇ سۆز لىتمان [Littmann] تەرىپىدىن [Zigeunerarabisch1920 ـ يىلى، 60 ـ بەت] h(i)rátik ـ ášta، بۇنىڭ مەنىسى «بىر دانە ساپان» دېگەننى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. (بۇ سۆز ساپان دېگەن سۆزدىن پەرەز قىلىش ئاساسىدا كېلىپچىققان).

rasah: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 124 ـ بەت]rasah «تاز، چېچى يوق» (پايناپ). بۇ سۆزنى [سىگانچە (ئىران) 1902 ـ يىلى] دىكى rasah «باش» [ئەرەبچە ra's] بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

räval: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 141 ـ بەت] Räval «ئۆزبېك» (پايناپ). مۇتەللىپ سىدىقنىڭ دېيىشىچە، بۇ سۆز rahä bäl «ئوتتۇرا يول، ئوتتۇر يول» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەن.

rïγ: [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] rïγ «شامدان، چىراغدان، شام» (خوتەن)؛ [جاۋ شىياڭرۇ \ هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 262 ـ بەت] riγ «لامپا» (گىربوز). لىكوكنىڭ پىكرىچە بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

riška: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 124 ـ بەت] richka «چاچ، ساقال» (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 29 ـ بەت] riška، بۇ سۆز يەنە مۇنداقمۇ بىرىكىپ كەلگەن: riškä kalaŋ «ساقال» (پايناپ). پېللىئوتنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز ئەرەبچە ـ پارسچىدىكى rîš «ساقال) دېگەن سۆزدىن كەلگەنىكەن. [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 230 ـ بەت] riš «ساقال»؛ [Yagnob 1957 ـ يىلى، 313 ـ بەت] riš, rišha «boroda»، بۇ سۆز سوغدىچە ryškh دىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ

ئەرەبچە riš دىن تۆرلەنگەن ھېچقانداق ياسالما سۆزى يوق.

ـ rzidla: [گىرىنـــــــارد، 1893 ـ يىلـــــــى، 314 ـ بەت] rzidlamaq «بارماق، ماڭماق»، بۇ سۆزنىڭ مۇنداق بىرىككەن شەكلى ئۇچرايدۇ: rzidlamen «مەن ماڭىمەن». پېللىئوتنىڭ پىكىرىچە، بۇ سۆز [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 129 ـ بەت] پايناپتا ئۇچرىمايدىكەن\بۇ سۆز پايناپتا مەلۇم ئەمەس ئىكەن.

sadlïq: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 134 ـ بەت] sadliq «ئاتنىڭ يوگىنى». بۇ سۆزنىڭ مىسال جۈملىسى مۇنداق كەلگەن: Aspineng sadlip gilang «ئاتنىڭ يوگىننى ئېلىپ كېلىڭ!» (پايناپ). بۇ سۆز بەلكىم يېڭى پارسچىدىكى sar «باش» دېگەن سۆزگە ئۇيغۇرچە ئىسىم ياسىغۇچى شەكىل līq ـ نىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سۆز مەنىسى: باشقا مەنسۇپ بولغان نەرسە.

sar: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 131 ـ بەت] بۇ سۆزنىڭ بىرىكىشى مۇنداق: ichkam sar «مېنىڭ قورسىقىم ئەزەلدىن توق» (پايناپ). [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت] iškam sar boldi «مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى\ مېنىڭ قورسىقىم تويدى» (خوتەن). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 138 ـ 150 ـ بەت] sä «توق، تويماق». بەتتە بۇنىڭدىن ياسالغان سۆز: sälän «توق بولماق، تويماق». جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: iškam sälängänin keyin «قورساق تويغاندىن كېيىن» (پايناپ). بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى sīr «توق» تىن كەلگەن. شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 233 ـ بەت] دە sir، [Yagnob1957 ـ يىلـــــــى، 321 ـ بەت] ۋە [Bartang 1960 ـ يىلـــى] دە sīr، [Shugnan 1960 ـ يىلـــى، 227 ـ بەت] دەsêr.

**sayman**: [جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 265 ـ بەت] sayman «سايمان، خىزمەت قورالى» (گىربوز). بۇ سۆز پەقەتلا ئابداللارغا خاس بولغان سۆز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېڭى ئۇيغۇرچىدىمۇ «سايمان» دەپ قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى sâyabân دىن كەلگەن ياكى بولمىسا پارسچىدىكى (خوراسان) saimband «تانا، ئارغامچا، قوشقا قاتىدىغان ئۆكۈزنىڭ بوينىدىن باغلىماق» [Neupers 1966 ـ يىلى، 262 ـ بەت] دىن كەلگەن.

**säx**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] säx «ئىشىك، دەرۋازا» (گىربوز). بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**säŋ**: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 138 ـ بەت]، [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 32 ـ بەت] sä «چاممالچالما؟». بۇ سۆز 31 ـ بەتتە مۇنداق كەلگەن: seŋi bar gosfän «قوشقار\ قوچقار» [سۆز مەنىسى: پىچىۋېتىلمىگەن قوي] (يەنى چالمىسى\چاممىسى بار بولغان) (پايناپ). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكى sang «تاش» دېگەن سۆزنىڭ باشقا بىر مەنىسىدىن قوبۇل قىلىنغان دەپ قارىغان.

**säŋğit**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 135 ـ بەت] sendjit «زەيتۇن» (پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 139 ـ بەت] ğigdä «جىگدە». بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: bäla eynïn säŋğiti «خورما» [سۆز مەنىسى: جەننەتنىڭ جىگدىسى] (پايناپ). بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى [Neupers 1970 ـ يىلى، II ـ توم، 59 ـ بەت] säŋğäd «loch» دىن كەلگەن. [Giläk 1980 ـ يىلى، 221 ـ بەت]

sun äd «dzhida, loch»: [Darî 1978 ـ يىلى، 458 ـ
بەت] sanğed، [Paschto 1950 ـ يىلى، 327 ـ بەت] sandžála
«sandžid» (رۇس تىلىدىمۇ ئوخشاش): [Wachî 1976 ـ يىلى،
455 ـ بەت] sängit. كاپىر تىللىرىدىن بولغان پىراسۇن
تىلىدا [Prasun 1949 ـ يىلى، 270 ـ بەت] sängî، ۋايگالى
تىلىدا [Waigali 1954 ـ يىلى] singi «Eleagnus».

**säp**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 126 ـ بەت] sap «ئالما»
(پايناپ): [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 30 ـ بەت] säp
«ئالما» (پايناپ). سېلىشتۇرۇڭ: [Yagnob 1957 ـ يىلى،
320 ـ بەت] seb، sib «jabloko». بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ سۆز
گىرېنارد كۆرسەتكەن [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] sibit
دېگەن سۆزنىڭ سۆز تومۇرى بولغان sîb بىلەن تېخىمۇ يېقىن
كېلىدۇ.

**säpči**: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] sepké
«تاۋۇز» (كېرىيە): [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 124 ـ بەت]
«قوغۇن، تاۋۇز» (پايناپ): [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ
بەت] säpči «قوغۇن» (خوتەن): [ئوتتو لادىشتەتتېر،
ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] **äpči**: (تامئىغىل)، säpči
(گىربوز) «قوغۇن، تاۋۇز». گىرېنارد ۋە پېللىئوتنىڭ پىكرىگە
ئاساسلانغاندا، بۇ سۆز نامەلۇم بىر مەنبەدىن كەلگەنىكەن.
لىكوك يېڭى پارسچىدىكى [1930 ـ يىلى] sâfîsak «سويما،
كىچىك قوغۇن» دېگەن سۆزنى säpči نىڭ ئېتىمولوگىيەلىك
مەنبەسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما يەنىلا سوئال بەلگىسى
قويۇپ قويىدۇ. بۇ سۆز چوقۇم مەلۇم بىر چەت تىلىدىن كىرگەن
سۆز بولسا كېرەك.

**sepít**: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] säpét

«گۈرۈچ» (خوتەن): [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 268 ـ بەت] sepit «گۈرۈچ». بۇنىڭ بىرىكمە سۆزى: sepitlik «شاللىق، شال ئېتىزى» (گىرىبوز): [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 6 ـ بەت] sipit «گۈرۈچ» (گىرىبوز، تامئېغىل): [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 36 ـ بەت] دە مۇنداق شەكىلدە بىرىكىپ كەلگەن: sipt mačal «پولۇ» (پايناپ). لىكوكنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى safīd «ئاق» تىن كەلگەنىكەن.

**siyäq**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] siyäq «ناچار، ئەسكى، رەزىل (ئادەم)». كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**sova**: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] sowa «پۇل»، sowa‐si nist «ئۇنىڭ پۇلى يوق»، شۇنداقلا بۇ سۆز يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرىكىپ كەلگەن: sowa dadagha «باي، پۇللۇق» (كېرىيە). [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 128 ـ بەت] sowa، so(r) ba، sorba «كۈمۈش، تەڭگە، پۇل»، sowasi nis «ئۇنىڭ پۇلى يوق» (130 ـ بەت)، sowadâ، so(r)badâ «باي، پۇللۇق» (پېللىئوت بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى dâr ـ دېگەن سۆز دەپ پەرەز قىلغان). [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 139 ـ بەت] دە بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: sovisi kämtä «ئەرزان» [سۆز مەنىسى: پۇلى كەم]؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] دە مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: sovisinī čimini «چەك، پوسۇلكا» [سۆز مەنىسى: پۇلنىڭ خېتى]. يەنە: sovuluq nimat «گىلەم» [سۆز مەنىسى: پۇللۇق كىگىز] (پايناپ): [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] sova «پۇل» (تامئېغىل، گىرىبوز). كېلىش

مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**sovut**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى] sowout «كونا، قېرى ئادەم، ياشانغان ئادەم»، sowout kas «قېرى كىشى، ياشانغان كىشى» (كېرىيە). بۇ سۆز كەڭ تارقالغان: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 257 ـ، 273 ـ بەت] sovut، soγut «starik»، sout danap «starucha». بۇ سۆز ھەم ئابدالچە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. [سىگانچە (ئىران) 1921 ـ يىلى، 288 ـ بەت] sobud «قېرى ئادەم» (ئىراننىڭ نىشاپۇردا): [Dγugi)، 1983 ـ يىلى، 136 ـ بەت] sovut، sowut، sowůt «starik».

**surux**: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] surúx «قوناق» (خوتەن): [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى، 6 ـ بەت] surux «قوناق» (تامئىبغىل، گىرىوز)، suroγäst «قوناقنىڭ نېنى، زاغرا نان»، بۇ سۆز häst «نان» دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىپ كەلگەن. سىلىشتۇرۇڭ: [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 234 ـ بەت] sôrox «قوناقنىڭ قولىقى»: لىكوك بۇ سۆزنى يېڭى پارسچىدىكى «قىزىل» مەنىسىدىكى surx، sorx گە باغلىغان. سىلىشتۇرۇڭ: [Paschto 1955 ـ يىلى، 319 ـ بەت] surxá «pšenicy urjuka، sort»: [Chaladsch 1980 ـ يىلى، 232 ـ بەت] zurůd, zurůt «قوناق». بۇ سۆزنىڭ ئۆزى «قوناق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. šaxvan čêb [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 134 ـ بەت] chakwan «رومال، ئاياللار بېشىغا ئورايدىغان باش كىيىم» (پايناپ). سىلىشتۇرۇڭ: تاجىكچە [Tadschik 1954 ـ يىلى، 461 ـ بەت] šoxband «verëvka، privjaz، kotoroj za prizjazvajut skot».

**šâk**: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت] šâk «دۆت»

(كىرىيە). لىكىن يېڭى پارسچىدىكى «مەغرۇر، تەكەببۇر، هاكاۋۇر» دېگەن سۆزنى بۇنىڭ كېلىش مەنبەسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ (ئەمما، سوئال بەلگىسى قويۇپ قويىدۇ). سېلىشتۇرۇڭ: [Jazguljam1971 ـ يىلى، 323 ـ بەت]xak «vlaga، syrost، nyj vla، syroj».

šaša: [جاڭ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 264 ـ بەت] šaša «سۈيدۈك» (گىربوز). ئىملىق سۆز. سېلىشتۇرۇڭ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 274 ـ بەت] šaušau، šoušou «mo it'sja»، شۇنداقلا يەنە لۇلى [Luli] چىدە: širšir، šeršer [Ishkashim 1959 ـ يىلى، 236 ـ بەت] šôšê kän «سۇ قىلماق، سۈيۈقلاندۇرماق». 235 ـ بەتتە: ـšar šara «vodopad» : [Shugnan 1960 ـ يىلى، 234 ـ بەت] ـšar šarâ «šum vodopada». بۇ سۆز ئەڭ ئاخىرىدا ئەرەبچە كۆكتىن كېلىپچىققان ئىملىق سۆز šar-šar «pissoter» غا بېرىپ تاقىشىدۇ [Dozy 1927 ـ يىلى، 1 ـ توم، 745 ـ بەت].

šildirig: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 151 ـ بەت] šildirig «ۋېلىسىپىت» : [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] (پايناپ).

šinädla ـ: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت]chinedlamak «ئېلىپ كەلمەك، بەرمەك، كۆرسەتمەك» (كىرىيە): [جاڭ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 276 ـ بەت] ـšinitla «ئولتۇرماق»، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: šinitlap tur «بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇر» [سۆز مەنىسى: ئولتۇرماق ـ قويماق، قويماق ـ قويماق] (گىربوز). گىرېناردنىڭ پىكرىچە، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى čin kardan «يىغماق، توپلىماق» تىن كەلگەنىكەن. ئەمما، بۇ يەردىكى

سۆز بېشىدا كەلگەن š نى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟.
بەلكىم بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكى nišîn «ئولتۇرغان» دىن
كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**šip**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 133 ـ بەت] šip
«قوشۇق، چۆمۈچ» (پاينىاپ). سىلىشتۇرۇڭ: [Shugnan
1960 ـ يىلى، 124 ـ بەت] čib، ibâk ساريكولچە [ Sarikol
1971 ـ يىلى، 40 ـ بەت] čib، [Bartang 1960 ـ يىلى 95 ـ
بەت] čêb، [Pascht 1950 ـ يىلى، 333 ـ بەت] šïpïy ،
[Paschto 1955 ـ يىلى ، 348 ـ بەت] šipäy «ložka».

**šir, šira**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 128 ـ بەت] chira
«چاي»، chira khoroum «چاي ئىچمەك»، 134 ـ بەتتە:
chiratchiz «چۆگۈن شەكلىدە ياسالغان چاي چەينىكى»
(پايناپ)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] šir
«چاي»، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكمىپ كەلگەن: šir čiz «چايدان»
[سۆز مەنىسى: چاي نەرسە]. ئەمما 36 ـ بەتتە: širä «چاي» دەپ
خاتىرىلەنگەن. جۈملىدە مۇنداق كەلگەن: yäk qetim širä
dada qïlduq «ئاۋۋال چاي ئەكەلدۇق» (پايناپ). بۇ سۆزنىڭ
كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**šumul**: [گىرېنارد، 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] choumoul
«يېمەكلىك» (كىبرىيە)؛ [ لىكوك ، 1906 ـ يىلى، 223 ـ
بەت] šumúl «بوغداينىڭ دېنى، ئاشلىق زىرائەت» (خوتەن)؛
[جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 266 ـ بەت]
šumul «غىزا»، بۇ سۆزدىن ياسالغان سۆز (268 ـ بەت): šumul
päz «ئاشپەز» (گىربوز)؛ [شېرىپجان قاسىم 1981 ـ يىلى،
6 ـ بەت] šomul «غىزا» (گىربوز، تامئېغىل)؛ [ئوتتو
لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] šumul

«غىزا، يېمەكلىك»، بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: ap šomul «سۈيۇقئاش» (تامئىغىل، گىربوز). بۇ سۆز كەڭ تارقالغان: لولى [Luli 1893 ـ يىلى، 313 ـ بەت] šamoul «يېمەكلىك»؛ [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 273 ـ بەت] šambul، šamul «پولۇ». بۇ سۆز يەنە باشقا تىللاردىمۇ ئۇچرايدۇ: [Džugi)، 1983 ـ يىلى، 136 ـ بەت] šamul, šamůl, šamo «پولۇ». ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تىللاردا بۇ سۆز ئۇچرايدۇ. [سىگانچە Zigeun (ئىران) 1902 ـ يىلى، 348 ـ بەت]، ishmolí dam «يېمەك [يېمەكلىك]»؛ [Bosworth 1976 ـ يىلى، I ـ توم، 163 ـ، 281 ـ بەت] šamûl «نان»؛ [Zigeunerarabisch 1920 ـ يىلى، 77 ـ بەت].

**tahât**: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت] tahát «مەسچىت». بۇ سۆزنىڭ مىسال جۈملىسى مۇنداق: tahát qïlïli «نامازئوقۇيلى، بىز ئىبادەت قىلايلى» (خوتەن). ئېنىقكى، بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى táat «بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ سۆزنىڭ «مەسچىت» دېگەن مەنىسى توغرىسىدا بىرنەرسە دېمەك تەس.

**taŋlo**: [گىرىنارد، 1893 ـ يىلى، 314 ـ بەت] tanglo «قولاق» (كىرىيە)؛ [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت] tïngluŋó, tïnglaγó «قولاق» (خوتەن). پېللىئوتنىڭ دېيىشىچە، بۇ سۆزنى پايناپتا ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. لىكوك بۇ سۆزنى تۈركچىدىكى tïnglamaq «تىڭشىماق» تىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

**tämbit (I)**: [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 222 ـ بەت] tämbit «ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان خۇرجۇن» (خوتەن)؛ [ئوتتۇ لادشىتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] tämbit «خالتا،

خۇرجۇن، دۈمبىسىگە ئارتىلغان سومكا» (تامئىبغىل، گىربوز). لىكوك بۇ سۆزنى يېگى پارسچىدىكى tanîdan «توقماق» بىلەن باغلىماقچى بولغان. كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.
(II) tämbit: [ئوتتو لادشىتەتتىر، ئاندرىياس تىتىسى، 1986 ـ يىلى] tämbit «ئوۋ، شىكار» (گىربوز). بەلكىم بۇ سۆز خاتا يېزىلىپ (ئاكلىنىپ) قالغان بولۇشى مۇمكىن.
tästä: [مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 144 ـ بەت] بۇ سۆز مۇنداق بىرىكمە كەلگەن: tästä qïldï «ئۇ قورقتى\قوقتى» (پايناپ). مۇتەللىپ سىدىق بۇ سۆز يېگى پارسچىدىكى tarsîdan «قورقماق\قوقماق» تىن كېلىپچىققان دەپ قارىغان.
سېلىشتۇرۇڭ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 274 ـ بەت] tarsolamoq «bojat'sja ،ispugat'sja».
tiriŋči: [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] tiriŋči «سازچى» (پايناپ). بۇ بىر ئىملىق سۆز.
سېلىشتۇرۇڭ: [Kavol 1983 ـ يىلى، 88 ـ بەت]turang «rubl ،den'gi». ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: ئورانىسكىي: كاپىرنىگان تىلىدىكى trang «تىرىڭ ـ تىرىڭ ئاۋاز چىقارماق، (moneta ،zvonkaja ،zvon).
tivä: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 134 ـ بەت] tevar «ئوتىغۇچ، بەلچە» (پايناپ)؛ [لىكوك، 1906 ـ يىلى، 223 ـ بەت]täbär «ئوتىغۇچ، بەلچە» (خوتەن)؛ [مۇتەللىپ سىدىق، 1985 ـ يىلى، 31 ـ بەت] tivä «ئوتىغۇچ، بەلچە». بۇ سۆزدىن ھاسىل بولغان ياسالما سۆز: tiväči «ئەمگەكچى» [سۆز مەنىسى: كەتمەنچى]. 33 ـ بەتتە بۇ سۆز بىلەن كەلگەن بىرىكمە: tivä kovlidi «ئەمگەك قىلدى». شۇنداقلا يەنە

[مۇتەللىپ سىدىق، 1983 ـ يىلى، 149 ـ بەت] دە مۇنداق بىر مىسال جۈملە كەلتۈرۈلگەن: Äxmät xaynidin xizlap tiväkovliγini kätti «ئەخمەت ئۆيىدىن چىقىپ، ئەمگەك قىلغىلى كەتتى» (پايناپ). بۇ يەردىكى «ئەمگەك» تەبىئىي هالدا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. Tivä دېگەن سۆز يېڭى پارسچىدىكى [1930 ـ يىلى] tabar «پالتا، كەكە ياكى جوتو» غا تۇتىشىدۇ. شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بولغان [Bartang 1960 ـ يىلى 159 ـ بەت] دە tavar، [Shugnan 1960 ـ يىلى، 241 ـ بەت]دە tavâr. سېلىشتۇرۇڭ: [Zigeunerarabisch 1920 ـ يىلى، 81 ـ بەت] tawâr «گۈرجەك، تىشاڭ، ئوتىغۇچ».

tüt: [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 267 ـ بەت] ـ tüt، (tyt) «بەزمەك». ئەمما 274 ـ بەتتە: tütlä ۋە 269 ـ بەتتە بۇ سۆز مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: čiz tütlä «ياردەم بەرمەك» [سۆز مەنىسى: بىر نەرسە بەرمەك] (گىربوز). كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

ün: [جاۋ شياڭرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 275 ـ بەت] ün «بىر يەردىن چىقماق، پەيدا بولماق». بۇ سۆزدىن ياسالغان مەجبۇر پېئىل شەكلى: ündür «پەيدا قىل، بىردىن چىق، بىر يەردىن چىقار»، شۇنداقلا 276 ـ بەتتە مۇنداق بىرىكىپ كەلگەن: ünüp tur «ئالاقە قىلماق، باغلىنىپ تۇرماق، قاتناپ تۇرماق» [سۆز مەنىسى: چىقىپ تۇر]. ünüp qal «چۈشۈپ قالماق، ساڭگىلاپ قالماق» [سۆز مەنىسى: چىقىپ قالماق]. 278 ـ بەتتىكى مىسال جۈملىدە بۇ سۆز مۇنداق كەلگەن: pedirim hattadin yäk saŋ atäš ündi «دادام بازاردىن بىر چاقماق تېشى ئەپكەپتۇ». Zän eyidin yäk sär_taraš ündi.

خوتەندىن بىر ساتىراش كەلدى» (گىربوز). بۇ سۆزنى بەلكىم يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل ün «پەيدا بولماق، ئۈنمەك، ئۆسمەك» نىڭ ئابدالاردا زاغرا تىل بويىچە قوللىنىشىدىن هاسىل بولغان سۆز دەپ قاراش مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، بۇ سۆزنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ: [ئابدال تىلى (Abdoltili)، 1945 ـ يىلى، 270 ـ بەت] enmoq، emmoq «vsjat، brat، sxvatit، polučit». بۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ كەلگەن بىرىكمە سۆز: olmuq en «kupit»، enip kelme «prinost»، enip ketmoq «unosit»، «otločit»، eniq quymoq «ukrast».

**utoči**: [ئوتتو لادشتەتتىر، ئاندرىياس تىتسى، 1986 ـ يىلى] utoči «مال دوختۇرى» (گىربوز). بۇ بىر قەدىمكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە بولغان سۆز (Clauson 44 ـ بەت، Sevortjan 1 ـ توم، 482 ـ بەت). بۇ سۆز يېڭى ئۇيغۇرچىدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

**yasuroq**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 134 ـ بەت]yasuroq «يۇمىلاق شەكىللىك ياستۇق، تەكيې» (پايناپ). بۇ سۆز بەلكىم يېڭى ئۇيغۇرچىدىكى yastuq، yassuq «ياستۇق» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، يەنى: suq ـ ‎<‎ *surq ـ ‎<‎ suroq ـ.

**yotla**: [جاۋ شياگرۇ، هاشىم تۇردى، 1976 ـ يىلى، 274 ـ بەت] yotla «يۇماق» (گىربوز). كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**zil**: [پېللىئوت، 1906 ـ يىلى، 126 ـ بەت] zil «ئىگەر». zil dâkhlamâk «ئاتنى \ئېشەكنى ئېگەرلىمەك» (پايناپ). پېللىئوتنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سۆز يېڭى پارسچىدىكىzîn «ئېگەر» دىن كەلگەنىكەن.

# خاتىمە

شىنجاڭدىكى ئابداللار شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلاردا شەكىللەنگەن، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئاساس قىلغان بىر ئىجتىمائىي توپ بولۇپ، مەزكۇر رايوندىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى ۋە يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ مەھسۇلى، ھەرگىزمۇ مۇستەقىل بولغان مىللەت گەۋدىسى ئەمەس.

بىز مەزكۇر تېما ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، مەزكۇر كىشىلەر توپىنىڭ ئېتنىك كېلىپچىقىشى، ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت، ئاتالمىش «ئەبجەش تىلى»، شۇنداقلا باشقا ئىرقىي تىپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىنچىكە ئانالىز قىلىش، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىقى، مىللەتشۇناسلىق، تارىخ تىلشۇناسلىق، جەمئىيەت تارىخشۇناسلىقى ۋە فولكلور قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل مىللەت گەۋدىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا بۇ خىل شەرت - شارائىتلارنى ئەسلا ھازىرلىمىغانلىقىنى، بۇ توغرىدا زورۇقۇشلارنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىغىمۇ

ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. ھازىر مىللەتكە تەبىر بەرگەندە ئىلىم ساھەسىدە يەنىلا ئىستالىننىڭ مىللەت نەزەرىيەسى كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، «مىللەت ــ ئادەملەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت تۇزۇلۇشى ئومۇملۇقى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىرلىكى»[①] بولغانىكەن، ئابدالاردىن ئىبارەت بۇ كىشىلەر توپى ھەرگىزمۇ يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەزكۇر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر قىسىم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان «ئەبجەش تىلى» ۋە مەزكۇر «تىل» نىڭ ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن 400 گە يېقىن لېكسىكىسى ھەرگىزمۇ مۇستەقىل بىر تىل سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، مەنە ئاڭلىتالمايدۇ. بۇ خىل ئەبجەش «تىل» نىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا ئەتراپلىق كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ توختاۋسىز ئېقىپ يۇرۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئىرق، مىللەت ۋە قەبىلە (族群) ئىنسانلاردىكى پەرقنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، بۇ ئۈچى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەتمۇ ھەم پەرقمۇ مەۋجۇت. ئىرق (race) ئاساسلىقى

① لادېشېڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى دەرسلىكى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 55 - بەت.

بىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىنسانلارنىڭ پەرقىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، مىللەت بىلەن قەبىلە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئىنسانلارنىڭ پەرقىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ[1]. مەزكۇر نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىغان ئابداللارغا قارىتا ئورگانىزم ئانتروپولوگىيەسى نۇقتىسىدىن تەتقىقات يۈگۈزۈشنى زۆرۈر دەپ قارىمايمىز.

ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشىنى ئېفتالىت قاتارلىق قەدىمكى مىللەت گەۋدىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام مۇجاھىتلىرىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشلەرمۇ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، ئابداللارنىڭ ئاتا - بوۋىسى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئورتاق تېررىتورىيەدە شەكىللەنگەن مىللەت گەۋدىسى ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان ئورۇنلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق بولغان ئېتىقات چۈشەنچىسى ۋە ئىنتىلىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي گۇرۇھتىن ئىبارەت. ئېفتالىتلارنىڭ غەرب مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن مىللەت ناملىرىدىن بىرى بولغان Abdal بىلەن شىنجاڭ ئابداللىرىنىڭ نامىنى بىر مەنبەدىن ئىزدەشنىڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلىرى يېتەرسىز.

ئابداللارنىڭ ئۆزاق مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىك تۇرمۇشى كىشىلەرگە بىر خىل سىرلىق تۈس بەرگەنلىكتىن، مەزكۇر تەتقىقاتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئابداللارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش

---

① 张实著：《体质人类学》，云南大学出版社 2003 年版，第 179 页。

كارتىنىسىنى ئىلىم ساھەسىگە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم. ئەمما، مېنىڭ تەتقىقاتىم مەزكۇر ساھەگە بېغىشلانغان تەتقىقاتلارنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئەمەس. ئىقتىدارىم ۋە ۋاقىت چەكلىك بولغانلىقتىن تەتقىقاتىمدا كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر پېقىرنىڭ تەتقىقاتى مەزكۇر ساھەگە قىزىقىدىغان كىشىلەرگە مۇناسىپ نەپ بېرەلىسە ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدە ئۇزۇندىن بۇيان بىلىشنى ئارزۇ قىلغان سوئاللىرىنى قانائەتلەندۇرەلىسە مېنىڭ مۇددىئايىم ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

**1. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ماتېرىياللار:**

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىيە» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مۇھەممەد سادىق كاشغەريى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مۇھەممەد ئاتىق: «قەشقەر تارىخى»، 1998 ـ يىلى ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى (بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى 1882 ـ يىلى نەشر قىلىنغان).

موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1992 ـ يىلى.

موللا نىياز خوتەنى: «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «بۇلاق» 1984 ـ يىلى (ئومۇمىي 11 ـ سان).

مىرسۇلتان ئوسمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.
«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
«لوپ ناھىيەسى تەزكىرىسى»، 1986 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە. لوپ ناھىيە تەزكىرە كومىتېتى باستۇرغان.
جاۋ شياڭرۇ، ھاشىم تۇردى: «ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 2 ـ سان.
مۇتەللىپ سىدىق: «پايناپ، شەيخلەر ۋە شەيخلەر تىلى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 4 ـ سان.
مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 2 ـ سان.
مۇتەللىپ سىدىق: «شەيخلەر ۋە پاتچىيىم مازىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە 1988 ـ يىلى 3 ـ سان.
ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە.
شېرىپجان قاسىم: «خوتەندىكى ئابداللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە.

ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى.

لادىشېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى دەرسلىكى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

### 2. خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى ماتېرىياللار:

（明）陈诚著：《西域行程记·西域番国志》，中华书局 1991 年版。

《中国伊斯兰百科全书》，四川辞书出版社 1996 年版，第 45 页。

《中亚文明史》，卷三，中国对外翻译公司、联合国教科文组织 2003 年版。

余太山著：《嚈哒史研究》，齐鲁书社出版发行，1986 年版。

韩中义著：《西域苏非主义研究》，中国社会科学出版社 2008 年版。

M. W. 麦高文著：《中亚古国史》，中华书局 2004 年版。

[埃及]艾哈迈德·爱敏著：《阿拉伯 - - 伊斯兰文化史》，第八册，商务印书馆 2007 年版。

张文德著：《中亚苏非主义史》，中国社会科学出版社，2002 年版。

钱伯泉著：《关于嚈哒族源问题的新探索》，《西北民族研究》2003 年 1 期。

《北史·西域传》卷 97。

（清）永贵撰，苏尔德补：《回疆志》卷二，衣冠条，乾隆刊本。

《回疆杂记》（一），光绪铅印本。

《西域闻见录》，卷七，风俗条。

椿园七十一著：《西域闻见录》，卷七，杂录条，乾隆刊本。

椿园七十一著：《新疆与图风土考》，卷二，温度斯坦条，光绪刻本。

钱伯泉著：《维吾尔族的族源及其先民的西迁》，《西域研究》1996 年第 3 期。

王云龙著：《吉卜赛人》，东方出版社 2008 年版。

赵相如，阿西木·吐尔迪著：《艾努语的数词》，《民族语文》1981 年第 2 期。

赵相如，阿西木·吐尔迪著：《新疆艾努人的语言》，《语言研究》1982 年第 1 期。

艾力·吾甫尔著：《新疆阿布达里人的名称问题》，《西域研究》2005 年第 2 期；《新疆阿布达里人的渊源考》，《西域研究》2006 年第 3 期；《新疆阿布达里人起源新考》，《北方民族大学学报》2014 年第 1 期。

牛汝极著：《阿尔泰文化与文明西域》，新疆大学出版社 2003 年版。

沈苇著：《喀什噶尔》，青岛出版社 2008 年版。

肯尼恩·麦克利什（英）主编：《人类思想的主要观点》，新华出版社 2004 年版。

菲奥纳·鲍伊[英] 著：《宗教人类学导论》，中国人民

大学出版社，2006年版。

周明甫著：《中国少数民族文化简论》，民族出版社2006年版。

张实著：《体质人类学》，云南大学出版社，2003年版。

### 3. چەت ئەل تىلدىكى ماتېرىياللار:

F. Grenard: J. L. *Dutreuil De Rhins Mission scientifique dans la Haute Asie* 1890 — 1895. Deuxieme partie: *Le Turkestan et le Tibet*. Etude ethnographique et sociologique, Paris 1898.

Paul Pelliot: *Les Abdal de Païnap*, in: *Journal Asiatique*, Dixième Série. Tome IX. Paris 1907.

Albert von Le Coq: *Die Abdal*, in: Baessler-Arechiv, Leipzig-Berlin 1911.

C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940.

Kaarlo Hilden: *The Abdals in Eastern Turkistan from an Anthropological Point of View*, in *Journal of the Royal Central Asia Society*, Vol. XXXVI, January 1949, PartI.

Kaarlo Hilden: *A Contribution to the Physical Anthropology of some Peoples in Central Asia*, based on Records collected by C. G. Mannerheim, in: C. G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940.

G. Raquette: *Collection of Manuscipts from Eastern Turkistan — An Account of the Contents*, in C. G. Mannerheim:

op. cit. (14), Band I.

G. Raquette: *Muhammeds Religion—Ett Tvärsnit genom Islams Politiska och Religiösa Liv fram till vara dagar*, Stockholm 1935.

M. Aurel Stein: *Ruins of the Desert Cathay, Personal Narrative of Explorations in Central Asia and Westernmost China*, London 1912(Reprint New York 1968), Band 1.

Ella and Percy Sykes: *Through Desert and Oases of Central Asia*, London 1920.

Otto Ladstätter, Andreas Tietze: *Die Abdal(Äynu)in Xinjiang*, Österreichischen Akademie Der Wissenschaften, Wien 1994.

Tooru Hayasi, Sabit Rozi, Tayirjan Muhammad, Wangjianxin: *A Ŝäyhil Vocabulary-A preliminary Report of Linguistic Research in Ŝäyhil village, Suothwestern Xinjiang*. Published by Kyoto University, 1999.

*Report of a Mission to Yarkund in 1873 under Command of Sir. T.D. Forstyh*, Calcutta 1875; and also see: R. Shaw: *Visit to High Tatary, Yarkand and Kashgar*. London 1971.

Al-Jami, *Nafahāt al-Uns Min Hadarāt al-Qudus*, ed. By M. Abidi, Tehran, 1992.

by Micha F. Lindemans, *Encyclopedia Mythica*, 2004. http://en.wikipedia.org/wiki/Abdal.

Meher Baba, *Different States of Aspirants*, Copyright 1980. www.meher.info.

Dr.Ahmet Karamustafa: *God's Unruly Friends: dervish groups in the Islamic Later Middle Period 1200- 1500.* Salt Lake City, University of Utah Press, 1994.

Gülçiçek, A. D. (2004): *Abdallar.*

http://www.hbektas.gazi.edu.tr/Dergi/Gülçiçek.htm. also see: *Sbard* Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 – 626

Doç. Dr. Ejder Okumuş: *Türkiye'de Marjinal bir Grup Olarak Abdallar* , Sbard Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 – 626.

L. Bevan Jones, *The People of the Mosque, Printed at Puntsman Doriwalan,* London, 1932. also see: *Dictionary of Islam,* P1.

http://en.wikipedia.org/wiki/Dervish

Masayoshi Shibatani: *The Language of Japan — Ainu-English Word List,*Cambridge University Press, 1990, ISBN 052136070.

*Turkmen Sovet Encilopediyasi,* I, 8Bde., Ashhabad 1974-1984.

Zeki Velidi Toγan: *Eftalit Devletini Teškil Eden Kabilelere Dair,* Fen-Edibiyat Fakültesi Araštirma Dergisi, Bd13, Erzurum 1985.

W. Barthold: *Bughrakhan, Encyclopedia of Islam,* 1. (1913), P893.

Selin Ceyhan: *A Case Study of Gypsy/Roma Identity Construction in Edirne,* A Thesis Submitted to the Graduate School of Social Sciences of Middle East Technical University, 2003.

Riza Yildirim: *Dervishes in Early Ottoman Society and Politics: A Study of Velayetnames as a Source for History*, Ankara September 2001.

C .G. Mannerheim: *Across Asia from West to East in 1906-1908*, Helsinki 1940.

Beyhan Karamagahali: *The Order and Convent art from XlIIth to xvr1ı*, Centuries in Anatolia, Istanbul.

Irene Melikoff: *Ahmet Yesevi and Turkic Popular Islam*, Utrecht papers on Central Asia VI(2003)No.8.

Irene Markoff: *Origins and Parallels with Turkish Bektashis and Tahtacis*, Conference on music in the world of Islam, Assilah, 8-13 August 2007.

Masataka Takeshita: *Sadr Al-din Al-Qunawi as Seen From a Mevlevi Point of View*, University of Tokyo.

Dr. Ejder Okumuş: *Türkiye'de Marjinal bir Grup Olarak Abdallar* , SBARD, Eylül 2005, Sayı 6, sh. 593 — 626.

图书在版编目（CIP）数据

新疆阿布达里聚落研究 / 艾力·吾甫尔著. 一乌鲁木齐 ：新疆大学出版社，2014.9
ISBN 978-7-5631-2763-4

Ⅰ. ①新… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①部落－民族文化－研究－新疆－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K280.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 218448 号

责任编辑：艾尼瓦尔·玉素甫
责任校对：阿不都热依木·阿不力米提
封面设计：买买提吐孙·阿布力米提

# 新疆阿布达里聚落研究

艾力·吾甫尔　著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 666 号　邮政编码：830046）
新华书店经销
北京顺诚彩色印刷有限公司印刷
开本：880 毫米×1230 毫米　1/32　10.25 印张
2014 年 9 月第 1 版　2016 年 1 月第 1 次印刷
ISBN 978-7-5631-2763-4
定价：40.00 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇھەممەتتۇرسۇن ئابلىمىت



ISBN 978-7-5631-2763-4

باھاسى: 40.00 يۈەن